# تارىم

8

1988

«قارامايلىقلار» فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار



# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

8

1988

38-يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

تېيىپجان ئېلىيېپ

# ئون شېئىر

## ئەزرائىل ئالدىدا

كەلگەن ئىدى ئۈندەرگەندەك،
ئەزرائىل ماڭا سوزۇپ قولىنى.
شۇ هامان پەن ماڭا بولۇشۇپ،
توسۇپ قويدى ئۇنىڭ يولىنى.

شۇندا هاڭ-تاڭ بولۇپ سولاشقان
ئەزرائىلنىڭ تۇرقىغا قاراپ.
ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى
قىلىۋالدىم چاقچاققا ئوراپ.

ئەزرائىل،
قۇرۇق قايتىمەنمۇ دەپ،
كېتىشكە ئانچە رايىڭ بارمىدى.
ئەپ كەتمە دېسەم،
قورقتى دېمىگىن،
مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار ئىدى.

ئەزرائىل،
قۇرۇق قايتىمەنمۇ دەپ،
كۆڭلۈڭنى غەش قىلما ئانچىلىك.
ئېلىپ كېتىسەن بەرىبىر مېنى،
كەلمەي تۇر، مەن ئالجىغىچىلىك.

كەلمەي تۇر، مەن ئالجىغىچىلىك —
دېسەم، كۈلۈپ قارايسەن ماڭا.
ئالجىغانلار ۋەدىگە ئەمەل —
قىلمايدىغىنى ئېنىقمۇ ساڭا؟

ئەنسىرەيمەن،
مەنمۇ ئالجىسام،
نوھ ئۆمرىنى تىلەرمەنمىكىن.
ئۆزۈمنىمۇ كۈلكىگە قويۇپ،
ئۆزگىنى بىزار قىلارمەنمىكىن.

هوشۇم بارىدا،
يۇرتىنىڭ ئالدىدا،
سەندىن ئۆتۈنۈپ،
جاكالاي شۇنى:
قاچان ئالجىش ئالامەتلىرى
كۆرۈلگەن هامان ئېلىپ كەت مېنى.

1988-يىل، يانۋار-فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## يۈرەك ياشلىرى

(ئانامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە)

كەتكەنلەرغۇ كېلەر بىر كۈنى،
كەلمەيدىكەن كەتمەنلىگەنلەر.

(ئاتىلار سۆزى)

كۆپتىن بېرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ،
ئۆتەر ئىدى غەشلىكتە كۈنۈم.
بۈگۈن مانا شۇم خەۋەر كېلىپ،
چۈشۈپ كەتتى ئىچىمگە ئۈنۈم.

تامدى مونچاق - مونچاق ياشلىرىم،
كۆزدىن ئەمەس،
يۈرەكتىن تامدى.
تۈنۈگۈنلا بار ئىدى ئانام،
مەڭگۈ ئايرىلىپ قايتمەن ئەمدى.

*　*

ئانا،
شۇنداق يەرگە كېتىپسىز،
«ئانا» دېسەم،
«ھە» دېمەيدىغان.
مەن قالدىم بەك ئېغىر ئازابقا،
ئەسلەپ، تولغىنىپ ھەسرەت يەيدىغان.

باغرىڭىزدا تۆرەلدىم، ئۆستۈم
مەن پۈشتىڭىز —
يۈرەك پارىڭىز.
مۇشتەك گۆشنى ئادەم قىلغۇچە
كەتتى قانچە كۈچ - مادارىڭىز؟

قورۇقلىرىڭىز —
ئىزى ئەمەسمۇ
پەرزەنت ئۈچۈن چەككەن جاپانىڭ.
سۈتىڭىزدەك ئاپئاق چېچىڭىز
ئاق گۈلغۇ مېھرۇ ۋاپانىڭ.

قانمىغاندەك، ئانا، سىز ماڭا،
قانمىغانىدىم مېھرىڭىزگە مەن.
مىڭ - مىڭ ئەپسۇس،
تېگىشلىك بەدەل
تۆلىيەلمىدىم ئەجرىڭىزگە مەن.

تامدۇرماسمىدىم ئاغزىڭىزغا سۇ
بولغان بولسام قېشىڭىزدا مەن.
بەرمەسمىدىم مەنمۇ تەسەللى،
«ياسىن» ئوقۇپ بېشىڭىزدا مەن.

ھەقدار تۇرۇپ ئاڭلىيالمىدىم
رازىلىق بەرگەن ئاۋازىڭىزنى.
چىقالمىدىم تۇپراق بېشىغا،
كۆتۈرۈپ، ئانا، جىنازىڭىزنى.

ئېلىپ كىرگەندە لەھەت ئىچىگە،
مۇردىڭىزنى ئۇشلىيالمىدىم.
يەتتە قېرىنداش قاتارىدا مەن
بىر كەتمەن توپا تاشلىيالمىدىم.

ھازىدار ئادەم،
ھەرقانچە بولسا،
يىغلاپ - يىغلاپ قالاتتى يەسلەپ.
بىراق ھەسرەتتىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم،
تىرىك ئايرىلغان كۈنلەرنى ئەسلەپ.

بۇ ھەسرەتنى كىمدىن كۆرىمەن،
بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالىمەن؟
«تەقدىر شۇنداق»قا كۆنگەچكە مەنمۇ،
شۇنداق دېمەي،
قانداق قىلىمەن...

1988 - يىل، فېۋرال - مارت، ئۈرۈمچى.

## ھاسا ھەم قەلەم

(باجىن ئاقساقالنى يوقلاپ بارغىنىمدا)

قالسىمۇ ھاسىغا چۈشۈپ،
ۋە لېكىن
چۈشمەپتۇ قولىدىن قەلىمى تېخى.
بۇ قەلەم ھاسىدىن قىسقا بولسىمۇ،
ئۇزۇندۇر ھاسىدىن قەدىناسلىقى.

ھاسا ئىزىنىڭ ئۆچمىكى ئاسان،
ئۆچمەس قەلىمىنىڭ ئىزى ھېچقاچان.

1983 - يىل، 6 - ئاپرېل، شاڭخەي.

## خوڭ شىيۇچۈەن سۈرىتى ئالدىدا

خوڭ شىيۇچۈەن سۈرىتى ئالدىغا كېلىپ،
ئىختىيارسىز تۇرۇپ قالدىم تىكىلىپ.
مۇڭداشتىم ئىسيانكار ئەجدادلار بىلەن،
تەيپىنەم دەۋرىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

قانچىلىك تىكىلىپ قارىغانسېرى،
سۆيۈنىمەن شۇنچە ئۇلۇغ باتۇرغا.
سۆيۈنىمەن شۇنچە،
نېمە ئۈچۈندۇر،
ئوخشىتىپ كۆزىنى بوۋام سادىرغا.

كۆردۈم مەن گويا ئۇنىڭ كۆزىدىن
قەلبىنىڭ يوقسۇلغا چەكسىز مېھرىنى.
كۆردۈم ئاتقىنىنى مۇدھىش ئوردىغا
جەملەپ كۆرمىگىلىغان دەردمەن قەھرىنى.

كىرگەندەك بولدۇ قۇلىقىمغىمۇ
شۇ چاغدىكى ئەزىم چاڭجياڭ شاۋقۇنى.
شاۋۇلدايدۇ ئاڭا ئاھاڭداش بولۇپ
چوڭ كۆرەنى سوققان ئىلى دولقۇنى①.

شۇندا تىنىغ كۆتۈرگەن ئىلى بويىدا
«كەتمەنگە تۆرىلىپ قالغان» بارچە جان.
چۈنكى «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل»دەستىدىن②،
بىر مەلىدە ئاران قالغان بىر قازان③.

خوڭ شىيۇچۈەن ئەنجىگە قىلغاندا يۈرۈش،
سادىر سېپىل تېشىپ تاغقا يول ئالدى.
جاڭجۇن يامۇلىغا ئوت قويغاندا ئۇ،
خوڭ شىيۇچۈەننىڭ چوقۇم روھى قوۋاندى.

خوڭ شىيۇچۈەنگە ئوخشاش سادىر بوۋاممۇ
«ئاسىي»دەپ نام ئالغان، يۈز ئۆرۈپ خاندىن.
چۈنكى خان بەرمىگەن ئازادلىق ئۈچۈن،
رازى ئىدى ئۇلار كېچىشكە جاندىن.

خوڭ شىيۇچۈەنگە ئورتاق سادىر قايغۇسى،
سادىرغىمۇ ۋەتەن ئۇنىڭ ۋەتىنى.
«قالپاق، جوڭزا كىيگەن»غالجىرلار بىلەن④
قوشۇلمايدۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ قېنى.

* *

خوڭ شىيۇچۈەن سۈرىتى ئالدىغا كېلىپ،
سادىرنى ئەسلىسەم،
دوق قىلماڭ ماڭا.
ئىككىسىگە ئورتاق شەرەپ ئۆزگىچە،
شېرىك بولالمايدۇ زوزۇڭتاڭ ئاڭا.

1988 - يىل، ئاپرېل.

## كەشتىچى قىزلارنىڭ قولىغا قاراپ

بىر ئۆيگە كىرىشىدۇق ھاردۇق يېتىپ،
ئىككى قىز ئولتۇرۇپتۇ كەشتە تىكىپ.
بېزەيتتى مەشۇت يىپتا ئاق شايىنى،
گۈل چېكىپ—چېچەك چېكىپ، ياپراق چېكىپ.

بارغانچە ئاشۇ سىيدام ئاق شايىسى
تۈردى - دە، گۈل - ياپراققا قاپلانغىلى.
چىقاردى ھاردۇقىمنى ھوزۇر بېرىپ،
ئەسلىتىپ گۈلزارنى شۇ ياپراق - گۈلى.

تاماشا قىلىپ ھەيرەت — تەئەججۇپتە
كەشتىچى قىزلارنىڭ قول سەنئىتىنى.
«قولدىن گۈل ئۈنىدۇ» دېگەن گەپنىڭ
كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم سۈرىتىنى.

1988 - يىل، 11 - ئاپرېل، سوجۇ - تەيخۇ.

## لۇشۈن ھەيكىلى

دېدىكى بىرسى:
لۇشۈن ياندۇرغانىغۇ
يېڭىچە مەدەنىيەت مەشئىلىنى؛
نېمىشقا ھەر شەھەردە تىكلىمىدۇق
شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەدىب ھەيكىلىنى؟

* *

بىراۋغا ھەيكەل تىكلە ھەر قەدەمدە،
يا تۇرغۇز يۈكسەك مۇنار ئاسمان-پەلەك.
تۆرىدىن جاي ئالمىسا ئەل قەلبىنىڭ،
زېمىننى بۇلغاشقۇ ئۇ،
نېمە كېرەك؟

لۇشۈن — ئۇ مىللىي روھىي مېمارىمىز،
ياسىغان ھەر دېتالنى تۈجۈپىلەپ.
بېغىشلاپ خەلق ئۈچۈن بار-يوقىنى،
قىلمىغان قىلچىلىكمۇ بەدەل تەلەپ.

لۇشۈنگە قانچە ھەيكەل تىكلىسەكمۇ
ۋە تىزساق قانچىلىك گۈلچەمبىرەكمۇ،
ئۆلچەنمەس بۇ نەرسىدە قەدرى ئۇنىڭ،
كېمەيمەس بۇ نەرسىسىز قىلچىلىكمۇ.

ئۆزىنىڭ ئۆلمەس روھىي ھەيكىلىنى
تىكلىگەن قەلبىمىزدە، تىرىكىدە.
مۇزېيدا ئۇ ھەرىكەتسىز تۇرغان بىلەن،
ياشايدۇ ئىنسانىيەت يۈرىكىدە.

1988 - يىل ئاپرېل، شاڭخەي.

## «ئۇيغۇرلارنىڭ قولى تەملىك ئىكەن»

پايتەختتە تائاملار بەس - بەسكە چۈشۈپ،
ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى كاۋاپچان.
پولۇخان تۆرەممۇ مۇنبەرگە چىقتى،
ئالغاندەك گوياكى سايلامدا كۆپ سان.
خېلىسىنى بېسىپ چۈشتى شۇ ھېسىپ،
گال ئاتلىق ئۆتكەلدىن ئۆتتۈپ تېز - چاپسان.
«ئۇيغۇرلارنىڭ قولى تەملىك ئىكەن» دەپ،
ئاغزىنى تامشىدى جىمى تەلەپچان...
چاقناپ مۇكاپاتنىڭ قوش مېداللىرى،
ياغدۇردى شىنجاڭلىق ئۈچۈن شەرەپ-شان.
شۇڭا ئۇستاملارغا ئاپىرىن ئوقۇپ،
نەزمىدىن گۈلدەستە تۇتتى تېيىپجان.

1988 - يىل، 20 - ماي، بېيجىڭ.

## ۋەسىيەتنامىنى يىرتىۋېتىمەن

ئەستاھ،
ئاتام قېرىغانسېرى
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ تولىمۇ ئەنسىز.
نەزەرىدە:
بۈگۈنكى ياشلار
بىر - بىرسىدىن يولسىز، يۈگەنسىز.

دەيدۇ ھامان:
«ئاتا بالىسى
ئاتىسىغا ئوخشىسا ھېساب.»
(بالا دېگەن قورچاقمىكىنا،
خالىغانچە قويغىلى ياساپ؟)

نەسىھەتنى كەتتى كۆپىيىپ،
ھېچ ئىشى يوق چېپىلمايدىغان.
پۈتكۈدەكمىش ۋەسىيەتنامە،
رەت قىلىشقا قىلچە يېرىنى
ئەۋلىيامۇ پېتىنمايدىغان.

*

يىللارنىڭ يىللارغا ئوخشىماسلىقى
ئەزەلدىن - ئەبەدىي قانۇنىيەتقۇ.
ئۆلچىمى بىر بولسا ئاتا - بالىنىڭ،
بولماستى بۈگۈنكى ئىنسانىيەتمۇ.

مەن ئۆتمەكچى بولسام جاھاندىن شۇنداق—
«ئۆلچەملىك ئاتا بالىسى» بولۇپ،
ئۆزۈمگە ئوخشىماي ياشىشىم كېرەك،
گوياكى بىراۋنىڭ سايىسى بولۇپ.

«بالا ئاتىسىغا قويۇپ قويغاندەك
ئوخشىسۇن» دېسە كىم،
كۈلۈپ كېتىمەن.
ئەگەر ئاتام شۇنداق ۋەسىيەت يازسا،
دەپ قوياي،
مەن ئۇنى يىرتىۋېتىمەن.

1983 - يىل، ماي، بېيجىڭ.

## سىز خەلق قەلبىدە ياشايسىز كۈلۈپ

(مەرھۇم ئابلىز مۇھەممەدى خاتىرىسىگە)

ئەمدى بىر «ئۇھ» دەي دېگىنىڭىزدە،
چاپلىشىۋالدى كېسەل ئەجەبمۇ.
داغدا قويۇپ كەتتىڭىز بىزنى،
كار قىلماي ھېچ ئىلاج - سەۋەبمۇ.

زۇلمەت ئىچىدە قىيناقتا ئۆتكەن
ياشلىقىڭىزنىڭ تەگدىن تولىسى.
تاگدىن كېيىنمۇ تارتتىڭىز يەنە،
قالغاندەك ئۇنىڭ قازا - چالىسى.

جىق تارتقان خائىن - جاسۇس دەردىنى،
ھەم بەرگەن ئىدىڭىز ئۇلارغا دەككە.
يەنە قالغىنىڭىز نېمىسى زادى،
«خائىن - جاسۇس» دېگەن تۆھمەتكە.

ئەل دەردىگە دەرمان بولۇش يولىدا،
قاقشىمىدىڭىز چېكىپ شۇنچە كۆپ زەخمەت.
بىراق ئۆلۈمدىن ئېغىر تۇيۇلدى شۇ پەيت—
راستچىللىق ئۈستىدىن كۆلگەندە تۆھمەت.

ئۆزگىنىڭ ئەمەس،
ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن
ياشايدىغىنىڭىز سېزىلگەن ھامان،
يامان ئاتلىق بولۇپ قالغان ئىدىڭىز
ئاخىرغۇ لەت بولدى تۆھمەت - بەدگۇمان.

گەرچە تۆھمەتخورلار تىرىك يۈدىسىمۇ،
لەنەت - نەپرەتكە چوقۇم كۆمۈكلۈك.
سىز خەلق قەلبىدە ياشايسىز كۈلۈپ،
چۈنكى سىز راستچىللىق كەبىي سۆيۈملۈك.

1988 - يىل، 4 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## كۆردۈم شۇنداق ھازىدارنى

كۆردۈم مۇسىبەتتە بىر ھازىدارنى،
كۆزلىرى قىزارغان،
ئاغزى ئۈمچەيگەن.
ئاھ چېكىشلىرىدىن سېزىلەر گويا،
يۈرىكى ھەممىدىن ئۇنىڭ بەك كۆيگەن.

بىراق يېقىندىلا كۆرگەنمەن ئۇنىڭ
ئاقتۇرالمىغان «ئىنكاس» خېتىنى.
ئوچۇقنى ئېيتسام،
ئاشۇ مەرھۇمنىڭ
قۇراشتۇرۇلغان «جىنايىتى»نى.

خەت ئەلپازى بىلەن بۆگۈنكى گېپى
بىر - بىرىسىگە قىلچە ئوخشىماس زادى.
تېخى ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى،
ئۇنىڭ ھۆكۈرەپ قىلغان ئاھۇ - پەريادى.

شۇڭا پەتىچىلەر بەردى تەسەللى،
بىلمەي ئۇنىڭ ھۆكۈرەپ ـ ھۆۋلىغىنىنى.
تىرىك كۆمەرمىكىن
بىلگەندە ئۇنىڭ
تىرىكلەرگە ئورا كولىغىنىنى.

1944 ـ يىل، 10 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① «چوڭ كۆرەنى سوققان ئىلى دولقۇنى» دېگەن مىسرا شۇ دەۋردە چىققان مۇنۇ قوشاققا ئىشارە:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى باسماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر
ھاشار بىلەن توسماقچى.

② «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل»ـــتەيپىڭتيەنگو قوزغىلىڭى ھارپىسىدا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئالۋان ـ سېلىقى بەكمۇ ئېغىرلاشقان. «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل»ـــشۇ چاغدا ئىلىدا جارى قىلىنغان ئالۋان ـ ياساقنىڭ گەۋدىلىك پاكىتى. ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى ھەر يىلى ئالۋان ـ ھوسۇل ئۈچۈن 32 خىل ئاشلىق تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق چىققان:

ئالۋان ـ ھوسۇلىم تولا،
قوياي دېسەم ئاشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام
تىرىكلىكتە باشىم يوق.

③ «بىر مەلىدە ئاران قالغان بىر قازان» دېگەن مىسرادا،

ئاتىلارىمىز ھالى
تەيپىنەم زامانىدا.
بىر مەلىدە بىر قازان
زالىملار زامانىدا

دېگەن قوشاق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ «قالپاق ـ جۇڭزا كىيگەن غالجىرلار»ـــ شۇ چاغدىكى ئامبال، بەگ، دوغىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە بۇنداق شېئىرمۇ بار:

قالپاق ـ جۇڭزا كىيگەنلەر،
بۇ ئالەم بەگلىرى دەرلەر.
كىتاب ھۆكمىگە مەن باقسام،
قىيامەت سەگلىرى دەرلەر.

ئىمىن ئەخمىدى

# مەغرۇر سادالار

## قارا قىز

ياش ئىدىم سۆيگۈدىن خەۋەرسىز بىر چاغ،
ئەل ئارا نامەلۇم تېخى چىرايىڭ.
«كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولىدۇ قۇلاق»
دېسە تەلپۈنەتتى ساڭا خىيالىم.
بەزەن «بۇلبۇلگويا» چۈشەتتى ئەسكە،
ئۇنى كۆرمەي سۆيگەن كىشى ئىدى كۆپ.
ۋە لېكىن كۆرۈشمەك توختىغان تەسكە،
قانچە ئەزىمەتلەر كېتىشكەن ئۆلۈپ.
«بارسا كەلمەس يول» دا دەيتتى سېنى ھەم
قورقۇش، ھەۋەس بىرگە بولاتتى پەيدا.
بىرى يۈرىكىمگە تۇشقۇزاتتى غەم،
بىرسى مېنى ساڭا قىلاتتى شەيدا.
سېلىم بىر زامانلار كۆزىگە باققان،
دەپ قېرى بوۋايلار سۆزلەيتتى گاھى.
بىز بولاتتۇق ئەسلى ئۇنىڭغا ياققان،
ئەگەر ياشلىق بەرسە سۆيگۈ ئىلاھى...
دەس تۇردۇم، ئۇزاتتى مېنى ئانا يۇرت،
يولۇمدىن قايتماسلىق بولدى قارارىم.
ئىشەنسەڭ، ئەي جانان، دەل ئاشۇ مىنۇت
ئىدىڭ سەن مېنىڭكى تۇنجى نىگارىم.
ۋە لېكىن سۆز - چۆچەك ياتىدى بىغەم،
سەن ھەقتە باشقىلار ۋايىسىدى ئۇزاق.
دېدى مەگزى قارا، بەلكى كۆڭلى ھەم،
ئاگاھ بول، ئۆمرۈڭگە قۇرمىسۇن تۇزاق.
ئۇ دائىم سايلاردا، تاغدا، قۇملاردا،
«بۇلبۇلگويا» كەبى باغلاردا ئەمەس،
ئالدىڭدا جەزىرە، قارلىق داۋانلار
جىن-شەيتان، دېۋىلەر ھەر دەم، ھەر نەپەس.
ئېھتىمال، ئۇ ئۇڭاي كۆرۈنمەس ساڭا،
ئېھتىمال، ئوردىسى تىلسىم بىر ماكان.
ئەجرە قىلماي تۇرۇپ يەتمەيسەن ئاڭا،
بۇ ئەجرە قىزىق تەر، ھەتتا ئەزىز جان...
«قارا»نىڭ گۈزەلى، «ئاق»نىڭ سەتى يوق،
بۇ قارا قىزنى دەپ ئېلىنمىسۇن باش.
ئۈستۈڭدە يانار تاغ، ئاستىڭدا سوغۇق،
بەربىر سەن ئۈچۈن بولمايدۇ يولداش...
چىن سۆيگۈ قورقمايدۇ پىتنە - پاساتتىن.
بۆركۈتمۇ بوراندا ئۇچار ساماغا.
جەسۇرلۇق ئىلھامى كەلمەيدۇ ياتتىن،
باتۇر ئەر ھەر زامان مېھمان دالاغا.
ۋەھىمە قەلبىمدە تۇغدى شىجائەت،
ئاپئاق باش تەڭرىتاغ بولدى پاناھىم.
دېدى ئۇ سېلىممۇ مۇشۇنداق كەتكەن،
سېنىمۇ ئىلكىدە ساقلار خۇدايىم،
بار قورقماي، يىقىلساڭ يەردە ياتمىسەن،
ئۇ تۇتۇق بەرمىسە، قوغلاپ بېرىپ تاپ.
گەر ئۆلسەڭ يەر ئاستى بىرگە ئاقمىسەن،
ياخشىسى، قول تۇتۇپ چۆلگە چىمەن ياپ...
ھاياجان، نىگاھىڭ مېنى قىلدى لال،
ۋاپا كەمىرىدە باغلىدىم بەلنى.
نىكاھ غايىپ بولسا نىيىتىم ھالال،
يەرگە قاراتمايمەن قەدىردان ئەلنى.
يولۇمدا ئۇچرىدى زۆھرەلەر كۆرمىڭ،
كۆزۈمنىڭ قىرىنى سالمىدىم زىنھار.
مۇشۇنداق بىر يىگىت بولىسچۇ بىزنىڭ،
دېيىشتى، قىلمىدىم يۈرمەك ئىختىيار.
قالدۇردۇم كۆپلەرنىڭ سىنەسىدە داغ،
دىلدا! مىڭ ئەلەم، قىلالمىدى گەپ.

ۋەدەمدىن يەلكەندە ئېغىرلاشتى تاغ،
پەقەت بىر سېنىلا كۆلئۈزاردىم دەپ.
بىلەمسەن، سوغلاردا چەكتىم كۆپ ئازاب،
قار كەچتىم، كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە باھار.
تەبىئەت ئەركىسى شامال شىۋىرلاپ،
مېنى قىلار ئىدى ساڭا ئىنتىزار.
بىلەمسەن تۆكۈلگەن قىزىق تېرىمدىن
ئەگىزگە ئايلاندى ئايىغىمدا مۇز.
ئۆتەڭلەر، تولۇن ئاي ماراپ رۇجەكتىن،
كۆز جىمىرلىتاتتى نۇرانە يۇلتۇز.
بىلەمسەن، قۇملۇقلار كەزدىم ياز كۈنى،
يانىمدىم يالقۇنلار ئارا سەپەردىن.
ۋۇجۇدۇم قىلچىمۇ غەمگە چۆكمىدى،
بۇ جايلاردا ئۇ يوق دېگەن خەۋەردىن.
نە يامغۇر، نە ئاپتاپ، تاپا-تەنىلەر،
ئىشقىمنى كۈچەيتتى ساڭا بىگۇمان .
بولدى قىل دېسىمۇ غەيرىي جىلۋىگەر،
توسىمدى ئەقلىمنىڭ كۆزىنى تۇمان.
بىلەتتىم بىر سېنى مەڭگۈ يار تۇتۇش
مەن ئۈچۈن ئالەمچە بەخت كانى دەپ.
بىلەتتىم جاپادا كۆڭلۈڭنى ئۇتۇش،
ئانامنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ شەرەپ-شانى دەپ.
سەن راست باغدا ئەمەس، ئىككەنسەن يەردە،
ماڭا نىشان بولدى سېلىم باسقان ئىز.
چېھرىڭگە تۇپراقتىن تۇتقاندا پەردە،
ئاخىر تاپتىم سېنى، قارا قۇمچاق قىز.
دەرۋازاڭنى قاقتىم، ئاڭلىمىدىڭ ھېچ،
دېرىزەڭنى چەكتىم، بەرمىدىڭ جاۋاب.
ئۆگزەڭگە داڭگال يوق ئۆزۈمنى ئاتتىم،
تاقىتىم تاق بولدى، يولۇڭغا قاراپ.
تۇيدۇرماي قوينۇڭغا سالدىم قولۇمنى،
نەچچە قات رومالىڭ قايرىدىم ئاستا.
ئەڭ چوڭقۇر بىر جايدىن دولقۇنلار سىڭرى
يەڭگىل تىنىنشلىرىڭ ئاڭلاندى ماڭا.
شۇڭغىچە جامالىڭ تەقەززاسىدا
ئاقتى تەرلىرىمگە قېنىم قېتىلىپ.
بولغاندا قەسرەڭگە كىرىشكە تەييار
چىقتىنىڭ يەر ئۈستىگە ئۇقتەك ئېتىلىپ.
ئاھ، مېنىڭ ئالدىمدا كۈلۈپ تۇرغان يار،
كىملەرنى مات قىلدىڭ، كىملەرنى بەربات؟
بۇگۈن ئۆز قەلبىڭنى ئەتكەندە ئىزھار،
كىملەر چەكتى پەريات، كىم بولدى پەرھات؟
قارىداپ كەتكىنىڭ كۆيۈكنىڭ دەردى،
نە سەۋەب ئۆزۈڭنى يوشۇردۇڭ مۇنچە؟
چەڭلەر ساڭا پۈتمەس ئەركىنلىك بەردى،
ئېچىل، بولۇۋەرمە ئۇياتچان غۇنچە.
ئاھ، مېنىڭ ئالدىمغا ئۇقتەك ئۇچقان يار،
ئانا يەر بۇ سۆيگۈ جېڭىڭگە گۇۋاھ.
تائەبەد ئىككىسى ھەمنەپەس ياشار،
دەپ زېمىن ھەر تاڭدا قىلىدۇ دۇئا.
ئاھ، مېنى جاھانغا جاكالىغان يار،
تەڭرىتاغ بەرناسى، ئانامنىڭ پەخرى.
سەن بىلەن يۈيۈلدى بارچە نومۇس-ئار،
كۆمپەيكۆم بولدى ھەم پىتنىلەر قەھرى.
كىم مېنى يارى يوق، قەلەندەر دەيدۇ،
«بۇلبۇلگويا» سەندىن بولمايدۇ بۆلەك.
كىم مېنى بىر كەتسە كەلمەيدۇ دەيدۇ،
كېلىش-كەلمەسلىكنى تاللايدۇ يۈرەك.
مېنى چىرمىۋالدى قارا چاچلىرىڭ،
لەھەڭدەك ئۈزىمەن كۆكسۈڭدە ھەر ئان.
ئەل ئۈچۈن زەمزەمدۇر مارجان ياشلىرىڭ،
جېنىغا يېڭى جان، قېنى ئۈچۈن قان.
ئاجرىماس باغلاندىم دولقۇنلىرىڭغا،
مېنى تەسلىم قىلدى مەندىكى غۇرۇر.
چۆمۈپ ئويناپ سېنىڭ ئۇپقۇنلىرىڭغا،
گەۋدىمىزنى كېرىپ ماڭىمىز مەغرۇر.
رازىمەن ئۆمرۈمدىن، مۇھەببىتىمدىن،
بۇ چەكلىك ھاياتىم ئۆتمىدى بىكار.
سېنىڭ چۆللەردىكى ھەققىتىڭدىن
نامىمىز جاھاندا قىلىدۇ شىكار.

قارا قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق دېگەنگە
قايىل پۈتۈن ئىنسان، پۈتۈن كائىنات.

كۆرمەي سۆيدۈم سېنى، زىنھار رەنجىمە،
شۇ سۆيۈشتىن كېلەر مەندىكى ئىجات.

## ئاقبۇلاق

تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەس،
ئانام كۆكسىدىن ئاق سۈت ئەمگىنىم.
سوراپ قالساڭ ئوخشاشلا بىر ئىش،
ئاقبۇلاققا يېتىپ كەلگىنىم.

ئاقبۇلاقنىڭ ئاق سۈتى بارمۇ؟
دەپ مەن بىلەن تالاشمىغىن گەپە
ئاقبۇلاقنىڭ سۈتى بولمىسا،
يۈرەمىدىڭ كۆككە بوي تىرەپ!

## دەسلەپكى سۆيگۈ

بۇ دوختۇرلار بىلىپ قالدىمۇ
مايغا بولغان ئىشتىياقىمنى.
قۇدۇق يېنىدىن كېلەر كەلمەيلا،
يۈرىكىمنىڭ ھېچ ئارامى يوق
بىر نەرسەمنى يوقاتتىم دېسەم
ماي پۇرىساڭ ساقىيىسەن دەپ،
رىتسىپ يېزىپ بەردى قولۇمغا.
قۇدۇقلىرىم چۆلنىڭ ئىچىدە
تۆگە بىلەن، ماشىنا بىلەن
بىر ئاي ماڭسام ئاران بارىمەن.
دەرھاللىققا ماي تاپالمىسام
ئۇندىن كۆرە مەن بىلەن كەلگەن
ھېلىقى قىزنى پۇرىمايمەنمۇ؟
ئۇنىڭدىمۇ ماينىڭ ھىدى بار
ئۇمۇ بەلكى بۈگۈن مېنىڭدەك
كۆرۈنگەندۇر دوختۇرخانىغا.
لېكىن، گۇمانىم ماي پۇرىغىن دەپ
ئېيتقانىمدۇر دوختۇر ئۇنىڭغا؟...

## ئالدى مۇكاپات

ئېسىڭدىمۇ شۇ ئايدىڭ كېچە،
قاراپ قويۇپ، كۆڭلۈم ئوتقىنىڭ.
قۇدۇق قېزىپ يىلدا بىر قايتسام،
سوۋغات قىلىپ كۈلكە تۇتقىنىڭ.
شۇ كۈلكەڭدىن يۈرىكىم ئويناپ،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولاتتىم پەۋەس.
چۆلدە مېنى ساقلايتتى ئېسەن
ساڭا بولغان شۇ ئىشقى - ھەۋەس.
ئەتراپىمنى ئورىغان ئالقىش
قەلبىم ئۈچۈن بەرمەيتتى ئارام.
مەيدەمدىكى قىزىلگۈللەر ھەم
ھېسلىرىمنى قىلالمايتتى رام.
مانا بۈگۈن يۈزلىرىم توپا
كىيىمىم كىر، ئايىغىمدا لاي.
ئەتراپ كېچە، كۆزدە ئۇيقۇ يوق،
ھەمراھىمدۇر كۆكتە تولۇن ئاي.
شۇ چاغ ماڭا بەرمە ھېچنەرسە
سۇنما قايتا كۈلكىدىن سوۋغات.
بۇ سوۋغاڭدىن كىرە - كىرمەيلا
سۆيۈشلىرىڭ بولسۇن مۇكاپات.

. ئابلىكىم خېۋىر

# شېئىرلار

## ئىشكىڭنى ئۇلۇغ ئاچ

سەھەر پەيتى...
ئىشكىڭنى ئۇلۇغ ئاچ،
ھاۋا كىرسۇن، ھاۋا بىلەن ئالماشسۇن.
ئالمىشىشلار شامال قوزغاپ ئۆيىڭدە،
دېمىق بۇلۇڭ، لىمتاقلارغا ياندىشسۇن.

دېمىق ئۆيگە ئۆمۈچۈكلەر تور تارتار،
ھەتتا ئەتىر بۇزۇلىدۇ جىم تۇرسا.
ھەرىكەت بىلەن تىنىق تارتار تىرىكلىك،
ئالمىشىشقا يىگىنە كۆزى يول بولسا.

موربلاردىن پۈركەلسىمۇ ئاچچىق ئىس،
توپا-چاڭلار كۆتەرسىمۇ قۇيۇنلار.
بىخستالماس ئىپار ھاۋا — مۆھىتنى،
ھۆرپەيسىمۇ سوزۇپ قانچە بويۇنلار.

سەھەر پەيتى...
ئىشكىڭنى ئۇلۇغ ئاچ،
بېسىپ كىرسۇن دالىلارنىڭ شاۋقۇنى.
ئىشكلەرنىڭ پەردىلىرى يىراق قاچ،
سىلەرنى كىم ياراتتى ۋە قاي كۈنى؟

## ياستۇق

1

بەزەن پەرىشتە سەن،
بەزەن ئەزرائىل.
بەزەن تاتلىق چۈش سەن،
بەزەن جەبرائىل.

2

غەپلەتنى چىللايسەن،
ئۇن-تىنسىز ماڭا.
نېمشقا مەسچىتنىڭ تەكتىكىچىلىك
خىسلەتنى خۇدايىم
بەرمىگەن ساڭا؟!

## چىن قەلبىمدىن

تاقىر تاغلار يېشىللىقنى سوراپ قالدى مېنىڭدىن،
كۆكلىمىدى ئالقانچە يەر تۆككەن تەرۇ قېنىمدىن.
قۇرۇق توپا قوزغىلىدۇ قۇيۇن ياساپ يېنىمدىن،
يامغۇرچىلىك بولالمىدىم، ئۆتتى نومۇس جېنىمدىن.
قۇرغاق تېپا، قۇرغاق ھاۋا سۇ دەپ تۇرسا بىلمەستىن،
قىزىق قان-تەر تۆككەنلىرىم قىزىق بوپتۇ تېنىمدىن.
تاقىرتاغلار مۇزدەك سۇلار بېرەلمىدىم، كەچۈرگىن،
نەچچە چاشقان بۇتناپ چىقتى مېنىڭ قۇرۇق سېڭىمدىن،

دېڭىزلارغا كېتەي ئەمدى، باشلاپ كېلەي كۆپ بۇلۇت،
ئاسمىنىڭنى چۈرگىلىسۇن كۈندە نەچچە قېتىمدىن.
بېخىل بۇلۇت پارچىلىنىپ تۆكسە يامغۇر نە ئەجەب،
كۆكلەپ قالغىن، يېشىل دۇنيا كۆرسۇن كۆزۈم سېنىڭدىن.

ئۆمەر سايىت

## ياز

تاغ-دالانى ياپيېشىللىق باغۇ-بوستان قىلدى ياز.
يۇرتىنى پۈركەپ گۈل-چېچەككە گۈل-گۈلىستان قىلدى ياز.
تالۇ-مەجنۇن ئارىسىدىن ئاققۇزۇپ ئابىھايات،
ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىنى لالە-رەيھان قىلدى ياز.
ئالما، نەشپۈت شاخلىرىدا سايرىتىپ كاككۇكنى شوخ،
يايرىتىپ ئۇتلۇق يۈرەكنى، دىلنى خەندان قىلدى ياز.
تاڭ سەھەردە ئىشقا چىللاپ كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا،
ئاشىقىنى مەشۇقىغا جۈپتى جانان قىلدى ياز.
ۋەدىلەشكەن قىز-يىگىتكە كۈچ-قۇۋۋەت، ئىلھام بېرىپ،
بەسلىشىشتە غەيرىتىنى مىسلى چەندان قىلدى ياز.
زور ئۈمىد-ئارزۇ بېغىشلاپ ياش-قېرىغا ھەر نەپەس،
مول ھوسۇلنىڭ ئىشقىدا قەلبىنى گۈلخان قىلدى ياز.
بەرگۈزۈپ گۈل-مايسىلارغا مېھرىنى ئىشچانلىنىڭ،
ئاشلىقىنى خۇددى تاغدەك چەشمە خامان قىلدى ياز.
ھەر كىشىنى مېھنىتى بىرلە باياشات تاپقۇزۇپ،
نازۇ-نېمەت داسقىنىدا ئەلنى مېھمان قىلدى ياز.
يارىتىپ ئىمكانىيەت نامرات-گادايىنى باي قىلىپ،
خانۇ-مالۇ، باغ-ۋاران ۋەسلىگە سۇلتان قىلدى ياز.
ئەمگەكىدىن گۈللىنىپ تاپقان روناق، ئەل بەختىنى،
مەدھىيىلەپ يازغىلى شائىرغا داستان قىلدى ياز.

# «مەن ـ كەرەم باي»



**قەييۇم تۇردى**

(ئەدەبىي ئاخبارات)

1


كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ ئېڭى تەۋرىنىپ تۇرغان يېشىللىقتا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ هە!

ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئېيتىلغان «باي» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى، لاپپىدا قىزىرىپ، ئارقىدىن تاتاردى. كەم سۆز بولغاچقا، ئادەتتە مۇنازىرىلىشىشنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن ئۆزىنى «باي» دەپ ئاتىغانلارغا يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ئۆچلۈكى كېلىپ، نەپرىتى قايناۋاتقانلىقىنى سەزدى. گويا شۇ سۆز بىلەن، مېكىبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە تىكلىگەن ئىگىلىكى بىردىنلا خاراب بولۇشقا يۈزلەنگەندەك بىلىنىپ كەتتى ...

دەرۋەقە، تۆكۈلۈپ تۇرغان نامرات كەپىدىن تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر هاياتقا: تۆت چوڭ يۈك ئاپتوموبىل، ئۈچ تراكتور، «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ، 700 قوي ـ كالا، 30 مىڭ تۈپ كاتتا ئورمانزارلىق، 70 مو تېرىلغۇ يەر، توخۇ، ئۆردەك فېرمىسى، زىلچا ـ گىلەم كارخانىسى، ئون نەچچە ئېغىزلىق جاراڭلاپ تۇرغان ئۆي ـ ئىمارەت تەئەللۇقاتقا ئىگە بولغان بىر دېهقاننى «باي»، يەنى «كېرەم باي» دەپ ئاتىسا بولمامدۇ؟

ئۇ، دېهقاندا بولۇشقا تېگىشلىك بايلىقنىڭ، ئائىلە گۈزەللىكىنىڭ، غايە ـ ئىستەك، بۇرچ ـ مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆلچىمى هەققىدە ئويلاپ باققان ئەمەس.

ئۇ پەقەت بىر نەرسىگە، كېيىنكى چاغلاردا تەقدىرچىلىككە ئىشەنمەيدى، تەقدىرچىلىكنى ئىرادىسى ئاجىزلارنىڭ ئۆزى-



نى ئالداش باھانىسى دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر ئەقىدىگە — ئۈمىدۋارلىق، جاسارەت — يول ئاچقۇچىلار، ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئەنگۈشتىرى، ئالتۇن قانات، مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك دېگەنگە ئىخلاس قىلدى.

شۇ ۋەجىدىن، جان تىكىپ ۋاقىت تالاشتى، يول تېپىۋالغانلىقىغا ئىشەندى. ئايلار، يىللارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى.

بىراق، «كېرەم باي» مەسىلىسى.

«كېرەم باي» دېگەن بۇ نام يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە چوڭ - كىچىكنىڭ ئاغزىدا ئومۇملىشىپ كەتتى.

«باي! ...»

«كېرەم باي» دىكى «باي» سۆزىنى قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە نېمىشقىدۇر ئازابلىغۇچى بىر تۇنۇش، سىياسىي جەھەتتە قورقۇنچلۇق سىرلىق تۈگۈن بولۇپ قالدى.

دۇرۇس، چەت - چۆرىسى قۇم بارخانلىرى، تاشلىق سايلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ يۇرتتا ئىلگىرى ئىككى ئادەمنىڭ «باي» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى ھازىر قۇم باسقان. بىراق، «باي» دېگەن سۆز بۇ يەردە خېلى جىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھېلىمۇ «ئىنساپسىز»، «ھېلە - مىكىر»، «قان شورىغۇچى»، «زورلۇق - زومبۇلۇق»، «ئېكسپىلاتسىيە»، «پومېشچىك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەنىداش ئىدى. ئىككى باينىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا بۇ ئەتراپتا ئۇلاردىن يىرگىنمەيدىغان، نەپرىتىگە ئوت تۇتاشمايدىغان دېھقانلار كەم ئىدى.

«خەپ ... ئاشۇ ئىككى باينىڭ ئۈچۈنچىسى پېقىر بولۇپ قالارمۇ؟ ...»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ئېغىر كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە ئۆز يېزىلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشلىرىغا سەپسالدى. «تۇۋا، ئادەملەر نېمىدېگەن مۇرەككەپ - ھە! ...»

چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان چېچەنلەر بىلەن چىرايى سولغۇن بىغەملەرمۇ، «شۈكرى» دىن تەسەللى تېپىپ ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ كەينىدىن مىدىراپ يۈرگەن ياشانغانلار بىلەن ياشىنىۋاتقانلارمۇ، ئەرلەرمۇ - ئاياللارمۇ، قىسقىسى، موھتاجلىقتىن قۇتۇلغانلار، قۇتۇلۇۋاتقانلار، قۇتۇلالمىغانلار، قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي تەقدىرگە تەن بەرگەنلەرمۇ، ھەممىسى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

ئۇ بۇ نۇرلۇق، نۇرسىز كۆزلەردىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان باشقىچە بىر خىل سېھرىي تەلپۈنۈشنى بايقىدى، بۇ كۆزلەردىن بەزىلىرىنىڭ گويا يېڭى پەيدا بولۇپ قالغان يۇلتۇزغا، باياۋاندىكى يولباشلىغۇچىغا، قوشۇن ئالدىدىكى سەركەردىگە ئىلتىجا قىلغاندەك، ئۆزىگە ھەۋەس قىلىش، سۆيۈنۈش، قوللاش ھېسسىياتى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بەزىبىر كۆزلەر بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدا مانا مەن دەپ غەلىتە چۈشىنىكسىز مەسخىرە، ھەسەتخورلۇق، كۆزى قىزىرىش، پەيتى كەلسە ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان ئاچكۆزلۈكتەك خۇنۇك بىر كۆلەڭگە سايە تاشلاپ تۇراتتى.

بىرلىرى مەدەت قىلىپ، «توغرا قىل-

دىك، يول ئاچ، مېڭىۋەر» دېسە، بىر-
لىرىنىڭ «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققى-
چە»، «پەيتى كەلسۇنچۇ، هامان تەقسىم
قىلىنىدۇ»، «سوتسىيالىزم شەخسنىڭ بېيى-
شى ئەمەس» دېگەندەك شۇۋىرلاشلىرى
خۇددى سايىدەك كەينىدە ئەگىشىپ يۈردى.
بەزىلەر بولسا چاقچاقچا يۆلگەن بولۇپ
يۈزىدىن يۈزىگە:

— ئاسىقىدا گۆش بولسا بىر كىزى
ئەسقىتىپتۇ، دېگەن گەپ بار. زامانىنىڭ
كۆزى ساڭا باقتى كېرىماخۇن، بېيىۋەر-
گىن، پەيتى كېلىپ مال - مۈلۈك ئىسلا-
هاتى بولۇپ قالسا، هەر هالدا قولىغا
تېگىدىغان بىر نېمە بار بولىدى، — دې-
يىشتى ...

«تووۋا، دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ،
شامال جىم تۇرغۇزمايدىكەن - دە! — ئۇ
تېلى قۇرۇغان، دىلى رەنجىگەن،
دىلىغۇل بولغان هالدا ئويلىدى، —
بۇ خەق بىر نېمىنى بىلىپ، ئوي-
لاپ دەۋاتامدۇ ياكى ئويناپ دەۋاتامدۇ،
«ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك» دېگەن تەمسىل
بار، يا يۇقىرىدىن شۇنداق بىر گەپنىڭ
شەپىسى بولغانمىكىن، راستىنلا سىياسەت
ئۆزگىرىپ قالسا - هە! هۆكۈمەت لەۋزى-
دىن يېنىۋالسىچۇ؟ ... هېلىقى تەكرار ئۇ-
قۇپ بەرگەن هۆججەتلەر، شۇنچە غول
تەشۋىقلەر نېمىگە هېساب بولاغىلىق! يەنە
داش قازاننىڭ ئومىچىنى ئىچ دەپباقسۇن-
چۇ؟... گەپ دېگەن بىر، ئىنساپلىق تىلەم-
چىدەك ئۇنسىز مۆلدۈرلەپ، كەچكىچە داش
قازاننىڭ چۆرىسىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان
نومۇسلۇق كۈنلەر كىمگە شەرەپ كەلتۈ-
رۈپتۇ؟ قۇرۇسۇن داشقازىنى، كۆڭۈلنى
مۇزلىتىپ نېمە قىلىدۇ - هە!؟ مەيلى نېمە
بولسا شۇ بولسۇن. مەن ئۇنداق كۈنلەر-
دىن بىزار بولاغلىق، يامىنى كەلسە، تە-
ئەللۇقاتىمنى تۆكىسىدىن - تۆكمىسىگىچە
ئۇلەشتۈرۈۋېتىشكە رازىمەنكى، ئۈچ كۈندە
بىر مەرتە ناشتا - ناها قىلسامىمۇ، ئەمدى
داش قازاننىڭ ئومىچىنى ئىچمەيمەن!...»

2

— بېيىجىك، خەلق چوڭ سارىيى، هەي-
ۋەتلىك زال.

مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى باشلانغان كۈنى
ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئىككى-
مىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالدۇق، بىزنىڭ
ئورنىمىز ئالدىنقى ئۇنىنچى رەتتە بولۇپ،
رەئىس سەھنىسىگە بەكمۇ يېقىن ئىدى.

كېرەم ئىمىن ئۆز ئورنىغا كەلگەن-
دىن كېيىنمۇ خېلىغىچە ئۆرە تۇرۇپ،
رەئىس سەھنىسىگە تىكىلىپ قالدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەندۇرۇس قامىتى،
بوران، قۇم ۋە ئاپتاپتا چېنىقىپ پىشقان
يۈز - كۆزلىرىدە بىر خىل غورۇر، كىمگە-
دۇ تەلپۈنۈش، تەقەززالىق ئەكس ئېتىپ
تۇراتتى.

بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن
ئۇنى ئۈرۈمچى «كۈنلۈن» مېهمانخانى-
سىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن، كېيىن
ئايروپلاندا ۋە «جىڭشى» مېهمانخانىسىدا
تونۇشقانىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ، خۇددى
هازىرلا كەتمىنىنى مورىسىگە ئېلىپ ئېتىز-
دىن چىقىپ كەلگەن لاي پاچاق دېهقان-
دەك، ئاددىيلا كىيىنىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ،
ئۆڭگەن خۇدانى شىم - تۇجۇركا، ئىسكەت-
سىز قىڭغىر شەپكە، بوقۇچى يەردە سۆ-

رىلىپ يۈرگەن نەمكەش بەتىنكىگە قا-
راپ، كىممۇ ئۇنى «كېرەم باي مۇشۇ»
دېيەلىسۇن؟

بىراق، بۇگۈن ئۇ باشقىچە كىيىن-
گەن، ئاق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كاس-
تيوم - بۇرۇلكا، جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭ-
لىك گالستۇك، پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم
بەتىنكە، رەڭدار چىمەن دوپپا ئۇنىڭغا
ئالاھىدە سىن - سۈلەت بېغىشلىغانىدى.
ئۇ، نېمىشقىدۇر سۇتتەك ئاق كۆڭلىكىنىڭ
ياقىسىنى ئارىلاپ بوشىتىپ، گالستۇكىنى
پات - پات كۆتۈرۈپ قوياتتى.

بۇ خۇشپىچىم كىيىم - كېچەك، راس-
تىنى ئېيتقاندا، بۇ كاتتا سورۇندا ئول-
تۇرغان نى - نى ئەربابلارنىڭكىدىن قېلىش-
مايتتىلا ئەمەس، ئۇنى ئەمدى «كېرەم
باي مۇشۇ» دېسە ھېچكىم گۇمانسىرىمايتتى.
مەن ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم:

— ھە، كېرىماخۇن، بۇگۈن قالتىسقۇ؟

— بۇ ئېسىل كىيىملىرىمنى دەمسىز؟

— شۇنداق، تازىمۇ يارىشىپتۇ.

— رەھمەت ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېمىشەمكىدەك بىر
خىل زېرەكلىك تېشىغا تېپىپ تۇراتتى،
ئۇ كۆزىنى رەئىس سەھنىسىدىن ئېلىپ مەن
تەرەپكە بۇرۇلدى:

— بىلەمسىز، ئەسلىدە مەن بۇنداق
كىيىمگە ئانچىلا ھەۋەس قىلمايمەن،
بۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ توپا - تۇمان، لاي-
پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرگىنى بولسۇن؟ ئەس-
لىدە قانداق بولسام، بۇ يەردىمۇ شۇنداق
يۈرۈۋېرەي دېگەنتىم، لېكىن تۈنۈگۈن
كەچلىك غىزا ئۈستىدە بىرەيلەننىڭ دەپ
بېرىشىچە، بەزى چەت ئەللىك مۇخبىرلار
ئالدىن ھۆكۈم قىلىپ، 7 - قۇرۇلتايغا كاس-
تۇم - شىم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ
كەلگەنلەر جىق بولسا، جۇڭگودىكى ئىسلا-
ھاتتىن ئۈمىد بار، تۆت يانچۇق چاپان
كىيگەنلەر جىق بولسا، ئىش چاتاق، دەپ
خەۋەر تارقاتقانمىش، تونۇۋا دەيمەن، جا-
ھاندا مۇشۇنداقمۇ كۈلكىلىك گەپ بولى-
دىكىنا! چاپاننىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟
شۇنداق بولسىمۇ، بۇگۈن مېنىڭ ئاشۇ
مۇخبىرغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇم
كەلدى، جۇمۇ ...

ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. شۇ پەيت-
تە، رەئىس سەھنىسىگە پارتىيە - دۆ-
لەت رەھبەرلىرى چىقىشتى. پۈتۈن زالدا
گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ئۇنىڭ كۆزى بىردىن چاقناپ كەتتى،
يۈز - كۆزلىرىگە كۈلكە يامراپ، سەھنىگە
قادىلىپلا قالدى.

ئۇ ئۆزى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان
كىشىنى كۆرگەنىدى:

— قاراڭ، ئاشۇ كىشى شۇ! يولداش
دېڭ شياۋپىڭ ...

بۇ سۆز چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە جاراڭ-
لىق ئاۋازدا ئېيتىلغاچقا، ئەتراپتا ئولتۇر-
غان ۋەكىللەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈمسىرەشتى.

بىراق، ئۇ بۇنى سەزمەيتتى، كۆزى
رەئىس سەھنىسىدە ئىدى. مەن سورىدىم:

— كېرىماخۇن، كىمگە قاراۋاتىسىز،
دېڭ شياۋپىڭغىمۇ؟ دېڭ شياۋپىڭنى
ئىلگىرى كۆرگەنمىدىڭىز؟

— ھە، ھە، ياقەي، نەدە يۈرۈپ كۆ-
رەرمەن. ئۇ كىشىنىڭ بىر سۆزى، بىلەم-
سىز، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى داۋالغۇشنى پەس-
كويغا چۈشۈرگەن، تۈگۈنىنى يەشكەن،
خاتىرجەم قىلغانلىق ...

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ تېخىچە ئۆرە تۇرۇپ چاۋاك چېلىۋاتاتتى.

— قايسى سۆزنى دەيسىز؟

— «سوتسىيالىزم گادايلىق ئەمەس ...»

ئۇ شۇ سۆزنى دەپ بولۇپ، ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرى بىلەن يەنە سەھنىگە قارىدى ... دۇرۇس، سوتسىيالىزم گادايلىق ئەمەس. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، ئۇنىۋېرسال كەسىپ، شەھەرلەشكەن بازار، ياخشى تۈزۈلمە، باياشات تۇرمۇش، مەدەنىي جەمئىيەت ۋە گۈزەل مۇھىتقا ئىگە يېزا — مانا بۇ سوتسىيالىزم، ئۇ يەنە كوممۇنىستىك ئىدىيە، غايە، ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ - باراۋەر بولغان يولداشلارچە مۇناسىۋەتنى شەرت قىلىدۇ ... قانداق ياخشى. دېمىسىمۇ، تىرىشچانلىقنىڭ مەنىسى گۈزەللىك ۋە بەختكە ئىنتىلىدىغان كۈچتە ئەمەسمۇ، ھەربىر ئاددىي دېھقاننىڭ جانپىدالىق بىلەن ئىنتىلىۋاتقىنى ئاشۇ نىشان، ئاشۇ غايە ئەمەسمۇ؟ ...

خىياللىرىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۈنۈگۈن «جىگشى» مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان ئۇزۇن سوھبەت يادىمغا چۈشتى.

3

كېرەم ئىمىننىڭ دادىسى ئىمىن ئاكا توقساندىن ھالقىغان ئاپئاق ساقاللىق تەقۋادار ئادەم. ئۆمۈر بويى ئېتىز - ئېرىق، ئورمان، چارۋا بېقىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، ھېلىمۇ ناھايىتى تېتىك - تېمەن. تا شۇ كەمگىچە ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىپ مۇستەقىل ياشاپ كەلمەكتە، ئۇ تېخى ئالدىنقى يىلى تاشلىق سايغا لاي ئېقىتىپ 15 مو يەردە ئورمان بىنا قىلدى، بانكىدا تېجەپ قويغان 7000 يۈەن پۇلىمۇ بار.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانېرىق يېزىسىدا مۇشۇنداق تېتىك ياشاۋاتقان، كەتمەندىن ئايرىلمىغان جىگەرلىك دېھقانلار ھېلىمۇ ئاز ئەمەس.

بىراق، ئىمىن ئاكا بىر تەلەپچان، ئەستايىدىل ئادەم، ئۇ بەش پەرزەنت كۆردى، ھەممىسى دېھقان بولۇپ يېتىشتى. مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىشقا ئادەتلەنسۇن ئۈچۈن، بالىلىرى بوي قۇرامىغا يېتىش بىلەنلا، ھەممىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ ئۆزىدىن ئايرىدى. كېرەم تۆتىنچى ئوغلى ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى ياسىن كېيىنكى يىللاردا خىزمەتكە ئارىلىشىپ باشقا بىر يېزىدا، شورباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى.

ئىمىن ئاكا باشتا «ئەمەل» تۇتقان ئوغلى ياسىنغا ھەۋەس قىلدى: «قىزىق ئىش ... قۇرۇغان توغراق يىلتىزىدىن قامەتلىك چىنار كۆكلەپ چىققاندەكلا ئىش بولدى - ھە! ... مەيلى، ئىشلىسۇن، جېنىنى جان ئەتسىمۇ، ئىنىلىرىغا ئانچە - مۇنچە سايىۋەن بولسىمۇ ھېساب؛ دېھقان بىر توپ مال پادىسىغا ئايلانغان، دېھقانچىلىقنىڭ پەيكىرى ئۈچقان بۇ كۈنلەردە دادۇينىڭ سېرىق ئەت قۇلى بولغاندىن كۆرە، ھۆكۈمەتنىڭ قول - پۇتى بولغان تۈزۈك، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى تۈگىمەس پۇل. ئىشقىلىپ، ئايلىقچى بولۇۋالدى» دەپ ئويلىغانىدى.

بىراق، 1981 يىلىدىن كېيىن دېھـ

قان ئوغلى كىرەم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ،
20 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ بۇغدايـىنىڭ
مو بېشى مەھسۇلاتىنى 1100 جىڭغا يەتـ
كـۈزگەن؛ ئىككـىنچى يىلى 40 مو يەرنى
ھۆددىگە ئېلىپ، يىلدا ئىككى قېتىم تېرىش
ئۇسۇلىنى قـوللىنىپ، ئاشـلىقنىڭ مو بېشى
بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1800 دىن ئاشـۇرۇ-
ۋېتىپ، ئۆزى ئۇلتۇرۇشلۇق يۇقاقۇم كەنتـ
نىڭ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىـش ۋەـ
زىپىسىنى بىر ئۆزى ئورۇندىۋەتكەندىن كېـ
يىن، ئىمىن ئاكـىنىڭ نەزەرى بىردىـنىلا
«ئەمەلدار» ئوغلى ياسىندىن دېھقـان ئوغـ
لى كىرەمگە يۆتكەلدى:

ــ دېھقاننىڭ كۆنى تۇغۇلغانمۇ - نېمە!
72 مىڭ جىڭ بۇغداي - قوناق - ھە؟ قالـ
تىس گەپ جۇمۇ، ئاشـۇنچىۋالا ئاشـلىقنىڭ
ھەممىسىنى كىرەم ئالدىمۇ؟ چۆچەك، بـەـ
ئەينى بىر خىيالىي چۆچەك! ئون نەچچە
يىلدىن بۇيان دۆلەتتىن ئاشـلىق سېتىۋېـ
لىپ جان باققان كـەنت بىردىـنلا ئاشـ
لىق ئېشىنىدىـغـان كـەنـتكـە ئايـلىنىپ
قالسا! ...

ئىمىن ئاكىنىڭ خـۇشلۇقى چـەكسىز
ئىدى. كۆپىرەك كىرەمنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا
بولغان جاسارەت ۋە ئۇنىڭغـا كەلگەن ئاـ
مەتنىڭ سىرىغا قىزىقىپ كەتتى. خۇشلۇقى
تۇتىسلا كىرەمنى ئىزدەپ تېپىپ بىز «سىر»
نى سۈرۈشتۈرەتتى.

كىرەم ئىمىن كەم سۆز ئىدى. دادىـ
سىنىڭ «سىر» ھەققىدىكى قىزىقىشىغا:

ــ بۇنىڭدا نېمە سىر بولسۇن، دادا،
بىرسى، سىيـاسەت، يەنە بىرسى، سـەنمۇ
كۆرۈۋاتقانسەن، بۇگـۈنكى كـۈندە مېنىڭ
ئەڭ يېقىن دوستۇم پەن - تېخنىكا كادىر-
لىرى، ئۇلارنىڭ مەسـلىھـىتى. نېمىشقا بېـ
شىڭنى چايقايسەن، گەپ تېرىقچىلىق ئۇسـۇـ
لىنى ئۆزگەرتىشتە ...ــدەپ جاۋاب بېرەتتى.

بۇ گەپكە بوۋاي نېمىشقىدۇر ئانچىۋالا
ئىشەنگۈسى كـەلمەيتتى، قانائەتـلەنگۈسى
يوق ئىدى. نەزەرىدە بۇ «سىر» گويا يەنە
شۇ «سىر» پېتىچە قېلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئەلۋەتتە، ئىمىن ئاكىنىڭ كـۆڭلىدە
بىر ھېساب كۆپ قېتىم، تەكرار ئىشلەندى،
بۇ نېمە ھېساب ؟ بۇ ــ «ئەمەلدار» ئوغلى
بىلەن دېھقان ئوغلىنىڭ كىرىم - تاپاۋىـتىـ
دىكى پـەرقىنى، پايدا - زىيـانـىنى تېپىش
ھېسابى ئىدى. ئۇ شۇجى ئوغـلى ياسىننىڭ
دېھقاننى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۆچ دېھـ
قان مىجەزىگە، پاك ئەمەلدار ئىكەنلىكىگـە
ئىشەنگەچكە، ئۇنىڭ ھالال، ھەقىقىي كىرىـ
مى دەپ پـەقەت مائاشىنىلا ھېسابـلىدى.
كىرەمنىڭ بولسا، كىرىـم - چىقىملىرىـنىڭ
سانى، تۈرى كۆپ، باھا، بازار ۋە قىممەت
پەرقلىرى مۇرەككەپ بولغاچقا، ھېسابنىڭ
ئايىغىنى بوغۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

شۇنداق بولسىمـۇ، ئىمىن ئاكـا بـۇ
ھېسابنى زېرىكمـەي ئۇدا ئۈچ يىل ئىشـ
لىدى، كېيىن بىردىنلا بۇ ھېساباتنى يەنە
قايتا قىلىشنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى قالـ
مىغانلىقىنى سەزدى - دە، ئاكـا - ئۇكىنىڭ
كىرىم تاپاۋىـتىدىكى تەتۈرىگە ئايـلانغـان
پەۋقۇلئاددە چوڭ پەرقتىن ھەيران قالدى.

دېمىسىمۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچـە
ئۆتۈپ كـەتـكـەن 5 - 6 يىل ئىچىدە
دېھقـان ئوغـلى كىرەم يىلـلىق كىرىـمى
100 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان خېلى مۇكەمـ
مەل بىر ئىگىلىكنىڭ ــ دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق - ترانـ

سپورتقا ئوخشاش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، كۆپ خىل كەسىپ ماسلاشتۇرۇلغان چوڭ ئىگىلىكنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ئىدى - دە! ...

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

4

ئىمىن ئاكا تېرىكىپ قالدى.

ئۇ ئەسلىدىلا «مېھرىمۇ، زەھرىمۇ بار» ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۆزى قورامىلىق بولۇپ قالغان ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى ھېلىمۇ بالا چاغلىرىدىكىدەك ئەيمىنەتتى، گەپ ياندۇرمايتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ «زەھرى» تېشىغا تەپتى دېگىلى بولمايتتى، لېكىن كېرەمگە راستىنلا ئاچچىقى كەلگەنىدى:

«شامال جىم تۇرغۇزمىسا تۇرغازمايۋەرسۇن، سەنچۇ؟... سەن ئۆزۈڭ پۇت تىرەپ مەزمۇت تۇرالىدىڭمۇ! شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك، ئۆزىنى شامالغا تاشلاپ بەرگەن ئادەم ھەم ئەقىدىسىز، ھەم ئىرادىسىز ئادەم بولاغلىق. سۇغا كىرمەسلىكىڭ، ئوتنى تۇتماسلىقىڭ لازىم، كىرگەندىكىن، تۇتقاندىكىن چاپىنىڭ ھۆل بولۇشىدىن، كۆيۈشىدىن قورقۇپ نېمە قىلىسەن!... ئوغرىلىق، خىيانەت قىلغىنىڭ يوق، خەقنى بۇلاپ - تالىغىنىڭمۇ، كادىر بولۇۋېلىپ بېيىۋالغىنىڭمۇ يوق. ھەر تاپاڭ ئۆز ھوشكاللاڭ، ئۆز ئەجرىڭدىن تاپتىڭ، ئاز رىيازەت چەكتىڭمۇ، ئانا سۈتىدىن ھالال تەئەللۇقات ئۇ! بۇنى كۆرىدىغان، دەڭسەپ باقىدىغان كۆز چىقار ئاخىر! بىر - ئىككى «تەييارغا ھەييار» تاغار قېقىندىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، يامغۇرلۇق كېچىدە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ قاچقان يىغلاڭغۇ كېلىندەك، شۈمشىيىپ بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋالغىنىڭ نەچچە گەپ بولارمىش - ھە! ئاسمان ئۆرۈلۈپتىمۇ، قەددىڭنى تىك تۇت. مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقانمەن، سۈننىتىڭنى بىجا كەلتۈرگەنمەن. شۇمۇ ئوغۇل بالا بولۇپتىمىش! بەل قويۇۋەتتىڭمۇ، بولدى، سەندىن ئۈمىد نېمىش قىلسۇن! يەر قاساپ، تىرناق يىرتىپ مىڭ تەستە تاپقان - تەگمىنىڭنىڭ خاراب بولغىنى بوران ئۇچۇرغان قومۇش چەللىدەك ۋەيران بولغىنى شۇ. بىلىپ قوي بالام، سەن بۇنىڭغا چىدىغىنىڭ بىلەن، مېنىڭ يۈرۈكۈم ئۇنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن؟...»

ئىمىن ئاكا ئېتىزمۇ - ئېتىز قوغلاپ، كېرەمنى ئاخىر تاپتى، ئاتا - بالا ئىككىيلەن شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان مەجنۇنتاللىق ئېرىق بويىدا بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ، خېلىغىچە تىمتاس ئولتۇرۇشتى، بوۋاينىڭ ئېتىز - ئېرىقتا ئېقىپ يۈرگەن كۆڭۈلسىز گەپلەردىنمۇ، كېرەمنىڭ دىلىغۇل ھالىتىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇ گەپنى يىراقتىن باشلىدى:

— ئوغلۇم، ئېيتە، سەن بۇ يۇرتتا ئۆتكەن ئىككى باينىڭ بىرى — تاشتۆمۈر باي توغرىسىدا ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— نېمىشقا ئاڭلىمايدىكەنمەن. بەش يېشىمدىن تارتىپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى چۆچەك — بىر تاغار ئالتۇننىڭ گېپىدۇر ھەقچان.

— ئاڭلىغان بولساڭ ياخشى، قاساپ، بازاردا خەق تاشلىۋەتكەن سۆڭەكنى غاجاپ بىر تاغار ئالتۇن يىغقان. ئارا كۈندە ئالتە قېتىم ساناپ، ئۆمرىنىڭ ئاخـ

رىدا ...

— ياق، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەس، پۈتكۈل ئۆمرىدە خەققە ئازراقمۇ نەپ تەككۈزمەي، ئاشۇ بىر تاغار ئالتۇننىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىپ ئۆلگەن دېگىنە.

— ھەبەللى، بىلىدىكەنسەن.

— ئالەمدە بىر پىخسىق - دە.

— شۇنداق، ئۇ ئاشۇنداق ئادەم ئېدى، — ئىمىن ئاكا ئېغىر تىنىدى، چاڭ باسقان ساقاللىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ئويغا پاتتى:

— بالام سەن، سىياسەت ئۆزگىرىپ كەتمەس، داش قازىنى قۇرۇسۇن، دېدىڭ. مەنمۇ شۇنداق ئويدا بولۇۋاتىمەن. سىياسەت يەنە ئۆزگەرسە، داش قازاننىڭ ئومىچىنى يەنە ئىچ دېسە، بۇ، لەۋزىدە تۇرمىغانلىق. ھۆكۈمەتكىمۇ يۈز لازىم بولار؟ مەن بىر قىسما گەپلەرنى ئاڭلاپ، ساڭا نەسىھەت قىلاي، خاتىرجەم قىلاي دەپ كەلگىنىم بىلەن، ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭمۇ خاتىرجەم ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە ئايان بولدى، تەكلىماكاندىكى قۇم بورىنى ھەمىشەم توزۇتۇۋېرەيدۇ، بوران يامرىسا ئۇنىڭ يولىنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ. سەمىڭگە سېلىپ قويىمىدىغىنىم، سىياسەت ئۆزگىرىپ كەتسىمۇ، ئەل - يۇرت يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ. تەئەللۇقاتنىڭ كۆپ بولغىنى ئەيىب ئەمەس. خۇدايىم باي قىلغىلى، باي دېگىلى نېسىپ قىلغاي، شۇغىنىسى، يۇرتنى ئۇنۇتما، رازى قىل، «ئاش يېگەن ئېغىز ئۇيىتىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلغىن، ئاۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ھېلىقى ئاچپاقا نېجىسلار...

كىرەم ئىمىن ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى:

— چۈشەندىم، دادا.

— چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى. خوپ، نېمىنى چۈشەندىڭ؟

— ھەممىنى چۈشەندىم، دادا، ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنسەن؟ ساۋابلىق ئىشلارنى جىقراق قىلساڭ، ياقاڭدىن سىقىپ، سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىققان خەق كۆزۈڭگە قولىنى ئازراق تىقىدۇ، يۈز - كۆزۈڭ تۇكۇرۇك بىلەن ئازراق بۇلغىنىدۇ، بېقىنىڭغا تەگكەن مۇشتنىڭ تورى بولمايدۇ، قىسقىسى، قولىقىنى يۇپۇرۇپ ئولتۇرۇۋالسىمۇ ھېساب، تۆت ئېغىز تەرىپىڭنى قىلىپ، ئىنسابىڭغا گۇۋاھ بولسا تېخى بەلەن دېمەكچى بولسەنغۇ - ھە؟...

ئىمىن ئاكا كىرەمنىڭ گېپىگە نېمىشقىدۇ جاۋاب بەرمىدى.

5

«جىگشى» مېھمانخانىسىنىڭ سەككىزىنچى قەۋىتىدىن قارىغاندا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېڭىلا پۈتكەن 30 نەچچە قەۋەتلىك بىناسى ئاسمان-پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، قورۇلتاي مەزگىلىدە يېتىپ كەلگەن كۆچەت تىكىش بايرىمى، كۈنى كىرەم ئىمىن قولىغا گۈرجەك ئېلىپ ئاشۇ بىنانىڭ ئالدىدا ۋەكىللەر بىلەن بىللە كۆچەت تىكىشكە قاتناشتى.

ئۇ بۇ كۈنى بۆلەكچىلا خۇشال ئىدى، ھەم كۆپ، ھەم ياخشى ئىشلىدى. ۋەكىللەر بىر قاراپلا، ئۇنىڭ كۆچەت تىكىپ ئۇرمان ئەھيا قىلىشتا ئالاھىدە دېتى بارلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى، چەۋەر قوللىرى ئازراقمۇ سەۋەنلىككە يول قويمايتتى، ئۇرە قىلىنىۋات-

قان ھەر بىر تۆپ كۆچەتنىڭ قۇياش نۇ-
رىغا بولغان مۇناسىۋىتىگە، يىكتەك تۈز
ۋە يىلتىزىنىڭ يەر ئاستىدا تۇغرا، پۇختا
ئورۇنلىشىشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى...
ئۇ گۈرجىكىنى مۈرىسىگە ئېلىپ،
بۆككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان بېيىجىڭ
كوچىلىرىغا قارىغاندا، كۆز ئالدىدا ئىخ-
تىيارسىز يىراق تەكلىماكان قىرغىقىدا
تەكشى كەتكەن تاشلىق سايدا بەرپا
قىلىنغان «يېشىل سېپىل» جىلۋىلەندى.
«ئىككى مىليون تۆپ!...»
بۇ ئىككى مىليون تۆپ ئورمان بىر
تۆپ، بىر تۆپتىن تىكىلگەن. شۇنداقلا ئۇ،
كېرەم ئىمىننىڭ ئەل- يۇرت بىلەن بىللە
گۈللىنىش يولىدا تاشلىغان تۇنجى قەدى-
مى بولغانىدى.
ئۇ، ئاشلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆپ
خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قارارى-
غا كەلگەندىن كېيىن، يۇقاقۇم كەنتىنىڭ
جەنۇب تەرىپىدىكى قاغجىراپ ياتقان تاش-
لىق سايىنى ئۆزگەرتىپ، ئورمانچىلىق مەي-
دانى قۇرۇشقا كىرىشتى. بىر تەرەپتىن،
ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلگە كۆرسى-
تىپ، كەلكۈن مەزگىلىدە كېچە- كۈندۈزلەپ
لاي ئېقىتىپ، ئېتىز ياساپ، قىر سۇقۇپ،
قەلەمچى تىكىپ، ھەم ياغاچ ماتېرىياللى-
رى يېتىشتۈرۈش قىممىتىگە، ھەم قۇم-
بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىغا
ئىگە ھەيۋەتلىك «يېشىل سېپىل» بەرپا
قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يولداشلارنى
قوزغاپ قايىل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى ماڭ-
غان يولدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈردى.
تاشلىق سايىنىڭ بولسا، ھېسابى يوق
ئىدى. ئىككى- ئۈچ يىل ئىچىدە
تاشلىق سايدا خانىرىق يېزىسى بويىچە
150 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ 1500 مو يەر-

دە ئىككى مىليون تۆپتىن كۆپرەك دەل-
دەرەخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ئورمان-
زارلىقنى قەد كۆتۈردى!
«ئىككى مىليون تۆپ!»... كېرەم
ئىمىننىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى، ئۇ
بۇ خۇشاللىقنى ئورمان ئەھيا قىلغان
قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاقلاشقاندا، چوڭ-
قۇر سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن:
— ئايھاي، قالتىس گەپ بولدى،
جۇمۇ! قاراڭلار، ھەيۋەتلىك يېشىل سېپىل
مېنىڭ 30 مو يەردىكى ئورمانزارلىقىم
كەلگۈسىدە مىليون يۈەنلىك بايلىق بو-
لىدۇ. سىلەرنىڭ بولسا، نەچچە ئون، نەچ-
چە يۈز مىليون يۈەنلىك بايلىققا ئاي-
لىنىدۇ. تاشلىق ساي ئاخىر ئۆزگەردى، —
دېگەنىدى....
ھازىر بۇ مەنزىرىلەردىن يەنە خۇ-
شاللىق ھېس قىلدى.
تېلېۋىزىيە بىناسى ئالدىدىكى كۆ-
چەت تىكىش ئاخىرلاشتى، بىز شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن «ئاساسىي قانۇن» نىڭ
11 - ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تو-غ-
رىسىدىكى تەكلىپ — «دۆلەت خۇسۇسىي
ئىگىلىكىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە
ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە را-
ۋاجلىنىشىغا يول قويىدۇ. خۇسۇسىي ئىگى-
لىك سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك
ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. دۆلەت خۇ-
سۇسىي ئىگىلىكىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق
ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ....»
دېگەن يېڭى قوشۇلغان مەزمۇننى مۇزاكى-
رە قىلدۇق.
كېرەم ئىمىن ئادەتتە كەم سۆز بو-
لۇپ، كۆپرەك ئاڭلاشقا، كۆڭلىدە مۇلاھى-
زە قىلىشقا زوقمەن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ-

گۈن بۇ تەكلىپ مۇناسىۋىتى بىلەن قەلبىدە بىردىنلا جۇش ئۇرغان ھاياجىنىنى زادىلا باسالمىدى، بۆلەكچە جۇشقۇن، گەپتان بولۇپ كەتتى:

— بۇ دېگەن قانۇن، دۆلەتنىڭ توپ قانۇنى، خۇسۇسىي بايلىقنىڭ ئورنى ئېنىق بېكىتىلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنى قانۇنغا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇش، قانۇنغا تايىنىپ قوغداش كاپالىتىگە ئېرىشتۇق. مەن خوتەنگە، ئۆز يۇرتداشلىرىمغا ئەرزىگۈدەك بەلەن سوۋغا ئېلىپ كېتىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن، ھېچقىسى يوق، ئەمدى «كېرەم باي» دەپ ئاتىلىشقىمۇ رازىمەن. مەن گوۋۇيۈەنگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ خوتەندە يېڭى سىياسەتنىڭ مېۋىسىگە ئېغىزى تولغانلار تېخى كۆپ ئەمەس.

نامراتلىق يەنىلا چوڭ ئاپەت، ھۆكۈمەت قانۇن-سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىشەنچلىكلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. نامرات رايونلار، ئارقىدا قالغان جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ تېزرەك ئۆزىنى ئۆكشۈۋېلىشىغا، روناق تېپىپ قەد كۆتۈرۈشىگە ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جىقراق يار-يۆلەكتە بولۇشى كېرەك...

ئەلۋەتتە كېرەم ئىمىننىڭ دەۋاتقانلىرى ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان كەڭ دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى. مەن ئۇنىڭ گوۋۇيۈەنگە بىۋاسىتە قويۇۋاتقان تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن ئاكا بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنىڭ داۋامىنى ئەسلەپ قالدىم...

6

تەبىئىيكى ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن ھېچنېمە چىقمىدى. ئەسلىدە ئىمىن ئاكا كېرەمگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى خاتىرجەم باي بولۇۋېرىشكە دەۋەت قىلغىلى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن كۆڭلىدىكى قاتمۇ-قات غەم-ئەندىشىلەرنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

كېرەم ئىمىن شۇ كۈنى كېچىسى چىگىش خىياللار قاينىمىدا تولغىنىپ، تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. «نېمە گەپ بۇ، ئەمدىلا قەددىمىنى رۇسلىۋىدىم، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى يەرگە چاپلاپ قويىدىيا مېنى؟»، «ئاپەتنىڭ كەينىدە ئامەت بار، ئامەتكە ئاپەت ھەمراھ» دېگىنى راستمىكىنە؟ نېمىشقا ئادەم شۇنچە بىقارار-ھە؟ جىن چاپلاشقاندەك بۇ ئەسكى خىيال ماڭا نېمىشقا يېپىشىۋالمىدىغاندۇ؟ ياق، ئۆزۈمنى قىيناپ نېمىشقا ئازاپلىنىمەن، ھەممىسى قۇرۇق گەپ!...» ئۇ ئۆزىگە ھاي بېرىپ ئاشۇنداق ئويلىسىمۇ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە كىرىۋالغان ئاللىقانداق ئالۋاستى مىجەز بىر غەشلىك تىنىمسىز قىمىرلاپ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئەمدىلەتىن نۇرلانغان ئۈمىد يۇلتۇزىنى ھەدەپ خىرەلەشتۈرۈۋەردى.

«تۇۋا، دادامۇ تازا قىزىق. سىياسەتنىڭ كاپالىتى بولسا، ئاز-تولا خەير-ساخاۋەت بىلەن خەقنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىلى بولامدۇ؟ شۇمۇ چارىمكەن؟... دادامنىڭ دېگىنى بويىچە مەسچىت سېلىش، خانىقا قۇرۇش، يول ياساش، ھەج قىلىش كېرەكمۇ، ياكى مەكتەپ سېلىپ ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش، كۆۋرۈك سېلىپ خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئاجىز-

لارنىڭ ھالىغا يېتىپ، نامراتلارنى يۆلەش كېرەكمۇ؟...»

ئۇنىڭ خىياللىرى ئۆز ئېگىلىكىگە كۆچتى. كەلگۈسى ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ ئىلھامبەخش ئىدى. بىراق شۇ تاپتا، بۇ نەرسىلەرنىڭ پىلىكى بىر بولدىمۇ؟ 100 مىڭ جىڭ بۇغداي، قوناق ئېلىش مۆلچەرلەنگەن 50 مولۇق ئېكىنزارلىقى، قىممىتى 15 مىڭ يۈەن مۆلچەرلەنگەن 10 مو يەردىكى تاۋۇزلىقى، 20 مولۇق بېدىلىكى، مەخسۇس بودىلىۋاتقان 200 چە قوي-كالىسى، تۆكمە يامغۇردەك مول تۇخۇم بېرىۋاتقان 2000 دىن ئارتۇق توخۇ-ئۆردىكى، خوتەن-ئۈرۈمچى يولىدا موكىدەك قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللىرى، قىسقىسى، ھەممە نېمىسى كۆز ئالدىدا بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەندەك، بىر پەيدا بولۇپ، بىر بىر يوقىلاتتى...

«ياسىن ئاكا...»

ئۇ مۇشۇنداق چاغلاردا كۆپىنچە ئاكىسى ياسىن ئىمىننى ئەسلەشكە ئادەتلەنگەنىدى.

ياسىن ئىمىن قىرىق ياشتىن ھالقىغان، دۇغلاقىنا كەلگەن، مەزمۇت كىشى، ئۇ بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى، دۆلەتكە 600 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلغان، ناھىيە بويىچە «نامرات» دېگەن قالپاقنى كىيگەن شورباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدا خېلى جىق كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ «نامرات» دېگەن قالپاقنى ئېلىپ تاشلىشىدىن گۇمانلانغانىدى. بىراق ئۇ، سەككىز يىل مابەينىدە پارتىيە-دۆلەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، دېھقانلارنى ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا قوزغاپ، يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىپ، شورباغ يېزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ناھىيە بويىچە ئىلغار يېزىلارنىڭ قاتارىغا قوشقانىدى.

كېرەم ئىمىن بۇنى بىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئاكىسىنى ئىزدەپ تاپماقچى، كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يەشمەكچى بولدى.

ئاكا-ئۇكىنىڭ سۆھبىتى باشقا بىر مەزمۇندا باشلاندى:

— ھە، كېرىماخۇن، كەپقاپسەن، ئۇكام؟

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم.

— ئىش-ئوقىتىڭ قانداقراق؟

— قەدىرى ئەھۋال...

— گىلەمچىلىك كارخاناڭ يۈرۈشۈۋاتامدۇ، يۇڭ يىپ ئىگىرىش ستانوكىنىڭ يولىنى قىلالىدىڭمۇ؟

— ياق، تەسكەن. شاڭخەيگە بېرىشقا توغرا كېلەمدىكىن...

— بۇ يىل نېمە يېڭىلىق بار؟

— يېڭىلىق يوق، سىزگە بىر تەكلىپ بىلەن كەلگەنىدىم.

— قانداق تەكلىپ، تارتىنماي دەۋەرگىن.

كېرەم ئىمىن ئاكىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ، بىر ئاز ئارسالدا بولۇپ داۋام قىلدى:

— ئاكا، سىزنىڭ ئايلىقىڭىز يەنە شۇ 150 كويمۇ؟

— شۇنداق، 150 كوي، بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— 150 كوي بەك ئاز، بۇ پۇل نېمىگە يېتىدۇ. خەجلىگىنىڭىزمۇ ئاز ئەمەستۇ؟ مەن دەيمەن، ئايلىقىڭىزنى 300 كوي قىلىپ بېكىتسەك، شۇجىلىقىڭىزنى

تاشلاپ، ماڭا كېلىپ مەسلىھەتچى بولسىڭىز قانداق؟...

ياسىن ئىمىن ئىنىسىغا ئۇزاق سەپسېلىپ، ئۇنىڭ سەممىي كۆزلىرىدە چاقچاقتىن بېشارەت يوقلۇقىنى كۆردى:

— 300 كوي؟... بۇ پۇل بەك ئاز.

— ئانچە ئاز ئەمەس. توخۇ-ئۆردەك باقىدىغانلار ئايلىقىغا 50 - 60 كويغىچە، مالچىلار 100 كوي، تاغدىكىلىرى 150 كويغىچە، تراكتورچىلارمۇ شۇنداق. ئېتىزدا ئىشلىسە تېخنىكىسىغا قاراپ 100 كويدىن 150 كويغىچە ئالىدۇ.

— شوپۇرلارچۇ؟ ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ ئايلىقى 450 يۈەنگە يېتىدىكەنغۇ؟

— خاتا ئاڭلاپسىز. ئادەتتە توختام بويىچە 150 كوي ئالىدۇ. پەقەت ئۇزۇن يولغا قاتنىغاندىلا، ياتاق، تاماق، قوشۇمچە راسخوتلىرى ئۈچۈن يەنە 300 كوي قوشۇپ بېرىمەن.

— دېمەك، 450 يۈەن.

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ياسىن ئىمىن كېرەمنىڭ ئىگىلىكىدە ئىشلەۋاتقان 21 ئىشچىنىڭ ئىش-ئەمگىكى، مائاشى، مەئىشىتى، كېرەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى. ئۇلارغا يىلدا 43 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىش ھەققى تارقىتىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى. دۆلەتكە تاشيول ئاسراش ھەققى، باشقۇرۇش ھەققى، باج ئۈچۈن 28 مىڭ يۈەن تاپشۇرغاندىن باشقا، يەپ-ئىچكەندىن سىرت ئۆزىگە 25 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك نەقدانە پۇل قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

— قانداق، مەسلىھەتچى بولامسىز؟ 300 كوي...

— بولىدىغان گەپ، — ياسىن ئىمىن تەمكىنلىك بىلەن سورىدى، — يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئەسلىدە دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى. بۇنىڭدا گەپ يوق، لېكىن ئېيتقىنا، مېنى ئۆزۈڭگە مەسلىھەتچى قىلىۋېلىش خىيالى نەدىن كەپقالدى؟

كېرەم ئىمىن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېدى:

— بىر كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئويلىنىپ-ئويلىنىپ ئاخىر مۇشۇ خىيالغا كەلدىم، سىز دېگەن نېمىلىكىم بولمىسۇن، سىياسەت ئادىمى بولاغلىق، سىياسەتنىڭ ئالدى-كەينىگە مۇنەججىم، مەسلىھەتچى بولۇپ قېشىمدىراق تۇرسىڭىز ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىزمىكىن دەيمەنا...

ئاكا-ئۇكا ئۇزاق مۇڭداشتى. كۆڭۈلنىڭ سىرى يېشىلدى. ياسىن ئىمىن ئىنىسىنىڭ يېڭى سىياسەتتىن قاناتلىنىپ، قاتتىق تۇتۇش قىلىپ بىرلا جەڭدە قەد كۆتۈرگەن بولسىمۇ، باي بولغاندىن كېيىن ھودۇقۇپ قېلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ تېگىدە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا بولۇۋاتقان چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە، زاماننىڭ تەلىپىگە بولغان ئاڭنىڭ بىقارارلىقى رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقىدى:

— ئۇكام، قۇرۇق گەپنى دېيىشىپ نېمە قىلىمىز؟ — ياسىن ئىمىن قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىدى، — تۇرمۇشتا غايىسى يوق ۋە كەلگۈسىگە ئۈمىدسىزلىك بىلەن بەپەرۋا مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم راستىنلا مەنىسىز ئادەم بولىدۇ. ئىككىمىزنى ئالساق بىرىمىز يول تېپىپ، ھالال ئەمگەك قىلىپ باي بولۇش ئۈچۈن، بىرىمىز باي بولۇشقا بەل باغلىغان نامراتلارنى يۆلەش

ئۇچۇن كۆچ چىقىرىۋاتىمىز. تارىخنىڭ
ئىش تەقسىماتى شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ
قىممىتى ئوخشاش، ئىزچىللىق گەپلەرگە
قۇلاق سېلىپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما.
ھوررۇنلۇق، نەپسانىيەتچىلىك بەزىدە پە-
رىشتىنىمۇ ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
مەن ساڭا باشقا دېھقانلارغا ئوخشاشلا،
ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان ئا-
دىل مەسلىھەتچىڭ بولۇشقا رازى بولدۇم.
دەيدىغىنىم، يىراققا نەزەر سال، باشلام-
چىلىق بىلەن بېيىغاندا، ئەل-يۇرتنىڭ
گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشنىمۇ ئۇنۇتما.
ھازىر سەن تاپقان بايلىق يەنە 10-20
يىلدىن كېيىن ساڭا ئوخشاش ئالدىدا
بېيىغان دېھقانلاردا بولىدىغان بايلىق
ئالدىدا ھېچگەپ بولماي قېلىشى مۇمكىن.
سەن ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ، بۇنىڭدىن كې-
يىن تېخىمۇ كۆپ تېرىلغۇ يەر، چارۋا،
ئورمان، تارقاق يېزا-بازار كارخانىلىرى
ئاستا-ئاستا ئىشلەپچىقىرىش ماھىرلىرىنىڭ،
جاھاننىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش جاسارىتى-
گە ئىگە باشلامچىلارنىڭ قولىغا مەركەزلى-
شىدۇ. بولمىسا، زامانىۋى تراكتور، كوم-
باين، ئاپتوموبىل، قۇدرەتلىك تېخنىكا
نەدە رول ئوينايدۇ؟ يېزا ئىگىلىكىنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش، دۇنيا سەۋى-
يىسىگە يېتىشىۋېلىش قۇرۇق گەپ
بولۇپ قالامدۇ؟ ئېسىڭدە چىڭ
ساقلا، سوتسىيالىزم ئەمدى گادايلىق ئە-
مەس ... بۇ سۆزنى كىمنىڭ ئېيتقانلىقىنى
بىلەمسەن؟...

— ئاكا!...

— ئىنىم...

7

مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى يېپىلىپ، تەخمى-
نەن 15 كۈندىن كېيىن، مەن خوتەنگە
كېلىپ يۇقاقۇم كەنتىنى، كېرەم ئىمىنىنىڭ
ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدىم.
ناھىيە مەركىزىدىن يۇقاقۇم كەنتىگىچە
بولغان 20 كىلومېتىرلىق يېشىل يول ۋە
بىپايان ئورمانلىقتەك بۆككىدە ياشناپ تۇر-
غان يېزا-كەنتلەر ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقى
كەلگۈدەك گۈزەل ئىدى. يەلپۈنۈپ تۇرغان
بۇغدايلىقلار، چوڭ-كىچىك يوللار، ئېرىق-
ئۆستەڭ ۋە مەھەللە-كويلارنىڭ ئەتراپ-
لىرى — ھەممە يەر قاتمۇقات ۋە كۆككە
بوي سوزغان سۇۋادان تېرەك، مەجنۇنتال-
لار بىلەن قاپلانغان. تەرەپ، تەرەپكە
كەتكەن كوچا-مەھەللە يوللىرى ئۈستىدى-
كى بېدىشتە پىلەك ياىغان ئۈزۈم تاللىرى
كىشىگە بىر خىل سەنئەت گۈزەللىكى
بېغىشلايتتى.
بۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ كۆڭلۈمدىن:
ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك خوتەن
خەلقى تارىختا ئۆزىنىڭ ئېسىل قاش تېشى
سەنئەتكارلىقى، رەڭدار گىلەملىرى، نەپىس
شايە، ئەتلەسلىرى خام قايماقنى بېسىپ
چۈشىدىغان سۈتلۈك ياڭاق ۋە ئالاھىدە
تەملىك قۇرۇق ئۈزۈملىرى بىلەن تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇب، شىمالى ۋە پۈتكۈل ئوت-
تۇرا ئاسىياغا مەشھۇر ئىدى، بۈگۈن ئۇ-
نىڭغا قوم كەلكۈنىگە قارشى جەڭ ئاچقان
خەلقنىڭ ئىرادىسى — «يېشىل سېپىل»
بەرپا قىلىش سەنئىتى قوشۇلۇپتۇ، دېگەن
خىيال كەچتى.
ئاپتوموبىلىمىز كېرەم ئىمىنىنىڭ ئىشى-
كى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ماڭا كىرەم ئىمىننىڭ خوتەن ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەممە يېرىدە ئوتقاشتەك زىلچا-گىلەملەر چاقناپ تۇرغان ئازادە ئايۋان-سارايلىرى ياقتى. ھويلا-ئارامدىكى ئۈزۈم تاللىرى، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆي ئىگىسىنىڭ گۈزەللىككە بولغان بىر خىل يېڭىچە خاھىشىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆيدە كىم بار؟...

ئاجايىپ ئىش، شۇنچە كاتتا، باي ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ يوق.

مەن ئەجەبسىنىپ، بىرەر يۈز كىشى مەشرەپ ئوينىسا بىمالال سىغقۇدەك ئايۋان-سارايغا، گىلەملەر سېلىنغان تۆت ئەتراپتىكى سۇپىلارغا، ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان 32 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزورغا ... قاراپ قويدۇم.

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش جالالىدىنغا كىرەم ئىمىننىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى ۋە ئائىلىسى خېلى تونۇش ئىدى. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ:

—قارىغاندا، بۇ ئۆيگە ھازىرچە بىز خوجايىن ئوخشايمىز، — دېدى.

بىز نېمە قىلىشنى، كىمگە سالام بېرىشنى بىلمىگەندەك، بىكار تۇرغۇچە ئىشتىكى ئوچۇق ياسىداق مېھمانخانىلارنى، ھۇجرا ئۆيلەر ۋە ئىسكىلاتلارنى ئارىلىدۇق، توققۇزى تەل تۇرمۇش ماڭا تەسىر قىلدىمىكىن، يولداش جالالىدىندىن سورىدىم:

— مۇشۇنداق ئائىلىلەر خانىرىق يېزىسىدا خېلى كۆپمۇ؟

— كۆپ ئەمەس، ئەكسىچە پەرقىمۇ چوڭ.

— مەسىلەن، قانچىلىك باردۇ؟

— بىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە، — دېدى ئۇ، — كىرەم ئىمىننى ئۈلگە قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى بىرلەشتۈرۈپ، يىللىق كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشقان ئائىلە خانىرىق يېزىسىدا ئۆتكەن يىلى 50 كە ئۇلاشتى، بۇ يىل يەنە بىر قىسىم دېھقانلار 10 مىڭ، 20 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ بىرنەچچە مىڭ ئائىلىلىك چوڭ يېزىغا نىسبەتەن بەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ ئۆتۈۋاتقانلارمۇ، ھال-كۈنى تەسلەرمۇ بار. بۇ يەردە بىر ئىش، ئالدىن بېيىغان دېھقانلار نامرات ئائىلىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مىسال ئۈچۈن كىرەم ئىمىننى ئالساق، ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن 17 نامرات ئائىلىنى يۆلەشنى — يەرلىرىنى ھەقسىز ئاغدۇرۇش، ئوغۇتىنى توشۇش، تېرىش-يىغىش ۋە ئۇلارغا مەسلىھەتچىلىك قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يار-يۆلەك بولدى، ئالتە ئائىلىلىك ياش دېھقاننى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلدى، ئىگە-چاقىسىز ئۈچ ئائىلىلىك ئاجىزغا باش-پاناھ بولدى...

بىر ئىشىكى ئوچۇق دەھلىزدىن ئۆتۈپ، ئارقا تەرەپتىكى ئۈستى يېپىق ۋە بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن مەخسۇس قوتاندا بوردىلىۋاتقان قويلارنى كۆردۇق. بەزى قويلار سېمىزلىكىدىن قۇيرۇقىنى كۆتۈرەلمەي، ياغاچ ئوقۇرنىڭ ئالدىدا تۇمشۇقىنى ئوقۇرغا تىرىگەنچە يېتىپ ھورۇنلۇق

بىلەن كۆشەيتتى.

مەن بىر قويىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ قويدىن 50 كىلو گۆش چىقارمۇ؟ — دېدىم.

— چىقراق چىقارمىكى، توپاقتەك لا سەمىرىپتۇ - ھە ...

ئېيتىلىشىچە، كېرەم ئىمىن ئەسلىدە يەرلىك سۈپەتلىك ئوغۇتنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە قوي، كالا بېقىشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىپ تاللىغان، 1984 - يىلى ماللار ھەسسىلەپ كۆپەيگەنلىكتىن، يۇرت ئىچىدە بېقىشقا ئامال بولماي، كۆپىنى تاققا چىقىرىۋەتكەن. يۇرت ئىچىدە گۆش قويلىرىنى تاللاپ بورداقچىلىقنى يولغا قويۇپ، ھەم يەرلىك ئېغىل ئوغۇتىنى، ھەم كىرىمىنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يەتكەن. پەقەت 1987 - يىللا يۈك، تېرە، گۆشتىن قىلغان كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

— خوتەندە گۆش قىممەت بولسا كېرەك؟ — سورىدىم مەن.

— قىممەتلىكى قىممەت، — دېدى يولداش جالالىدىن، — ئادەتتە ئەركىن بازاردا بىر كىلو گۆش 7 - 8 يۈەن. لېكىن كېرەم ئىمىن بەزىلەرنىڭ گۆشىنى ئەركىن بازاردا سېتىپ، كۆپرەك پايدا ئېلىش ھەققىدىكى دەۋەتلىرىگە ئانچە قىزىقمىدى. بورداقچىلىقنى يولغا قويغان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خوتەن شەھىرىدىكى ئۈچ مېھمانخانىنى دۆلەت بەلگىلىگەن باھا بويىچە ھەر يىلى ئۈچ توننىدىن كۆپرەك يېڭى گۆش ۋە يېتەرلىك تۇخۇم بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە بىر سۆزى بار: «مەن ئۈچۈن ئۇنۇم ئەلا، پايدا شەرەپ ئەمەس».

بىر مۇشۇ گەپ ئۈستىدە سۆزلىشىپ ھويلىغا چىققاندا، بىدىشنىڭ پىنھانىراق بىر يېرىدە بىزگە مولۇندەك قاراپ تۇرغان ئۈچ ياشلاردىكى قىپيالىڭاچ بىر ئوغۇل بالىغا كۆزۈم چۈشتى.

بالا بۇدرۇق، سېمىز ۋە ناھايىتى ساغلام ئىدى. قاپقارا خومالىق كۆزىدە، قىپقىزىل مەڭزىدە بىر خىل زېرەكلىك، بالىلىق مەسۇملۇقى جىلۋە قىلاتتى، لاي سۇغا چۆمۈلۈپ، توپىغا مىلىنىپ، قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ قىزارغان ئەت - تېرىلىرى مىستەك پارقىرايتتى، بىر قولىدا بىر پارچە ناننى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن بىزدىن ھايا قىلغاندەك ئۇچۇكىنى يېپىۋالغانىدى.

مەن مەسلىكىم كېلىپ سورىدىم:

— ھە، نوچى، سۇغا چۈشتۈڭمۇ؟

— چۈشتۈم.

— ئېتىڭ نېمە؟

— ھېكىم.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— دادامنىڭ.

— دادامنىڭ؟

— كېرەم باينىڭ.

— كېرەم بايمۇ، قايسى كېرەم باينىڭ؟

بالا لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدا جىلۋىلەنگەن شېرىن تەبەسسۇم بىلەن، خومالىق كۆزلىرىنى سۈزۈپ، ئايۋان - ساراي تەرەپكە قاراپ قويدى.

يولداش جالالىدىن كۈلۈپ:

— سەھرانىڭ بالىلىرى پىششىق جومۇ! ئېمىشقا بۇ ئۆيگە قارايدىغان ئادەم يوقكىن دېسەم، ئەسلىدە مۇشۇ بالا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقانىكەن - دە، — دېدى.

— داداڭ نەگە كەتتى؟

— دادامۇ؟ مەن بىلمەيمەن، ئىشىك ئالدىدا ئويناپ، يىراققا كەتمە دېگەن...

بالا شۇ گەپنى قىلىپ، بىر نېمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، ئىشىك دەرۋازا تەرەپكە قارىدى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازىدىن مايلاشقان نىمكەش شەپكىنى باستۇرۇپ كىيگەن بىر ئاقپىشماق يىگىت ئويناپ ئىسقىرىتقىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە چەكچىيىپ قارىغان بالىغا كۆزىنى قىسىپ قويىدى - دە، ئىسكىلاتتىن بىر تال سايماننى ئېلىپ، يەنە ئالدىراپ تالاغا ماڭدى.

— يىگىت، بىرگىمۇ قاراپ قوي، — دېدى جالالىدىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — سالام - سائەت دېگەننىمۇ قىلماڭلار، سىلەر نېمە ئادەم، بۇ يەردە نېمىش قىلىسىلەر دەپ، سوراپمۇ قويمايسىلەرغۇ؟...

— ھە، ھە. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن ئالدىراۋىراق...

— سىلى كىم بولىلا، كېرەم ئىمىننىڭ ئىنىسىمۇ؟

— يوقسۇ، مەن تراكتورچى.

— كېرەم ئىمىن نەدە؟

— كۆۋرۈكتە.

— كۆۋرۈكتە، نېمە كۆۋرۈك ئۇ؟

ئاقپىشماق يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە دەررۇ ھەيرانلىق، خۇدۇكسىنىشتەك بىر ئالامەت تېشغا تەپتى:

— ئەجەب ئىش، جاھانغا بىر كەتكەن ئىش تۇرسا!... سىلەر راستىنلا كېرەم ئاكامنىڭ 50 مىڭ كوي پۇل خەجلەپ، بورانچى دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟...

8

ئاقپىشماق يىگىت سايماننى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

بىز يەنە ھېلىقى بىر قولىدا نان تۇتۇۋالغان ئوماق بالا بىلەن قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرىۋىدىم، دەرۋازىدىن بۇرۇت قويغان بەستلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى ھېچقانداق تۈزۈت قىلمايلا بىز بىلەن تونۇشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن خانېرىق يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئەزىز قۇربان بولىمەن...

ئەزىز قۇربان چىقىشقاق، خۇش خۇي، كۆپنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كېرەم ئىمىننىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

— كېرەم ئىمىننىڭ 43 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، ئالتە مىڭ 600 كۋادرات مېتىرلىق، ئالتە سىنىپلىق، ئۈچ كورپۇسلۇق زامانىۋى مەكتەپ سالغانلىقىنى گېزىتلەردىن كۆرگەن بولغىيدىڭلار. يۇقاقۇم كەنتىدە تارىختىن بۇيان مەكتەپ بولمىغانلىقى ئېچىنىشلىق ئىش بولغان. ئۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى، قاراڭغۇ بۇلۇڭغا چىراغ يېقىلغاندەك ئىش بولدى. بۇ مەكتەپكە كېرەم ئىمىن ئۆزى پەخرىي مۇدىر بولدى. ئىككى يىلدىن بۇيان 100 دىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈر مەكتەپتە تۇراقلىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ. كەچتە، ساۋاتسىز قالغان 150 چە ياش - ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار نۆۋەتلىشىپ ئوقۇپ ساۋاتلىق بولدى. كېرەم ئىمىننىڭ ئۆزى بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان تۇنجى ئوقۇغۇچى...

ئەزىز قۇربانىنىڭ سۆزىدىن بىر يەنە، كىرەم ئىمىنىنىڭ خانىرىق يېزىسى بىلەن باشقا يېزا-كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىر قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بورانچى دەرياسىغا 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېمونت كۆۋرۈك سېلىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى، (تەخمىنەن 50 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىنىدۇ) ھازىر تراكتور ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ ئاراسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تاش-شېغىل توشۇپ، دەريانىڭ ئىككى قېشىنى 100 مېتىر قورۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كىرىشكەنلىكىنى، كىرەم ئىمىننىڭ شۇ تاپتا ئاشۇ ئىشقا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق...

مەكتەپ، كۆۋرۈك!... نېمىدېگەن ئوبدان كۆڭۈل، ئېسىل ھىممەت-ھە!...

بىراق بۇ ئىش كىرەم ئىمىن بىلەن توقسان ياشلىق ئىمىن ئاكا ئوتتۇرىسىدا دەرھال ئۆزىنى كۆرسەتكەن نازۇك بىر توقۇنۇشتىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئەلۋەتتە، بوۋاينىڭ كۆڭلى ياخشى. ئۇ جامائەتكە كۆپرەك ئىش قىلىپ، مەچىت سېلىش، ئازنا مەچىتىنى رېمونت قىلىش، ھەج قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئوغلىنىڭ ئىككى ئالەملىك ساۋابلىق ئىش قىلىشىغا تەقەززا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى دىنىي مۆتىۋەرلەر، پېشقەدەملەر ئىمىن ئاكا ئارقىلىق ياكى بىۋاستە ئۇنىڭغا، «بۇ دۇنيالىق مۇشۇنچىلىك بولسا بولدى. ئۇ دۇنيالىق مۇھىم. پۇقراغا نېمە كەپتۇ؟ مەكتەپ سېلىش، بالا ئوقۇتۇش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟...» دېيىشتى.

بىراق، بۇ كەمدە كىرەم ئىمىن كۆپنى كۆرگەن، ئاڭلىغانىدى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ھەرگىز سەل قارىيالمايتتى. يېقىن ئارىدا بۇ يەردە چىراي ئاچىدىغان مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت، مەدەنىيەتلىك گۈزەل يېزىسىنىڭ قىياپىتى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغانىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىلىملىك دېھقانلار، ئىختىساس ئىگىلىرى كېرەك ئەمەسمۇ؟ پۈتۈن بىر كەنتتە مەكتەپ بولمىسا، شۇنچە جىق ياش-ئۆسمۈرلەر كۆز يوپۇرماقلىرىدەك چېچىلىپ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قېلىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ، قانچە-قانچە قاۋۇل يىگىت، چوكانلارمۇ ساۋاتسىز قالغان تۇرسا!... بۇنىڭغا قانداق چىداش مۇمكىن!...

قەيسەر ئىرادە، رەھىمسىز رېئاللىق ئاخىرى غەلىبە قىلدى. ئىمىن ئاكا قايىل بولدى.

مەكتەپ... ئالتە سىنىپلىق ئازادە بىلىم يۇرتى!

مەن بۆككىدە ئورمانلىق ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن يېپيېڭى، ئۆلچەملىك، تام-تورۇسلىرى يېشىل سىر بىلەن نەقىشلەنگەن مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كاتتا تۆمۈر دەرۋازا ئۈستىدىكى «يۇقاقۇم كەنتى كىرەم ئىمىن باشلانغۇچ مەكتىپى» دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتكە قاراپ توختىدىم، قەلبىم ھاياجانغا چۆمدى.

مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا، بۇ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئېسىل ئەنئەنە. مەكتەپ ئېچىش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش... باشقىلار ئۈچۈن بەخت يارىتىش ئەمەسمۇ؟ بەزى كىشىلەر ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا

كۈنلىرىنى يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈش يولىنى تاللىۋالغان. يەنە بىر خىل كىشىلەر بولسا، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارلىق، تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، كۈنلىرىنى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. باسقان يولىدا ھامان ئىز قالدۇرىدۇ. ئالدىنقى بىر خىل كىشىلەر ھايات، ياشىغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ روھى ئاللىقاچان ئۆلگەن؛ كېيىنكى بىر خىل كىشىلەر گەرچە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ھاياتتەك تۇرۇۋېرىدۇ، بۇ سۆزنى قايسى دانىشمەننىڭ دېگىنى ئېسىمدە يوق، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قەدىر-قىممەتنىڭ، ئاددىي ھەقىقەتنىڭ ئەسلى قىياپىتى شۇ بولسا كېرەك.

مەن كۆڭلۈمدە، زامانىمىزدىكى يېڭى دېھقان كېرەم ئىمىنىمۇ مىللىتىمىز تارىخىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ، شامدەك كۆيۈپ، ئەتراپىنى ئۈزلۈكسىز يورۇتۇپ ئۆتكەن ئاشۇ سان-ساناقسىز ھىممەتلىك، يېڭىلىققا خۇشتار، مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى نوتىلىرى قاتارىغا قوشقۇم كەلدى.

— ئەسسالام، سۆيۈملۈك بىلىم يۇرتى!

مەن تەكلىماكان قىرغىقىدا بىر ساۋاتسىز دېھقاننىڭ ھىممىتى بىلەن قۇرۇلغان بۇ تۇنجى مەرىپەت گۈلزارلىقىغا ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىم بىلەن خۇشال قەدەم باستىم...

ئىمىن تۇرسۇن

# ھەج سەپىرىدىن

## 1. پاكىستاننى كۆرگەندە

### سىند جىلغىسى

سەھەر ئۆتتۇك قىزارغان تاغ ــ غۇنجىرابتىن،
يۇرەك سىقتى، نەپەس يەتمەي دۇت ـ ئازابتىن.
دېدى «سۇرخاب»، دېدى «غازە» بۇ تاغ ئارتنى،
سەپەرچىلەر قويار ئىكەن ھەرخىل ئاتنى.

بىرى دەيدۇ: داۋان باغرى ئال چېچەكلىك،
«غۇنجەر ـ ئاب» دۇر، سۇيى گويا قىزىل ئەڭلىك.
يەتتۇق ئاندىن چىمەن ئىچرە چەك ـ ئارىغا،
تەگدى زەخمەك جۇدالىقنىڭ دىل تارىغا.

سوس داۋاندىن ئېشىپ، قالدى شانلىق زېمىن،
دېدى بىزگە: «خۇش كېلىڭلار» ئەقسايى چىن.
ئالقىشلىدى كېلىپ دوستلار دەپ «مەرھابا!»
ھاردۇق ئېشى تارتتى، يەنە بەردى شورپا.

ئاندىن يۇرۇپ، كىرىپ كەتتۇق تاغلار ئارا،
بىرى ئۇڭدا، بىرى سولدا ئېگىز دارا.
جىرالارنىڭ قاپتىلىدا جىرالغان يول،
سۇرۇلمەك بەك خەتەردۇر بىر غېرىچ ئوڭ ـ سول.

تۆۋەن تەرەپ تەگسىز گويا، چوڭقۇر ھاڭدۇر،
قۇراملاردىن سەپەرچى تېخى ھاڭ ـ تاڭدۇر.
كۆرۈندى كارتىنىدەك بۇرۇنقى كارۋان،
ئۆمۈلۈشۈپ قاپتالدا، ئاغىلىشىپ داۋان.

قالمىش ھاڭدا قانچە ئادەم، قانچە ئۇلاغ،
يول ئازابى بولغانىكەن بۇرۇندىن بۇلاق

بويسۇندۇرۇپ جاپاكەش ئەل كېسەك يارنى،
سۆيەر ئىكەن گۈللەندۇرۇپ بۇ دىيارنى.
كەنت - مەھەللە جايلىشىپتۇ قاتمۇ قاتتا،
ھەرقاتتا بىر مېۋە، بوستان، ئېتىز تاختا.
سوستىن ئۆتۈپ ئۆتۈپ مەلىنى دېدى پونزا،
«كانجۇت» ئىدى بىزگە مەلۇم، ئەمدى خونزا.
گىلگىت① دېدى ھۆتەل نامى ماركوپولۇ،
ھۆتەل ئاشى سەۋزە سالماس زەيتۇن پولۇ.
دېدى «گىلگىت» ۋەتەنداشلار ئالقىشلىدى،
يۇرت ۋالىيسى ئارامگاھقا ھەم باشلىدى؛
قىلىپ سەيلە، بولۇپ مېھمان ئاندا بىر كۈن،
يەنە يۇردۇق ئىچكىرىلەپ بولسىمۇ تۈن.
ئۆيان ئۆتتۇق، بۇيان ئۆتتۇق جىلغا ئاتلاپ،
چاپتۇق راۋان كەنت ئارىلاپ، مەنزىل قاتلاپ.
ئەگرى - توقاي كۆپ بولسىمۇ سىلىق تاشيول،
دېدى: «بۇ — چىن ياردىمى، دوستلۇققا سىمۋول.»
بۇ يول ئۈچۈن بىزدىن ئىشچى پىدا بولمىش،
يول بويىدا پىدا قەبرى گۇۋاھ بولمىش.
بىر ئاي باسقان يولنى باستۇق بىرلا كۈندە،
سىند دەرياسى قالدى پەستە، كۆرمەي تۈندە.

## راۋالپىندى

كۆتۈپ ئالدى «خۇش كەپسىز» دەپ راۋالپىندى،
ھەممە «ھاجى شەھەرى②» گە كېلىپ ئىندى.
ئۆيلىرى ئاق، ئىگىن ئاق، ھەممە ئاقچىلىق،
مەئىشەتتە ھاجىغا بولدى توقچىلىق.

كۆرگەندۇق كارتىنىدا پاكىستاننى،
«مىڭ بىر كېچە» دىن ئاڭلىغان كۆپ داستاننى.
ئادەم تولا، ئاندىن موتور ئوچ رەستىدە،
ھەممە ھەريان چاپار ئىكەن پۇل دەستىدە.

① گىلگىت — پاكىستاندىكى شەھەر.

② «ھاجى شەھەرى» پاكىستان ھۆكۈمىتى راۋالپىندى، كاراچى شەھەرلىرىگە «ھاجىلار شەھىرى» (مەدىنەتۇل ھۆججاج) دەپ نام بېرىپ، پەقەت ھەج سەپىرىگە ماڭغانلارنى كۈتۈۋالىدىغان مەخسۇس شەھەرچىلەر بىنا قىلغان.

تەيتىللا ھەم زەرباب ساتار راجا بازار،
ھۈنەر - سەنئەت بازارىدا موتى ئوزار.
كېيىم - كېچەك كونا - يېڭى سەدرە① دىكەن،
بايدا ئەمەس ئالتۇن - كۈمۈش زەرگەردىكەن.
يېشىللىقتىن ئېگىن كېيگەن پەس تاغلىرى،
چېچەك بىرلە رەڭگارەڭدۇر كەڭ باغلىرى.
ھەرچاغ ئېرپان مەركىزىي—لاھۇر نۇرانە،
پېشاۋۇر، كاراچىدا نەغمە تەرانە.
ئىككى قۇتۇپ ئاندا روشەن - تۇراق ئىكەن،
گاداي رىزقى تەرراك②، باينىڭ قايماق ئىكەن.
ماقال راستىكەن: «زەردارنى كالا باسقان»،
راھەت شۇ دەپ «گادايىنى بالا باسقان».

بىر زامانلار شىمالدىن يەرلەشتى ساكا،
داڭ چىقارغان پەنجابتا راجا ئاسوكا.
لاداخ - كەشمىر ئۆتمۈشتە بۇددا ماكانى،
تارالمىشتۇر تارىمغا بۇددىنىڭ ئەركانى.
غەزنەۋى سەلتەنەتى قىلدى ھەم جەۋلان،
ئاقساق تۆمۈر ئات سالدى بولۇشقا مەۋلان.
قۇردى بابۇر قۇچۇپ قوش سەلتەنەت — زور بەخت،
كۆتۈردى ئەلەم، قۇردى قەلەمدە ھەم تەخت.
ئاندىن راجا خانلىرى زېمىن تالاشتى،
دۈشمەن نىپاق ئوچاقىغا ئوت قالاشتى.
ياۋروپادىن نىسارا كەلدى پالاقلاپ،
يىلىكىنى شوردى ئەلنى پالاخلاپ.
ئېگىن قايدا، ئاش قايدا، گادايلىق باستى،
تېزىپ خەلقى، زېمىننى قورايلىق باستى.
يورۇق كۈننى كۆرمىدى ئېلى ھۆرلۈكنى،
بىچارە - لە تولدۇردى زالىم كۆرلۈكنى.
ئەنە شۇنداق گۈل ماكان قىلىنغان گۇمراھ،
ئۈچ ئەسىرلىك كىشەندىن قۇتقۇزدى جىنناھ.
ئالدى ھوقۇق تىزگىنىنى ئەل قولىغا،
بۇ ئەل ئەمدى ھاياتنى سالدى يولىغا.

---

① راجا بازار، موتى بازار، سەدرە بازار — راۋالپىندى شەھىرىدىكى مەركەزلەشكەن سودا بازارلىرى.

② تەرراك — پاكىستان ۋە ئىراندا كۆپ يېيىلىدىغان بىر خىل نېپىز پىشمىر ئاكچا.

ئىسلامنى بۇ — پاكىستان قىلىپتۇ بايراق،
لېكىن بولغاي ھەمە ئەل ھاياتتا بايراق.

گۈللىنىپسەن گۈللەنگىن، بول يەنە بوستان،
تاپقىن تولۇق بەختىڭنى، ياشنا پاكىستان!

1986 - يىل 20 - ئىيۇل، راۋالپىندى.

## 2. ئىككى ھەرەمگە يەتكەندە

### جىددە

بىېسىپ ئۆتتۇم چۆچەك بولغان شور دەرىيانى،
كۆردۇم يورۇق يەر يۈزىدە سۇرەييانى①.
بەھرى بويى بولغان ئاتى «جىددە» ئىكەن،
شائىخەي كەبىي كەلدى ـ كەتتى جىددىي ئىكەن.
ئۈزۈلمەسكەن گۈلدۈرلەشلەر ئاسمىنىدا،
مەغىلدىركەن ھەرخىل جىنىس زېمىنىدا.
قىزاردى يۈز چۈشۈپ يەرگە ھارارەتتىن،
ئالدۇق چىدام تىلەكىمىز زىيارەتتىن.
ئون ئىككىنچى ئۈيدىن ئۆتۈپ بىردىن ـ بىرلەپ،
ئىمزا ئۈچۈن خانە ئىزدەپ يۈردۈق لەيلەپ.
ئۆتتى بىر كۈن، يا ئۆتمەدى غىمزا گالدىن،
قېرى ساللار تەمتىرەشتى، كەتتى ھالدىن.
ئاخىر كەلدى «ۋەكىل» بىزدىن ئەھۋال سوراپ،
ماڭدۇق ئۇلاش مەككە تامان ئۈدۈل قاراپ.
ئالقىشلىدى بارچە بىزنى «چىنى» دىبان،
بۇ «چىن» سۆزى بولدى بىزگە كۆپ مېھرىبان.

1986 - يىل 1 - ئاۋغۇست، جىددە.

### مەككە ھەم ۋەتەن

خۇپتەن بىلەن كۆردۈم مەككە دىيارىنى،
ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن قىبلە ـ ھەق يارىنى.
ئاق دېگىزدەك بارچە ھاجى ئېھرام بىلەن،
تەسبىھ ئوقۇر ئىخلاس بىلەن، ئېكرام بىلەن.

---

① سۇرەييا — يەتتە يۇلتۇزلىق ئەرەبچە ئاتىلىشى.

*

ئەسەر يوقدۇر ئۆتمۈشتىكى تاش ئۆيلەردىن،
قات-قات بىنا بوي تارتىپتۇ كوي-كويلاردىن.
ماغارىلەر ئۆتۈشتۈرگەن ماي يوللارنى،
ئاسما كۆۋرۈك تۇتاشتۇرغان جىرالارنى.
ئىسمائىلنىڭ ئاياغىدىن چىققان زەمزەم،
بۇرغا بىلەن تۇرۇبىدىن ئاقار شۇدەم.
سۇسىز چۆلدە ئۇسسۇلۇق ھەم سەيراپچىلىق،
يېمەك-ئىچمەك ئاندىن بەتتەر ئىسراپچىلىق.
تۇشمۇ-تۇشتىن تۆكۈلەركەن رەڭگارەڭ مال،
خېرىدارلىق سودىگەر كۆپ، دۇكان پال-پال.
تىلاۋەت ھەم تىجارەتتە قاينار قازان،
لېكىن ئۈستۈن بارچە ئۆندىن ئاندا ئەزان.
بارچە بىنا تەزىم قىلۇر بىر بىناغا —
كىردىم ئاشۇ قۇتلۇق ماكان — بەيتۇللاغا.
يۈزۈم سۈرتتۇم ئىخلاس بىلەن قارا تاشقا،
دۇنيادا كۆپ قارا تاشلار بۇدۇر باشقا.
ئەرافات ھەم مۇزدەلىفە، مىنالارنى،
تاۋاپ قىلدىم ئوقۇپ ھەمدۇسانالارنى.
تۇتقىنىمدا ھەرەم چايغا يۈرەكىمنى،
بېغىشلىدىم ئەل يۇرتۇمغا تىلەكىمنى.

*

ھەج ئاداسى ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز،
لېكىن ئەلگە ئىشلەش ئۆمۈر بويىچە بىر قەرز.
تەھامە① نىڭ ئوت تەپتىدە كۆيسە تاپان،
يۈرەك كۆيدى يۇرت مېھرىدە ئاندىن يامان.
ئالدىرىغان قانچە مەككە تاۋابىن دەپ،
تۇرالمىدىم تارتىپ دىلنى يۇرتۇم، ئەجەپ،
پەيغەمبەرلەر ئانا يۇرتىن بىلگەن ئەزىز،
شۇڭا يۇرتۇم بولدى ماڭا ئاندىن لەزىز؛
يۇسۇپ بىلگەن جاندىن ئارتۇق شۇ — كەنئاننى،

① تەھامە — مەككە شەھرى جايلاشقان رايون.

تۇپرىقىغا تەلۋ قىلمىغان ھەر ئىنسانمنى.
يارالمىشلىق يۇرتۇڭدا دەپ ۋەلىي موسا،
قايىتۇرمىشدۇر ئۈز قەۋمىنى تۇتۇپ ھاسا.
ئازاب چەكسە ھەم يانمىغان يولدىن جىرجىس،
مۇساپىردىن قالماس دېگەن، ئۇ مەڭگۈ ئىز.
«ھۇببۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان» دەپتۇ ھەدىس،
ئول مەككىدىن شۇڭا يۇرتقا بولدۇم ھىرىس.

1966 ـ يىل، 15 ـ ئاۋغۇست، مەككە.

## مەدىنە زىيارىتى

نۇرلۇق يەسرىب زىيارىتى بولدى قىسمەت،
دىلىم روشەن بولدى ئاندىن بىلىپ ھېكمەت.
توققۇز كۈندە تۈگە بىرلە باسار يولنى،
توققۇز سائەت يۈرۈپ يەگدۇق شۇنچە چۆلنى.
دېگەر پەيتى يەتتۇك ئەرەب بوستانىغا،
چۈشۈپ نەججار ـ قۇتلۇق مەسچىت ئاستانىغا.
تېخى تىنماي، ئۇلۇغ ئۆيدىن چىقىپ ئەزان،
ئاشقا باقماي، ناماز ئۈچۈن چاپتۇق شۇئان.
كەبىيانىڭ رەۋزەسىنى قىلدىم تاۋاپ،
بولسىمۇ گەر ھارارەتتىن باغرىم كاۋاپ.
نۇر مەدىنە ئىنككى يېنى چۆل تاغ ئىكەن،
لېكىن ئەرەب چۆلىدە ئۇ گۈل باغ ئىكەن.
خورمىسىدىن زىيارىتى بولۇپ تاتلىق،
ھارارەتنى بېسىپ چۈشتى بىزدە شادلىق.
تەسىر ئالدىم، ھەيران بولماي، مەدىنەدىن،
ھەم بەھرىمەن بولدۇم ناماز ئازىنەدىن.
مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار ئىزلىرىنى،
زىيارەتلەپ ھەم ئەسلىدۇق سۆزلىرىنى.
خەمسە مەسچىت ـ ئۇلۇغ زاتلار قەدەم جايى،
گەلگەن بارچە تاۋاپ ئەيلەر خاكى پايى.
يەڭگۈشلەپتۇ قۇبا مەسچىت بىناقىنى،
قايتا بىنلدۇق ئاندا رەسۇل ئەخلاقىنى.
تونۇش ئىدى كەبىيانىڭ قىسمىسىدىن،

«ئوهۇد جېڭى» شۇ قىسسەنىڭ ھەسسەسىدىن،
«ئوهۇد» دېگەن بۇ نام تىلدا ئىپتىخارلىق،
بىر يان تۆپە، باقسام، بىر يان ئېگىز يارلىق.
غازات قىلمىش ھەمزە باشلىق غازىيانلار،
يەتمىش شەھىد بولدى جەڭدە ــ كۆپ زىيانلار.
لېكىن دۈشمەن يېڭەن ئەجەب دەككىسىنى،
تارىخ بىلۇر ئوهۇد، بەدىر تۆھپىسىنى.
تارتىپ جاپا، قىلىپ جەڭلەر قانچە زامان،
تاپتى ئاندىن ئەھلى ئىسلام رەۋناق ھامان.

**

پەيغەمبەرمۇ مەدىنەنى ھىجرەت دېدى؛
مەككە ئۈچۈن خۇدا بەرگەي جۈرئەت دېدى.
قىلدى ساۋاپ پەتھى بولماي مەككە تېخى،
سۈردى يۈزىن تۇپرىقىغا ئاخىر چېغى.
يۇرتنى سۆيمەك پەيغەمبەردىن ئۇدۇم ئىكەن،
يۇرتۇم ئەزىز، يۇرت ـ لە ئەزىز بۇدۇن ئىكەن.
بولغاچ ئەدا پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرى،
ماگىنىتتەك تارتتى يۇرتۇم «جەننەتلىرى».

1986 ـ يىل، 21 ـ ئاۋغۇست، مەدىنە

## 3. تۈركىيەنى كۆرگەندە

### ئىستانبول

كىتابتىن كۆردۈم ياشلىق كېزىمدە، ئاتمىشتىن ھالقىپ كۆردۈم بويۇڭنى،
«ئىستانبول» دېگەن داڭلىق ئېتىڭنى. دېدىم ئاپىرىن شان ـ شەۋكىتىڭگە.
زىيارەت قىلماق ئىدى ئىستىكىم، شۇنچە ئارىلاپ كوچا ـ كويۇڭنى،
ئۆمرۈمدە، گۈزەل قەد ـ قامىتىڭنى. تويمىدى كۆڭلۈم نازاكىتىڭگە.

مومامدىن ئاڭلاپ گۆدەكلىكىمدە، خىسلىتىڭ بىرلە تونۇشتۇرۇپسەن،
«روم خەلىپەم» دەپ تالاي چۆچەكلەر؛ بالقان چېكىنى تۇران ھەددىگە؛
سەرگۈزەشتىڭنى بىلەتتىم ئۆزە، ئىككى دېڭىزنى ياندىشتۇرۇپسەن،
بېغىڭدىن تەرسەم دەيتتىم چېچەكلەر. تىمسال بولۇبان ئەتراك قەددىگە.

ۋەرلە زەپەرى ئويىنتىپ يالمان،
پۇچۇلماس تاشنى باسمىش ئۇلۇغلۇغا.
كامال① كۆرستىپ ھۆرلۈكتىن نىشان،
ياندۇردى يېشىل چىراغ يولۇغا.

جۇغۇك يارالمىش باباڭ ئىلكىدە،
ۋىزانتىيىنىڭ خاراباتىدىن.
ئېگىن كىيىپسەن يېتىپ ۋايىگە،
ئاۋاتور ئەۋلاد شەراپىتىدىن.

قىتئە كارۋانى، مۇھىت كارابى،
توشۇغان ھەريان ئىككى ئېرپاننى.
ھەر ئۇلۇس ئۈچۈن بولدى ساۋابى،
بىلگەچ نىسارا مەشرىق - چولپاننى.

بويسۇندۇرۇپتۇ ئۇچما كۆۋرۈكىڭ،
ئاستىغا بېسىپ زۇمرەت بوغازنى؛
قىلغاچ مۆجىزە ئىككى بىلىكىڭ،
ئاڭلىدى جاھان ياڭراق ئاۋازنى.

بېقىپ «تاق» دېسەم، داڭقىنى ئەسلەپ،
تۇغۇلغاي دېدىڭ يەنە بىر «ئۈچقۇر».
بوغازنىڭ يۈزى گوياكى پەسلەپ،
يەنە بېلىدىن باغلانمىش پوسپور.

چاچ بېغى بوپتۇ «ئاتا كۆۋرۈكى»،
«بىيىبلەر بىيى» چۇ، چاچپاغقا تەڭگە.
ھەرەم ئوردىسى — قورغان تۈۋرۈكى،
غازىيان بولمىش ئۆتمۈشتە جەڭگە.

جامەلەر شاھى — ئەھمەد جامەسى،
كۆككە تاقالمىش قۇببا نەيزىسى؛
بېقىپ ئۇلگۈرمەي، ئاندا خانەسى،
«مەرھابا» دېدى دولما ھەۋزىسى.

بىلىندى ماڭا گويا مۆجىزە،
«ئەينەكلى ساراي»، يۇلتۇز باغچىسى؛
دولما باغچىسى — دېڭىز تەكچىسى،
قانچە ئەسىرنىڭ نەق گۇۋاھچىسى.

سېپور سەرگىگە سەپ بولۇپ ياندىش،
ھەربىي مۇزېيى تارىخ ئەسلىتەر.
ئوردۇغا ئاندا تىكىلگەن سىن تاش،
چېلىنار جەڭگە ئۈندىگەن مەھتەر②.

«تەقسىم» ئۆزىمۇ شەھەرگە تەقسىم،
بېسشىلىك تاش ئاڭا بىر ھەقەمسايە؛
كونا قىتئەدىن بولۇپ بىر قىسىم،
قابا تاش سۇغا تاشلاپتۇ سايە.

«يىپەك يولىدا» ئاخىرقى گۆزەر،
بولغاچ قايىندى سەندە مەرەكە.
ھەممە ئىنسانلار تاشلىغاچ نەزەر،
مەرىپەت گۈللەپ تاپتىڭ بەرەكە.

خىسلەت ياراتتىڭ ئاندىن ئۆزگىچە،
ساڭلا خاستۇر رۇسۇم - ئادىتىڭ.
مۇشكىبار بولمىش سەھرا - تۈزگىچە،
ئۆتۈپ قۇددۇستىن كۈچ ھەم قۇدرىتىڭ.

ياشنا، ئىستانبول، گۈزەل ئىستانبول،
ھەق يولنى بويلا، يۈكسەل ئىستانبول.
ئايغا چىققانمۇ سەن كەبى ئىنسان،
قەۋمىڭ تىلىدا بەدىئىي داستان بول!

1986 - يىل، 8 - سېنتەبىر، ئىستانبول.

① تۈرۈك ئاتىسى — مۇستاپا كامال.
② مەھتەر — ئەسلىدە جەڭگە ئۈندەيدىغان ھايقىرىق، كېيىن توشۇنۇشنىڭ جەڭ مارشى بولغان.

## ئالتۇن بۆشۈك

كۆردۈم بىر ئالتۇن بۆشۈك قەسرىدە،
تەۋرىگەن بىر تالاي سۇلتان ئەسرىدە.
چوڭىغان بۆشۈكتە خىلمۇ خىل پەرزەنت،
راھەتكە بىرى خاس، بىرى جەڭگە بەنت.
چىقارغان بىرى نام ئۇرۇش غازات دەپ،
بىرى مەن—ھۆكۈمدار، بىرى—قۇززات دەپ،
كۆتۈرمەي بىر سوپى ئىبادەتتىن باش،
بەرمىگەن يا يۇرتقا سائادەتتىن ئاش.
ياساپتۇ كاشانە، بىرى، ھەم تۇرمە،
كىيىپ تاج گۆھەردىن ئويننىشى بەزمە.

«تەڭ قىلغان پەلەككە ئالتۇن تاجىنى»،
بەربىر يەر يۇتتى، شۆھرىتى قېنى؟!
تۇرار ئۇ كۆرگەزمە بولۇپ، تەۋرىمەي،
خانلارغا گۇۋاھچى بولۇپ، سۆزلىمەي.
پەلەكنىڭ ئىشى شۇ: بىرى ياتاركەن،
ئاشۇنداق بۆشۈكتە، ھەسەل يالاركەن؛
ئۇرالسا بىرى قات تاۋار- تورقىغا،
توككىدە چۇشەركەن بىرى بورىغا.
تاۋار ھەم زەر بۆشۈك ئادەم قىلالماس،
ئەمگەكسىز ئاقىل ھەم ئالىم بولالماس.

١٩٨٦ - يىل، ٦ - سېنتەبىر، ئىستانبول.

## سالام ئەنقەرە!

سالام ئەنقەرە، ئەلنىڭ يۈرىكى،
سەندىن تارالمىش كامال سۇلۇكى.
كەزدىم ئۆي- تۆپە يېڭى شەھەرنى،
ئۆتكۈزدۈم تۈيماي قانچە سەھەرنى.
سىن كىرگۈزۈپسەن ئاناتولىغا،
تۇرۇم بولۇپسەن دۆلەت ئۇلىغا.
بويىلىرىڭ كونا، يېڭى كويلىرىڭ،
نۇسرەت ئىچىدە بولۇر تويلىرىڭ.
ئازادە كوچاڭ، بىلىنمەس غەلۋە،
ياكى كۆرۈنمەس جېدەلچى تەلۋە.
ئەھلىڭمۇ تازا، يوللىرىڭ پاكىز،
جاھالەتتىن ھەم قالماپتۇ كۆپ ئىز.
كونىغا شاھىت مۇزېيىڭ بېتى،
يېڭىغا گۇۋاھ كامال تۇربىتى.
تۇربەتنى يوقلاپ قىلدىم زىيارەت،
ئەمەس نىيىتىم ئاددىي ساياھەت.
تامدا لەۋھەسى، ئۇكۆت دەپ بىلدىم،

ئىلگە ئۇنى بۈركۈت دەپ بىلدىم.
چۈنكى زوراۋان قىلغاندا قامال،
قۇتقازمىش ئەلنى ئۆلۈمدىن كامال.
كامال ئۇرانلاپ: ئېرپان دەپتىكەن،
تاپسا ئېرپان كىم چولپان دەپتىكەن.
چىرمار نادانىنى ئۇلپان دەپتىكەن،
جاھالەت ۋەھشىي قاپلان دەپتىكەن.
شۇڭا ئېرپاندىن تاپقاچ كامالەت،
يېڭى تۈركىيە كۆلمىش ئالامەت.
فېئودال مىڭ يىل چىرماپ يول توسۇپ،
پەرەڭلەر كەتكەن سەن- بىزدىن ئۇزۇپ.
سەن ھەم بىز كەبىي قەدىم جاھانغا،
قۇرايلى ئەلنى لايىق زامانغا.
چىنۇماچىن، بىل، قوللايدۇ سېنى.
ئۇتقىل يېڭى يول، قۇتلايدۇ سېنى.
يۈكسەل ئەنقەرە، بىزنى قولداش بىل،
سەن- ئاسىيالىق، بىزنى قانداش بىل!

١٩٨٦ - يىل، 16 - سېنتەبىر، ئەنقەرە

## ٤. ئىراننى كەزگەندە

### تېھران

«باشتا زەررىن تاج، يا چورۇق ئاياقتا،
بەربىر، ئەبەدىي ھايات قاياقتا؟»
(فىردەۋسى)

كۆردۈم ئاران ئەسپەھاننى تاڭ ئاتماستا،
ئۆتتۈم يانداپ خۇراساننى كۈن پاتماستا.
كۆرەلمىدىم تارىم قاز① نىڭ قەدەم ئىزىن،
تۈندە كەزگەچ قالدى چەتتە قەدىم قەۋزىن.
سەھەر كىردىم داڭلىق تېھران رەستەسىگە،
خىيالىم بەنت تارىختىكى تۆھپەسىگە.
كازىمىينىڭ باياندىن مەلۇم تېھران،
زاھىرىدىن كۆرۈنمەسكەن ئانچە بوھران.
قانچە رەستە بىر-بىرىدىن سىن تالاشقان،
زامانغا باب ئەسۋاب بىلەن ئاۋاتلاشقان.
ئاھالىنىڭ سىياقىدىن چۈشكۈن كۆردۈم،
تامدا شوئار، جەڭ مەدھىيىنى جۇشقۇن كۆردۈم.
ھەممە كاناي ياڭرار ئىكەن قىرائەتتىن،
مەمنۇن ئىكەن شەيخ-سوپىلار بەراۋەتتىن.
كوچىلاردا يىگىت-قىزلار سىيرەك ئىكەن،
خېرىداردىن سېتىقچىلار كۆپرەك ئىكەن.
كونا تېھران قەدەم باسقان يېڭىلىققا،
يېڭى تۈستىن قىزىپ، كىرمىش يېغىلىققا.

1986-يىل 1-ئۆكتەبىر، تېھران.

### كەيان قەسرى

«بىر قۇش كۆردۈم تۇس شەھرىدە تاڭ پەللىسى،
ئۇنىڭدا ياتار ئىدى كاۋۇسنىڭ كاللىسى؛
قاراپ دەيدۇ ئاڭا ئۇ قۇش: ئەپسۇس، ئېسىت،
قېنى ئالتۇن قوڭغۇراقلار، ناغرا سەسى.»
(ئۆمەر ھەييام)

ئۆتمۈشۈڭگە نەزەر سالسا دانىش ئىنسان،
تەبىر بېرىش گۆزەشتىڭگە ئەمەس ئاسان.

---

① تارىم قاز — ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياب) نىڭ قىزى، رىۋايەتتە ئۆلىڭ نوۋ ئۇۋۇلىغان يېرى «قاز ئويۇن» دەپ ئاتالغان، كېيىن «قەزۋىن» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

قانچە ۋەقە ـــ جەريان ئۈچۈن بولۇپ شاھىد،
فىردەۋسىمۇ تىزغان نەزمە ئاڭا ئائىد.
كەي قەۋمىدىن ئۆتتى قانچە زور كىسرالار،
قولداش بولۇپ ئاڭا زەردۇشت ھەم تەرسالار①.
بىرى بولسا، تالان ـ تاراج ئۇستىكارى،
يەنە بىرى، روھىي كىشەن سەنئەتكارى.
كېچىپ ئۆتكەن ئەفراسياب خان جەيھۇننى،
سىياۋۇش ـ لە توسقانىدى تەھەممەتەننى②.
بولدى كەسىپ كەيانلار[illegible]، ئەرتۇڭا خانغا،
ئارام بولماي يا ئىرانغا، يا[illegible] تۇرانغا.
ئىلدىن سۆزۈپ ئۈنچە يىغدى قانچە شاھلار،
قىلدى سەرسان ئەھلى پەنجابنى گۇمراھلار.
سىغماي يەرگە، تىكىپ كۆككە قۇش كۆزىنى،
يۇيدى ئۇلار قانلار بىلەن قان يۈزىنى.
پىل تەن جەمشىد ھەم فەرىدۇن ھەم ھۇشەڭ شاھ،
سىغىشمىغان بىر ئىرانغا، تارىخ گۇۋاھ.
تىزىلىپتۇ ئالتۇن تاجلار شاھ قەسرىدە،
ساراي بولمىش بەھرەم، شاپۇر شاھ ئەسرىدە.
نوشىرۋاننىڭ زەر تاجىسى يالتىراركەن،
ئۇنى باققان قاراۋۇللار قالتىراركەن.
كەيانىلار تۇربەتلىرى تۇرار قاتار،
دەرۋازىۋەن بىر كۆرمەكنى پۇلغا ساتار.
كىسرالارنىڭ زەر تەختىگە قونماي توزان،
تەختى گۇمران بولغان قاچان، ئەينى خازان!

### كىچىككىنە مۇتالىئە

ئىران ـ سەئدى، ھاپىز كەبىي مۇمتازلارنىڭ ـــ
ۋەتەنىدۇر، جەرىرىدەك ئۇستازلارنىڭ.
غەزەل كانى ئەمدى بولدۇڭ جەڭ دىيارى،
ئاڭلانمىغاي جەڭ خۇمارغا قەلەم زارى.
يەر تېگىدىن چىققان ئېسىل يەرنىڭ يېغى،
پۈركۈلۈپتۇ كۆككە زايا، بولغاچ يېغى.

① زەردۇشت ـــ ئاتەشپەرەسلەرنىڭ پېشۋاسى؛ تەرسالار ـــ نەستورىئان دىنىدىكىلەر، خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى.

② سىياۋۇش ـــ ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى، ئەفراسيابقا دوست ھەم كۈيئوغۇل بولغان؛ تەھەممەتەن ـــ رۇستەمنىڭ لەقىمى.

هوشۇڭنى تاپ، پارس قەۋمى، كەڭ جاھاندا،
ئىقبالىغا باق، بولما خاراب بۇ زاماندا.

٤ - ئۆكتەبىر، تېھراندا

## تېھران قىزى

ھەممە تەفسىر - قىسسىلەردە ھۆرنى دەيدۇ،
ھۆر ھۆسنىدە قىلىۇر جەۋلان نۇرنى دەيدۇ.
ئەگەر قىلسا سوئال ماڭا: ھۆر نەدە؟ دەپ،
جاۋابىم شۇ: تېھراندۇر، بۇ راست گەپ.
تېھران قىزى، نەزەر سالساڭ، ئەجەب نازلىق،
نازاكەتتە ئاڭا خاسدۇر ئىمتىيازلىق.
گۈل يۈزىدىن خىجىلدۇر گۈل، گۈزەل ئاندىن،
يۈرۈشلىرى سىلىق، بويى پۈزۈل ئاندىن.
مەپتۇن قىلۇر ئەت - ئۆڭىنىڭ سۈزۈكلۈكى،
خۇيى - خۇلقى، سۆلكىتىنىڭ تۈزۈكلۈكى،
قاۋۇل رەسسام سىياقىنى راست بويالماس،
«نامىسىز گۈزەل»① ھېچ قولىغا سۇ قۇيالماس.
باشتىن - ئاياغ ئورانغىنى قارا شايى،
بىلسەم، بۇ چاغ قارالىقكەن ھەرەم ئايى.
«نامەھرەم» دەپ جاۋاب بەرمەس قويسا سوئال،
كۆلكە ھارام بولغاچ ئاندا، قىيىن ئەھۋال.
ئايدەك يۈزى بۇلۇت ئىچرە ئۈزەر غەمكىن،
خالى ئەمەس كىيىك كۆزى ئاچچىق نەمدىن.
سۇردۇم خىيال: بەلكى يارى يوق يېنىدا،
«غازات» دىبان يەرنى بويار ئۇ قېنىدا.
ھۆرلەر يۈرتى جەننەت، لېكىن ئەمەس گۈرلۈك،
ھۆرنى دېسە ھۆرگە كېرەك ھۆرچە ھۆرلۈك.

*   *

دىلبەر دېگەن ھاپىز روھى قىلسا جەۋلان،
سەئدى سىزغان ھېكمەت ئەلدە قىلسا دەۋران؛
ئالتۇن جاملار قايتا تولۇپ ئىچسە ئۈمەر،
شۇ چاغ كۈلەر ئىران قىزى، ئىران كۈلەر!

٦ - ئۆكتەبىر، قۇم يېنىدا

① رۇس رەسسامى كراسكوي سىزغان رەسىم نامى.

ئابلىمىت ئىمىن

## مەن مىلتىقنى تۇراي قۇچاقلاپ

ھەركېچە ئويغاقمەن، ئۇيقۇ ماڭا يات،
تۇرىمەن چېگرىدا مىلتىق قۇچاقلاپ.
ھەمراھىڭ بولاي مەن دېگەندەك گويا
كۆز قىسار يۇلتۇزلار كۆكتە چاراقلاپ.

تۈن كېچە، تاغلارمۇ ئۇيقۇغا چۆككەن،
بۇلۇتلار قوينىغا قويۇپ بېشىنى.
ئۈزىدۇ ئەگىم ئاي كۆكنىڭ قەرىدە،
ئەسلىتەر ئەگمىسى قىزنىڭ قېشىنى.

ئورمانلار تىپتىنىچ شىلدىرىمۇ يوق،
شۇ تاپتا قۇشلارمۇ ئۇيقۇغا چۆككەن.
ئاڭلانماس بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىمۇ
ۋە بەلكىم ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەن.

مۇشۇنداق ئاي، يىللار ئۆتتى قوغلىشىپ،
ۋىسالىنىڭ شارابىن ئىچمىدىم قېنىپ.
ۋە ياكى سۆيمىدىم يارنىڭ لېۋىنى،
«بارمۇ سەن، جېنىم!» دەپ بويىنىنى ئېگىپ.

شۇ تاپتا مەن بىلەن تەڭتۇش يىگىتلەر،
يار بىلەن ماڭغاندۇ كىنودىن يېنىپ.
ۋە ياكى يانغاندۇ دەريا بويىدىن،
ئىرمىشىپ، چىرمىشىپ، سەيلىگە قېنىپ.

مەن شۇ تاپ ئويغاقمەن ئۇيقۇ ماڭا يات،
ئېھ، ياشلار، سىلەرچۈن قىلمايمەن ھەسەت.
رازىمەن سىلەرنىڭ بەختىڭلار ئۈچۈن،
ئۆتۈشكە مىلتىقنى قۇچاقلاپ ئەبەت!

ئابدۇرىشىت غوجا

## جەڭچى

ئاسمان گويا كۆمتۈرۈلگەن جام،
نە ئاي، يۇلتۇز كۆرۈنمەس پەقەت.
مىدىر - سىدىر قىلماس قارىغاي،
تىلىگەندەك زېمىندىن شەپقەت.

جىمجىت كېچە، ئەتراپ ئۇيقۇدا،
چىرىلدىماس چېكەتكىلەر ھەم.
توپۇرلەيدۇ مۇشتۇمدەك يۈرەك،
بىر سەزگۈرلۈك ئاڭا مۇجەسسەم.

يېزا، شەھەر، يىراق ئايماقنى،
شېرىن ئۇيقۇ ئالغان ئىلكىگە.
بەخت بولۇپ تۇيۇلار بۇ ھال،
كېچە پوستا تۇرغان جەڭچىگە.

## بۇلاق سۇلىرى

شىر - شىر ئاققان بۇلاق سۇلىرى،
كۆيلىرىڭگە مەپتۇنمەن ئەبەت.
شاۋقۇن سېلىپ ئېقىشلىرىڭدىن،
پاك قەلبىمگە ئالىمەن لەززەت.

تىنىقىڭدا ئەكسى بار گۈلنىڭ،
شاۋقۇنىڭدىن ئاڭلايمەن ناۋا.
چىمەنزارلىق خۇش بولۇپ سەندىن،
لەرزان، لەرزان سالىدۇ ساما.

شىلدىرلىشىڭ ناخشامغا تەڭكەش،
ئوقچۇشلىرىڭ ئىلھامىم مېنىڭ.
ئاق، توختىماي بوستانلار ياساپ،
سۆيۈنچىسى بولۇپ قەلبىمنىڭ.

## كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقىدا ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي يازغۇچىلار يىغىنى 1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن جاڭ گۇيتىڭ، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، خەن ۋېنخۇي، قەييۇم تۇردى، شاكەن ئوڭالباي، گوجىنەن، جۇفېي، ساخا ۋە پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن زۇنۇن قادىر، ئابدۇشۈكۈر يالقىن، زوردۇن سابىر، تۇرغۇن ئالماس، رەخمىتۇللا جارى قاتارلىقلار شۇنداقلا بۇ قېتىم كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان 15 كىشى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى ۋۇ چېڭفىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىمىن ئەخمىدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ (88) 36 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى يەتكۈزۈپ، ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل، ئابدۇراخمان قاھار، مۇھەممەت باغراش، توختى ئايۇپ، ئابدۇللا ساۋۇت، نۇرمۇھەممەت توختى، دىلبەر قەييۇم، ۋۇلىيەنزېڭ، جاڭ دېيى، جاۋگۇاڭمىڭ، ئومارغازى ئايتان، غالىم قاناپىيا، شايمۇرات قامزا ۋە ئا. تەبە قاتارلىق 15 كىشىنىڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇيتىڭ سۆزگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش ئىشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمىدى، بىز ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىش بۈگۈن ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشقا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىرلا گۈل ئېچىلغىنى بىلەن باھار بولمايدۇ، يارچە گۈللەر ئېچىلغاندىلا، باھار بولىدۇ. يېقىنقى

يىللار مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە زور تەرەققىياتلار بولدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىگە ماسلاشقان ھالدا بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئەدىبلەر ۋە ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرمۇ بار، لېكىن كۆپ ئەمەس. ئىلغار جايلارغا ۋە ئېھتىياجغا سېلىشتۇرغاندا، يەنە پەرق بار. بىزدە 13 مىللەت بار، ھەر مىللەتتىن بىر ئەدىب مۇكاپاتلانغان بولسىمۇ، 13 كە يەتكەن بولاتتى. شۇڭا بۇ قېتىم تەكلىپ قىلىنغان كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ تېزدىن ئىشقا كىرىشىپ، بالدۇرراق تۆھپە قوشۇشى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلىنىپ قالدى.» يولداش جاڭ گوۋېتىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشىنى، ياش يازغۇچىلار بىلەن پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى، يەنى ياش يازغۇچىلار پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ ياش يازغۇچىلاردىن ئۆگىنىشى لازىملىقىنى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا «كەسپىي يازغۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسى» نى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى سۆز قىلىپ، 15 نەپەر ئاپتورنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلىدىغانلىقىدىن قاتتىق خۇشاللانغانلىقىنى، پۈتۈن ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر نامىدىن بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يولداش ئابلىز نازىرى ئۆز سۆزىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ بىرلىكى، تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇقتىلىق توختالدى.

يىغىن جەريانىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەستىقلىغان «كەسپىي يازغۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسى» دىكى بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەر قىزغىن مۇھاكىمە قىلىندى ۋە شۇ ئاساستا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ «كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش توختىمى» غا بەزىبىر مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى. پېشقەدەم يازغۇچىلار ياش يازغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، ياش يازغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەۋرگە خاس نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

18 - ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش توختىمىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى ھەر بىر كەسپىي يازغۇچى بىلەن توختامغا ئىمزا قويدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پېشقەدەم قازاق شائىرى قۇربان ئەلى ئوسپان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇنلار قاتنىشىپ، كۆپچىلىك بىلەن دىدارلاشتى. تۆمۈر داۋامەت سۆز قىلىپ، كەسپىي يازغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بىر قېتىملىق ئىسلاھات بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىلىمىز ۋە دۇنيادا تۇتقان ئورنىغا چۇشلۇق بۆسۈش هاسىل قىلىنغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يولداش توختى سابىرمۇ سۆز قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئەسكى هارۋىنى سۆرەپ مېڭىۋەرمەي»، زامانىۋى ئاڭ، سۈرئەت ۋە نەتىجىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىمىن ئەخمىدى يىغىندىن قىسقىچە خۇلاسە چىقاردى ۋە يىغىن قاتناشچىلىرىغا ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى قۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئەدەبىي ئوبزور ژۇرنىلى تەسىس قىلىش، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قۇرۇش، كەسپىي يازغۇچىلارنى ۋەزىپە بىلەن تۇرمۇش ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار 15 نەپەر كەسپىي يازغۇچىغا كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش گۇۋاهنامىسىنى تارقىتىپ بەردى.

## ئاپتونوم رايونى بويىچە كەسپىي يازغۇچىلىققا يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار



ئەخەت تۇردى: 1940 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. كومپارتىيە ئەزاسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بار. ئۇ 1958 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «قىيانلىق دەريا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم»، «مۇزلىغان يۈرەك» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «گۈلخان»، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» قاتارلىق 30 پارچەدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «گۈلخان»، «گىرىمسەن يوللار» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى، «قەترە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان. «گۈلخان»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ناملىق ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قىيانلىق دەريا» ناملىق پوۋېستى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك پوۋېست مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



قاھار جېلىل: 1943 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. كومپارتىيە ئەزاسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بار. ئۇ 1960 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ھازىرغا قەدەر «باھار سوۋغىسى»، «ئاچالدا» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە بىلەن «تۇرمۇش قايىنىمىدا»، «مېھرىبان» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلغان. «چېچەكلەر»، «چەۋەنداز» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى ۋە «مېھرىبان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «باھار سوۋغىسى»، «ئاچالدا» ناملىق ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



ئابدۇراخمان قاھار: 1936 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1956 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. 1953- يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ھازىرغىچە «ئەمەت ھاجى»، «كەچۈر مېنى نازاكەت» قاتارلىق 40 نەچچە پارچە ھېكايە ۋە پوۋېستى ئېلان قىلىنغان. «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومانى نەشر قىلىنغان.



مۇھەممەت باغراش: 1952 - يىلى قارا شەھەردە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن. ئەسلىدە «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى» نىڭ تەھرىرى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. 1980 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر «سەپداش»، «ساۋاب»، «ئېگىز بىناغا ياندىشقان بوتكا»، «ئادەملەر»، «ئاقساق بۇغا» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغان. «ساۋاب»، «يادىكار» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ساۋاب» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىسى مەملىكەتلىك 2- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «گۈزەل ۋادا» ناملىق ھېكايىسى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ «شەندەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



تۇختى ئايۇپ: 1945 - يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. 1963- يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 1962 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر 60 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «ئانا»، «ھايات قەدرى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، «مارجانبولاق»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» قاتارلىق پوۋېست، «بەخت ئىزدىگۈچى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ۋە «قىساس» ناملىق

درامىسى ئېلان قىلىنغان. «ئارمان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «ھايات قەدرى»، «مارجانبۇلاق» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «قاراۋۇل» ناملىق ھېكايىسى 1983 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى ئۆتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە «قىساس» ناملىق درامىسى مۇنەۋۋەر دراما مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



ئابدۇللا ساۋۇت: 1950 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئۇنىڭ 1973 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى: «قانلىق قىرغاق»، «يېتىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغان. «يۈرەك تۈمدىكى توي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تاش بوران» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ۋە «چاقماق» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان.



نۇرمۇھەممەت توختى: 1947 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. 1977 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە خوتەن ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەم ئىشخانا مەسئۇلى. 1978 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «سودىگەرنىڭ ئاشىقى»، «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ۋە 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ھېكايە ۋە شېئىرلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىرقانچە قېتىم مۇكاپاتلانغان ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغان.



دىلبەر قەييۇم: 1958 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى. ئۇنىڭ 1980 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر «ئانا»، «قەبرىستانلىقتىكى گۇۋاھلىق» ناملىق ھېكايىلىرى بىلەن «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئىككى غەزەل» ناملىق شېئىرى 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



ۋۇلىيەنزېلى (خەنزۇ): 1936 - يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۇنخۇا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. كومپارتىيە ئەزاسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بار. 1958 - يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە «تاغ ئىچىدىكى بوران - چاپقۇن»، «شوپۇرنىڭ خوتۇنى»، «سەككىز مىڭ يوللۇق بولۇت ۋە ئاي» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ھېكايىسى، «كۈمۈش دېڭىزى ئىلھاملىرى»، «باياۋاندىكى مارجان» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە نەسرى ئېلان قىلىنغان. «شوپۇرنىڭ خوتۇنى» ناملىق ھېكايىسى خېلى تەسىر قوزغىغان. «ئاسمانىنىڭ چېتىگە چېكىلگەن مارجان»، «يۈگۈۋاڭخۇ كۆلىنى خۇش كەيىپ بولۇپ سەيلى قىلىش» ناملىق نەسىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك ساياھەت ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



جاڭ دېيى (خەنزۇ): 1946 - يىلى شاڭخەيدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» نىڭ تەھرىرى. 1972 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر مەملىكەتلىك ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا زور تۈركۈمدىكى شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. «يېشىل تارىم»، «چۆل ۋە مەن»، «ھايات»، «غەربىي دىيار قۇياشى»، «باياۋاندىكى قارا تاش»، «تەر ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. جاڭ دېيى مەملىكەت بويىچە خېلى نامى بار شىنجاڭلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە بىرنەچچە قېتىم 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە ئېنگلىز، فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.



جاۋ گۇاڭمىڭ (خەنزۇ): 1947 - يىلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ليۇياڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. كومپارتىيە ئەزاسى. 1978 - يىلى بېيجىڭ داشۆ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى — «شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد» نىڭ تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى. 1974 - يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالتە پارچە پوۋېست، 20 نەچچە پارچە ھېكايىسى، بىر تۈركۈم نەسىر ۋە شېئىرلىرى

ئېلان قىلىنغان. «تاش ئۆي» ناملىق ھېكايىسى «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ھۆكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە «ئەدەبىيات گېزىتى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلغان.



ئۇمارغازى ئايتان (قازاق): 1932 - يىلى چۆچەكتە تۇغۇلغان. ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. ئەسلىدە «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى. كانددىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بار. 1952 - يىلدىن ئېتىبارەن 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئون نەچچە پارچە داستانى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نەسرى. تۆت پارچە سەھنە ئەسىرى، ئون نەچچە پارچە ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. «سامان يولى»، «تۇرنىلار» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «ئوۋچى ھەققىدە ھېكايە» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان. «تولغاق» ناملىق ھېكايىسى، «تۇنجى قار»، «مۇساپە» ناملىق شېئىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



غالىم قاناپىيا (قازاق): 1938 - يىلى ئالتاي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن. كومپارتىيە ئەزاسى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قازاق بۆلۈم ئەدەبىي ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. 1958 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئۈچ پارچە داستانى، «بوران - چاپقۇن» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومانى، «يولدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ئىككى توپ قارىغاي» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ۋە «ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. «ئۆكتەبىر»، «شېئىر ھەققىدە شېئىر» ناملىق شېئىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «شۇغىلا» مۇكاپاتىغا ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



شايمۇرات (قازاق): 1950 - يىلى فۇكاڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. سانجى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئەسلىدە فۇكاڭ ناھىيە گەنخېزى چارۋا مەيدان مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. 1980 - يىلدىن ھازىرغىچە «دالا گۈلى»، «ئېھ، ئانا ماكان»، «ئەن سېلىنغان قول» قاتارلىق ئۈچ پارچە پوۋېستى، «قامچىگەر»، «ماگا كېرەكلىكى ئۆلگە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە

هېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «ئىككى تەلەپ»، «ماڭا كېرىكى ئۆلگە» ناملىق هېكايىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە «شۇغىلا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



ئا. تەبە (موڭغۇل): 1932 - يىلى شىخو ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي مەلۇماتقا ئىگە. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. ئەسلىدە «چولپان» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بار. 1957 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە «يوقالغان خەت»، «يايلاق قىزىلگۈلى»، «مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم»، «ئارسلان باتۇر» قاتارلىق تۆت پارچە پوۋېستى، «چېنىقىشنىڭ باشلىنىشى» قاتارلىق 15 پارچە ھېكايىسى، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، «گوجا ۋە نىڭگا» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭ «جاڭغىر» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ خېلى زور تۆھپىسى بار. «يوقالغان خەت» ناملىق پوۋېستى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «زۇل ئالدىرخان» داستانى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.


تەييارلىغۇچى: تېمۇر گۈەنچەڭفۇ.

# يىلتىز



(ھېكايە)

خالىدە ئىسرائىل



خالىدە ئىسرائىل: 1952 - يىلى قەشقەردە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋاقىتلىرى ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەردە ئۆتكەن. 1975- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ تىل فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

خالىدە ئىسرائىل ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1985- يىلىدىن تارتىپ كىرىشكەن. «ئېبەد ھايات»، «ئانا»، «ئويغىنىش»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە» قاتارلىق ھېكايىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

مەكتەپ بېغىنىڭ قويۇق دەرەخلىك سالقىن يېرىدە، مەخمەلدەك ياپيېشىل چىمەنلىك ئۈستىدە ئۈچ يىگىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ياق، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ياتىدۇ، بىرسى ئولتۇرىدۇ: ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، قەلەم بىلەن سىزىلغاندەك چىرايلىق قاشلىرى ئاستىدا چوڭقۇر قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، ئەپچىللىكىنە بۇرۇت قويۇۋالغان يىگىت، دەرەخلەر ئارىسىدىن پارچە-پارچە كۆرۈنىدىغان ياز ئاسمىنىغا خىيال بىلەن بېقىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ قىممەت باھالىق رەختتىن تىكىلگەن تۆت يانچۇقلۇق، يېرىم پويىزلىق كالتە يەڭ كۆڭلىكى، توق رەڭلىك سارجا شىمىغا ماسلاشقان گالستۇكى، رەڭگى ھەم نۇسخىسى كۆركەم خۇرۇم شىبلىتى ئۇنىڭ بىرەر ئابرويلۇق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سەل نېرىراقتا، تېگى قارامتۇل ئىنچىكە ئاق يوللۇق، ئارىلاشما تالالىق رەختتىن كاستۇم-شىم كىيىۋالغان يەنە بىر يىگىت جەينەكلەپ دۈم ياتقىنىچە كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزى كىتابتا ئەمەس. يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن ئوت-چۆپ ئارىسىغا تىكىلگەن كۆزى، چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ۋە قېلىن لەۋلىرىدە قانداقتۇ بىر خىل نارا-

زىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.
يىگىتلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بۇ ئىككىيـ
لەندىن سەل نېرىدىكى ياش ئاكاتسىيىگە
يۆلىنىپ، بىر تال قۇرۇپ قالغان ئۆسۈمـ
لۈك غولىنى چىشلىگىنىچە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىيىم-كېچىكى بەك
ئالاھىدە بولمىسىمۇ زامانىغا لايىق ھەم ياـ
رىشىملىق، چىرايى قارىماققا سەل قوپالـ
راق كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مۇلايىم قاراشـ
لىرى بىلەنمۇ ياكى ۋۇجۇدىدىكى چوڭقۇر
بىر ئىچكى كۈچ تەسىرىدىنمۇ كىشىدە
يېقىملىق شۇنداقلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇـ
رىدۇ. يىگىتلەر دۇنيانىڭ ۋاڭ-چۇڭىدىن
قېچىپ بۇ پىنھانغا كېلىۋالغان بولسىمۇ،
ھەممىسىلا ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ،
بىر-بىرىگە زادى ئېغىز ئېچىشمايتتى.
بۈگۈن ئۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟

بىر كەمدە دەرەخلىك ئارىسىدا ئېگىز
پاشنىلىق توپلەي كىيگەن نازۇك ئاياغلار
بىلەن ئاپئاق كۆڭلەك غىل-پال كۆرۈنۈپ،
ئارقىدىن ھايال ئۆتمەي، يۇمران بىر قول
دەرەخ شېخىنى قايرىپ، ئايدەك بىر چىـ
راي يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— پاھ، كېلىۋالغان يېرىنى بۇلارـ
نىڭ! مەن سىلەرنى ساق ئىككى سائەت
ئىزدىدىم. مۇشۇ يەرگە بىر كېلىپ باقايچۇ،
دېمىگەن بولسام، سىلەرنى ھەرگىز
تاپالمايدىكەنمەن...

ئۇ ئاق ئۆڭلۈك، ۋۇجۇدىدىن ياشلىق
گۈزەللىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز ئىدى.
ھەممىدىنمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى چىرايلىق
ئىدى، دولقۇنسىمان قوڭۇر چېچى مۈرىسىـ
دە يېيىلىپ تۇراتتى.

— كېلىڭ دىلئارام، بۇياققا كېلىپ
ئولتۇرۇڭ، — ئېگىز بويلۇق ئەكرەم ئىسمـ
لىك يىگىت قىزغا يېقىنچىلىق بىلەن يېـ
نىدىكى چۆپلۈكنى كۆرسەتتى. كۆزەينەكلىك
يىگىت ئەركىنمۇ ھاپىلا-شاپىلا ئورنىدىن
ئىرغىپ تۇردى-دە، قىزغا زوق بىلەن
تىكىلدى. ئادىل بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە
بىر ئاز تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ
ئۈندىمىدى.

— كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ
ئولتۇرۇپ كەلسەڭلار... — دېدى قىز بىر
تال شاخنى تۇتقىنىچە سەل قىزارغان
ھالدا، ئارقىدىن يەنە، — كىم بىلىدۇ، بۇ
بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرگە ئولتۇرۇشىمىز
بولۇپ قالار... — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە
ئۇلارغا بارماي قالماسلىقنى جېكىلەپ
كەينىگە بۇرۇلدى. ئۈچ يىگىت قىزنىڭ
خۇددى كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ يىراقلاپ
كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ خېلىغىچە
جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارغا خېلىدىن
بۇيان مۇشۇنداق ئىش ئادەت بولۇپ قالدى.
قىز پەيدا بولسا ھەممىسى بەس-بەستە
سۆزلىشەتتى، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى.
قىز كېتىپ قېلىشى بىلەنلا ئۆزلىرىچە
جىم بولۇپ كېتىشەتتى. خېلى ئۇزاقىچە
بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتىن خىجىل
بولغاندەك ئولتۇرۇشاتتى.

كەچقۇرۇن ئەكرەم بىلەن ئەركىن
ئادىلنى زورلاپ دېگۇدەك شەھەر چېتىدىـ
كى دەل-دەرەخلىك قورۇغا — ئالدى
گۈللۈككە قارىغان ئىككى قەۋەتلىك بىناـ
نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ۋاقىت
خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاـ
نىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ يوپـ
يورۇق، يوغان ئەينەكلىك بالكونىدىن
ئايال كىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاۋازدا گىتارغا
تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭـ

لىنىپ تۇراتتى.

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران...

ۋالىلداپ تۇرغان ھال رەڭ ئېپەكتىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ بىلىنەر - بىلىنمەس گىرىم قىلىۋالغان دىلئارام ئۇلارنى گۈلدەك ئېچىلىپ كۈتۈۋالدى ۋە يۇقىرىغا — مېھمانخانىغا باشلىدى. يەرگە چىمپىردە كەلگەن ئۇزۇن مويلۇق مايسا رەڭ گىلەم، تام بويلاپ قويۇلغان توق قىزىل دۇخاۋا پەردە ئاپئاق تورلار بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن كەڭ مېھمانخانا قىز - يىگىتلەر بىلەن تولغانىدى. مېھمانلارنىڭ كۆپ قىسمى داستىخاندىن قوپۇپ كەتكەن بولۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇزىكىغا جور بولۇپ بەس - بەس بىلەن تانسىغا چۈشمەكتە ئىدى. تورۇستىكى چوڭ ئاسما چىراغنىڭ شولىسى قەھرىۋادەك سۈزۈك قىزغۇچ ئىچىملىك تولدۇرۇلغان ئېگىز بويۇنلۇق رۇمكىلاردا ۋە قىزلارنىڭ ھاياجانلىق كۆزلىرىدە چاقنايتتى. مۇزىكا بىر پەسكە توختىدى. تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن دىلئارام ئۇلارنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇستەلگە يېڭى - يېڭى نازۇ - نېمەتلەرنى تىزدى. ئارقىدىن قىپقىزىل ئۈزۈم ھارىقى تولدۇرۇلغان رۇمكىنى قولىغا ئالدى - دە، سەل قىسىلغاندەك ئولتۇرغان ئادىلغا تىكىلدى.

— قېنى ئەمىسە، مەكتەپ ھاياتىمىز... دوستلۇقىمىز ۋە ئادىل ئۈچۈن... ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن...

ئۇ قەدەھ سۆزىنى شوخلۇق بىلەن باشلىغان بولسىمۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرى خورسىنىشقا ئوخشاپ چىقتى، بىر پەسكە كۆزلىرىدىكى شادلىق نۇرى ئۆچۈپ، لەۋلىرى تىترىگەندەك قىلىپ قالدى.

— دوستىمىز ئادىلنىڭ تەكلىماكاننى گۈللەندۈرۈشى، تەكلىماكاندىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئېرىشىشى ئۈچۈن! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەركىن كۈلۈپ تۇرۇپ. يىگىتلەر رۇمكىلىرىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا بوشاتتى. قىز ئالدىراقاندەك بولۇپ ئىتتىك بۇرۇلدى - دە، نېرىغا كەتتى. ئۈچەيلەن يەنە جىم بولۇشۇپ قالدى. ئادىل بىلەن ئەركىن داستىخانغا ئانچە - مۇنچە قول ئۇزىتىپ قوياتتى، ئەكرەم بولسا نېمىشقىدۇر تىنچسىزلىق ئىچىدە، كۆزلىرىنى دىلئارامنى ئەگىشىپ يۈرگەن بۇدۇرە چاچ يىگىتتىن ئۈزمەيتتى. مۇزىكا توختىشى بىلەنلا ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ، دىلئارامنى تانسىغا تارتتى. ئۇلار جۈپ - جۈپ بولۇپ ئايلىنىۋاتقانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئېگىز بوي ئەكرەمنىڭ مەغرۇر قامىتى، دىلئارامنىڭ يېقىملىق چىرايى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. پاھ، نەقەدەر قاملاشقان بىر جۈپ - ھە! خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن يارالغاندەك. بىراق، سىنچىلاپ قارىغاندا، قىزنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل مەيۈسلۈك خۇددى سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدىكى رەڭدار تاشلاردەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئادىللارنىڭ يېنىغا غەيرىي ياسانغان ئىككى قىز كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇلار ھە دېگەندىلا مودا كىيىملەر ئۈس-
تىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ يىل مودا كىيىم -
كېچەكلەرنىڭ رەڭگى سېرىققا
مايىل بولارمىش، — دېدى ئورۇق-
راق كەلگەن قىز، قانداقتۇ بىر
مەخپىي ئىشنى پاش قىلىۋاتقاندەك ئىتتىك
ئەتراپىغا قارىۋېلىپ. ئۇ قىز چىرايلىق
ئىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر كىشىدە
يېقىملىق تەسىر قالدۇرمايتتى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمە دېگەن ياخشى.
ئۇنداقتا كىيەلمەي يۈرگەن ھېلىقى
توق سېرىق كاستۇم - يوپكامنى كىيىپ،
دوستلىرىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت-
كۈدەكمەن! — دەپ بوشقىنا چاۋاك چېلى-
ۋەتتى دوپدۇگىلەك كۆزلىرى بىلەن
تاشقورچاقنى ئەسلىتىدىغان يەنە بىر قىز.
بىر پەس ھاياجانلىق پىچىرلىشىشتىن كې-
يىن، كىيىم ھەققىدىكى پاراڭ ئاللىكىمە-
لەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئۇلار تانسا
ئويناۋېتىپ يوپكىسى چۈشۈپ كەتكەن
بىر قىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ كۈلۈشۈشكە
باشلىدى. تاشقورچاققا ئوخشايدىغان قىز
كۈلۈۋېرىپ زېرىكتى بولغاي، بىردىنلا
ئادىلغا قاراپ يېنىدىكى دوستىنى
نوقۇدى:

—ھوي، بۇياق نېمىشقا پاراڭ قىلماي،
ياكى تانسىمۇ ئوينىماي بۇتتەك ئولتۇرى-
دىغاندۇ؟

— رەنجىمەڭلار قىزلار، ئۇ ئەنە
شۇنداق غەلىتە مىجەزلىك يىگىت. ئۇ
ھازىر تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ، تىش....—
ئەركىن سۆزلەۋېتىپ كۆز ئەينەكنىڭ
ئۈستىدىن ئادىلغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ
قويدى.

— بەلكى بۇياقنىڭ يۈرۈۋاتقان
قىزى قىزلارغا قاراپ كۈلمەيسەن، گەپ
قىلمايسەن، تانسىمۇ ئوينىمايسەن، دەپ
ئەۋەتكەندۇ، — دېدى ئورۇق كەلگەن قىز.

ئادىل قىزلارغا قاراپ زورىغا كۈلۈپ
قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئەتراپىدا يۈز
بېرىۋاتقىنى تامامەن مەنىسىز، ئەخمەقلەرچە
ئىشلاردەك، ئۆزى گويا بۇ كىشىلەر، بۇ ئىشلار
بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك سېزىلمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز بىر
خىل يالغۇزلۇق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى.
ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچە چى-
رايلىق كىيىنگەن. مۇلايىم، ئەدەبلىك،
يالغۇز ئۇلا باشقىچە. ئۇنى ھېچكىم
چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ،
ھەتتا دىلئارامۇ! ئەنە ئۇ ئەكرەمنىڭ
مۈرىسى ئۈستىدىن كىمگىدۇر قاراپ
كۈلمەكتە...

مۇزىكا ئاخىرلاشتى. كىمدۇر
بىرى ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى دېسكو مۇزى-
كىسىغا يۆتكىدى. قىزغىن، ئەسەبىي
مۇزىكا ئاۋازى بىلەن ئۆي ئىچى پورۇق-
شۇپ قايناۋاتقان قازاندەك قىزىپ كەتتى.
چىرقىرىغان، نالە قىلىۋاتقان، گۈلدۈرلى-
گەن، قاراسلىغانغا ئوخشاش ئاجايىپ -
غارايىپ ئاۋازلاردىن تەركىب تاپقان
غەلىتە مېلودىيە كىشىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە
نېرۋىلىرىغىچە قوزغاپ، ھاياجانغا سېلىپ،
ئەقلىدىن ئازغاندەك تولغاتماقتا، پىرقى-
راتماقتا، سەكرەتمەكتە، تىترەتمەكتە.
رەڭگارەڭ نۇرلار ئارىسىدا ئىنسان بەدى-
نىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ھالەتلىرى،
خىلمۇخىل چىراي ئىپادىلىرى گاھ
كۆرۈنۈپ، گاھ غايىپ بولماقتا. ئەنە،
شادلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان، ئەسەبىيلەش-

كەن، بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلەر قىلچە پەردازسىز ئىپادىلىنىپ تۇرغان، ئۆپكىدەك ئىسسىپ كۆيجەگەن چىرايلار، خۇمالاشقان، ئالاڭلىغان يىرتقۇچنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلەر...

ئادىل كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ھاراق - شاراب، تاماكا بۇسى، ئۇپا - ئەڭلىك پۇراقلىرى بىلەن تولغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۇسى، يۇلتۇزلۇق كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالغۇسى كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ پەيتە مۇزىكىمۇ توختىدى. ئۇ ئارىلىقتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، دىلئارامنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن غەمكىن كۆزلىرىنى، بۇدۇرە چاچلىق يىگىتنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ، دىدىل ھالدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى سەزمىدى.

قىز ئۇنىڭغا قويۇق سىرىنگۈللەر ئارىسىدىكى تارغىنە يولدا يېتىشتى. ئۇلار ئوڭايسىز سۈكۈت ئىچىدە بىردەم يانمۇيان مېڭىشتى.

— بىزدىن قاچماقچى بولۇپسىز - دە، ئەمدى، — دېدى قىز غەمكىن ئاۋازدا، — مەن سىزنى مۇنداق قىلار دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن... ئەمەلىيەتتىغۇ، سىزنى ئەيىبلەشكە ھەققىم يوق. بىراق... ھېچ بولمىغاندا، بىز ياخشى ئۆتكەن ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق. بۇنداق چوڭ ئىشلاردا بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمىساقمۇ بولاتتى...

— خاتالىشىۋاتىسىز، دىلئارام، مەن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئەزەلدىن ھېچكىمدىن يوشۇرغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مەن سىزنى مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنى چۈشىنىدۇ، ھەتتا قوللايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئادىل، سىز ئۆزىڭىزنى زايا قىلماسلىقىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن يارالغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ سىزنىڭ مول بىلىمىڭىز بار. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش شارائىتىڭىزمۇ بار.

ئادىل ئۈنچىقمىدى.

قىز ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، تىترەك ئاۋازدا ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەپ كەتتى:

— ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، ئادىل. داداملارنىڭ تەتقىقات ئورنىغا دەل سىزدەك بىر ئادەم تازىمۇ زۆرۈر ئىكەن. ئۇلار سىزنى يىل ئاخىرىغا قالمايلا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىكەن. دادام تېخى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سىز بىلەن ئالاھىدە پاراڭلاشماقچى ئىدى، پەقەت سىز قارارىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىزلا...

ئۇ قورقۇنچ ئارىلاش تەقەززالىق ئىچىدە يىگىتكە تەلمۈردى. يىگىت بولسا ئۇنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمەي، قىزدىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان قويۇق شاخلىق، ئاسمان پەلەك چوڭ دەرەخكە نەزەر تاشلايتتى. ئۇ، سۈتتەك ئايدىڭدا مەرمەر ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان قىزغا ئاستا يېقىنلىشىپ، ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە سېكۇنت تىكىلدى. ئاندىن يانچۇقىدىن قېلىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ قىزغا تەڭلىدى:

— دىلئارام، بۇنى ئوقۇپ باقارسىز... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، چوڭ - چوڭ



قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. قىز يىراقلاپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ كەينىدىن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۇتكىچە قاراپ تۇردى - دە، كېيىن يۇگۇرگىنىچە ئۆز بۆلمىسىگە كىرىپ ئىشىكنى ھەم ياپقاندىن كېيىن، بىر خىل ھاياجان بىلەن يىگىت بەرگەن خەتنى ئاچتى - يۇ، نىمە-دىندۇر قورققاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن يەنە قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك خەتكە ئېڭىشتى.

«... بۇ خەتنى بەلكىم سىزگە ھېچ-قاچان كۆرسەتمەسمەن، سىز ئۈچۈن قەلبىم ئىشىكى مەڭگۈ يېپىقلىق پېتى قالار، شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشىدۇر، دېگەن نىيەتتە ئىدىم، لېكىن بۇنىڭغا يۈرىكىم يول قويمىدى. سىزنىڭ پاك قەلبىڭىزنى ئازابلاشنى، ئۆز ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىمىدىم.

بەش يىلدىن بېرى ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنى قانداقتۇر يۈكسەك ئىشلارنى ئويلاشقا، قىلىشقىلا يارالغان ئالاھىدە ئادەم، دەپ قاراپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىزمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ خىل قاراش، ماختاپ ئۇچۇرۇشلار مېنى بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرگەنمۇ بولدى. ئاھ، نادانلىق. ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈمگە ئايان ئىدىكى، كىتابقا قادىلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمدا تولىراق خىيالىم سىزدە بولاتتى. بىلەمسىزكىن، مەن سىزنى قاتتىق ياخشى كۆرەتتىم. بۇ مېنىڭ تۆت يىلدىن بۇيان قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان سىرىم، شېرىن خىيالىم ياكى ئاجايىپ گۈزەل چۈشۈم ئىدى. جىسمىم ۋە روھىمنى تامامەن ئىگىلىگەن بۇ خىيال، بۇ چۈش ماڭا بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەيتتى. مەن كېچە-كۈندۈز سىزنىلا ئويلايتتىم، سىزگە تەلپۈنەتتىم، يەنە نېمىشقىدۇر سىزدىن يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا كېتىشنى ئارزۇلايتتىم. يالغۇز ۋاقىتلىرىمدا گاھ، چۈشىنىكسىز، شادلىق دەستىدىن قىن - قىنىمغا سىغماي كەتسەم،

كۆچلۈك قايغۇ دەستىدىن يۈرۈكۈم يېرىلگۈدەك ئازابلىناتتىم. مۇنداق چاغلاردا مەكتەپ بېغىغا ياكى شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان يوللارغا چىقىپ كېتەتتىم. پىنھان جايلارغا يېرىپ يىغلايتتىم. پۇتبول مەيدانىنى بويلاپ ھېرىپ يىقىلىپ قالغۇچە يۈگۈرەيتتىم، ياكى بېشىمنى مۇزدەك تۇرۇبا سۈيىگە تۇتۇپ تۇراتتىم. بىر كۈنى ھېلىقى قېرى سۆگەت ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تولۇق ئىككى سائەت دەرس تەكرارلىدىڭىز. سىز كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇ يەرگە باردىم. خۇددى بىرسىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك ئالدىراش باردىم. ئەتراپ سىزنىڭ ھىدىڭىز بىلەن تولغان، چىمەنلەردە نازۇك ئاياغلىرىڭىزنىڭ ئىزى قالغانىدى. يەردە سولىشىپ قالغان ئىچىككىنە بىر تال ماكاپ گۈلى ياتاتتى. مەن ئۇنى تېرىۋالدىم. بارماقلىرىڭىز تەگكەن يەرلىرىنى سىلىدىم، لېۋىمگە تەگكۈزدۈم. كېيىن ئۇنى خاتىرەمگە سېلىپ قويدۇم. ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ يەردە. شۇ كۈنى مەن سۆگەتكە قەلەمتىراشىم بىلەن سىزنىڭ نامىڭىزنى چىرايلىق قىلىپ ئويۇپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن گۈللەر نەچچە ئېچىلىپ نەچچە سولدى، ئاشۇ قېرى سۆگەتمۇ نەچچە قېتىم يوپۇرماق چىقىرىپ، نەچچە قېتىم غازاڭ تاشلىدى. ئەمما سىزنىڭ نامىڭىز يوقالمىدى، بەلكى خۇددى ئاشۇ دەرەخ بىلەن قارا تۇپراق ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئاشۇ يەرگە ئويۇپ كەتتى. ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇ دەرەخ بىلەن تەڭ ياشايدۇ. بىر كۈنلەردە، زىيادە بەختتىن، كۆل سۈيىدەك تىنچ تۇرمۇشتىن زېرىككەن چاغلىرىڭىزدا ياشلىق ئىزلىرىڭىزنى ئىزلەپ ئاشۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپمۇ قالارسىز، بىرگە ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلەپ بىر پەس خىيالغا چۆمۈپمۇ قالارسىز... ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، سىزگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەمەدە بولۇشقا ھەققىممۇ يوق. چۈنكى مەن ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئوغلى، مەن ئۇ يەردىن ئايرىلالمايمەن، مېنىڭ يىلتىزىم ئەنە شۇ يەردە. سىزمۇ ئىللىق قۇياش نۇرى، تىنچ ۋە ئەۋزەل مۇھىتتىن ئايرىلالمايسىز. بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئىككىمىز خۇددى بىر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا بىر-بىرىگە تەلپۈنىدىغان ئەمما مەڭگۈ قوشۇلالمايدىغان ئىككى قىرغاققا ئوخشايمىز.

بىلەمسىز دىلئارام، ئاشۇ چەكسىز كەتكەن قۇم دۆڭلىرى، ئۆرۈمە تاملىرىدىن شىرقىراپ قۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پاكار-پاكار ئۆيلەر، زومچەك-زومچەك ئۈزۈم تۈپلىرى — باللىق ۋاقلىرىمدىكى دۇنيارىم ئىدى. مەن شۇ قۇملۇقتا دۇنياغا كۆز ئاچتىم. شۇ يەردە ئېلىپبەنى تونۇدۇم. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيىگە ئوقۇشقا باردىم. ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ياغلىشىپ كەتكەن بادام دوپپا كىيىپ، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە كۆزەينەك قوندۇرۇۋالىدىغان جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىزدىن يەر شارىنىڭ قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر پلانت، يۇملاق شار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزى پايانسىز دېڭىز-ئوكيان، ياپيېشىل بوستانلىق، تاغ-ئېدىر ۋە قۇملۇقلار بىلەن ئورالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاجايىپ چوڭ، گۈزەل، رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە يەنە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلى-

ۋالدىم. نەزەر دائىرەم بىردىنلا كېڭەيدى، بويۇممۇ ئۆسۈپ قالغاندەك بولدى. تۇنجى قېتىم يېزامغا قايتقان چېغىمدىكى تەسىراتىم مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان قاقاس، قۇملۇق كوچا، يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ئۆيلەر، يۈزىدە كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن چىشلىرىدىن باشقا ئاق يېرى قالمىغان جۇۋاۋۇر كىيگەن ھەم ئاچ باللار، دادۇي ئامبىرىنىڭ ئالدىدا ھەپتىلىك نورمىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامبارچىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقان قېرى - چۆرىلەر... ئۇنىڭ ئۈستىگە، باللىق ۋاقلىرىمدىكى ھەمراھىم ئاشۇ كىيىكتەك ئۈرككەك، قوزىدەك مۇلايىم، ئېتىز قىرىدا ئېچىلىپ تۇرغان لەيلىقازاق گۈلىدەك گۈزەل گۈلقەمەرنىڭ تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆزىدىن 40 نەچچە ياش چوڭ تۈگمەنچىگە مال ئورنىدا سېتىۋېتىلگەنلىك خەۋىرى مېنى ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. ئاھ، خۇدا! ئاشۇ 12 ياشلىق نارەسىدە قىز ئەمدى ئاللىكىملەرگە «خوتۇن» بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدەك يېقىملىق كۈلكىسىنى، لاتا قورچىقىنى ئەللەيلەپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئەمدى ئاڭلىيالماسمەنمۇ؟ مەن خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆيدە كۆزۈمگە تۇنجى چېلىققان قانداقمۇ بىر كۆمزەكنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئېتىپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتىم. كۆزۈمگە قان تولغان ھالدا يەنە قولۇمغا چىققۇدەك نەرسە ئىزدەپ پىرقىراشقا باشلىدىم. مېنى دادام تۇتۇۋالدى، ئانام بويىنۇمغا گىرە سېلىپ يىغلىدى. مەن ئۇلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا قېچىپ چىقتىم. قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا ساراڭلارچە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. قەلبىمدە ئىندا قىلاتتىم:

— گۈلقەمەر... گۈلقەمەر...

تاكى مەكتەپكە قايتىپ كەتكۈچە ھېچكىمگە گەپ قىلماي قويدۇم. بىچارە ئاتا - ئاناممۇ مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھكاردەك كۆزۈمگە قارىيالمايتتى ۋە ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ موماسى — ئاشۇ بىر ۋاقلاردىكى رەھىمدىل موماي مېنى مەسخىرە قىلدى، تىللاپ كەتتى.

— نېمىدەپ پوتلاڭنى ئېقىتىپ يۈرىسەن؟ ھوي، ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان ماڭقا! گۈلقەمەرنى ئانىسى تۇغقان بولسا، مەن باققان، كىمگىلا بەرسەم يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى ئارقىسىدا تۇرىدىغان يەرگە بەردىم، قانداق؟!

«يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى ئارقىسىدا...» مەن بۇ سۆزنى چۈشىنەلمەي ئىچىمدە نەچچە رەت تەكرارلىدىم. خۇددى مۇشۇ سۆزگە قانداقتۇ بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك بىرنەچچە كۈنگىچە خىيال سۈرۈپ يۈردۈم. قانداق بولمىسۇن، ماڭا شۇ ئايان ئىدىكى، ئۇلار بەكلا، بەكلا نامرات ئىدى. توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان قازانغا چاپلاپ پىشۇرغان زاغرا قوتۇرمىچى بىلەن خۇدانىڭ سۈيىگە چالغان ئوماچمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەتىۋارلىق تاماق ئىدى. ئۇچىسىغا كىيگىنى باشقىلار باللىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئىبىرىۋەتكەن كونا كىيىملەر ئىدى. دادام بىلەن ئانام بىرەر نەرسىدىن قىسىلىپ قالغان چاغلىرىدا:

«ھەر نېمىدېگەن بىلەن ھال - كۈنىمىز بۇۋىسارىخان ئاچىلارنىڭكىدىن ياخشى، ھېلىمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرى» دەپ

ئۆزلىرىنى ئاۋۇندۇراتتى. ئانام دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ كېلىدىن قىسىپ ئۇلارغا بىر چىنە ئۇماچ، بىرەر باغلام چامغۇر، كۆكباش دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئوبدانراق بىر نەرسە تاپساملا گۈلقەمەرنى چاقىرىپ بىللە يەيتتىم. گۈلقەمەر ئىككىنچى يىلى كۈزدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نامرات كەپىسىدە مومىسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى ... مىسلىسىز گۈزەل، نازۇك بىر غۇنچە ۋاقىتسىز چەيلىنىپ غازاڭ بولدى. بۇ پاجىئە مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. مەن ئەنە شۇ چاغلاردىن تارتىپلا يېزىمىزدىكى ئەر-ئايال، قېرى-ياشنىڭ مېڭىسىدە ئورناپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بەكمۇ ناتوغرا ھەم بىمەنە ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئۆزگەرتمەي بولمايدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. كېيىنكى يىللاردا، بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ئەللەرنى كەزگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىمۇ قاتناشقان، ئاخىرقى ئۆمرىنى يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئۈچۈن شىمالدىكى بىر چوڭ شەھەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بوغۇم ياللۇغى كېسىلى بولسىمۇ، زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان پىششىق خىشلىق يەردە ئۈچ-تۆت سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇ بەزىدە پات-پاتلا قاتتىق يۆتەل بىلەن دوسكا ئالدىدا ئىككى پۈكلىنىپ قالاتتى. ئەمما، ئۇ بىزگە دۇنيا، دۆلەت، مىللەت، تارىخ ھەققىدە ئاجايىپ پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. بىزنى ھارماي-تالماي ئۆگىنىشكە، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلاتتى.

ئۇنىڭ كېسەللىك ۋە چوڭقۇر ئىچكى كۈچ تەسىرىدىن چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە، ئورۇق گەۋدىسىدە قانداقتۇ غايىۋانە بىر نەرسە باردەك، بىزمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتۇق. ئاخىرى، يەر يۈزى ئەمدىلا ئىللىپ كەلگەن باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ دوسكا ئالدىدىلا يىقىلدى، شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى شۇ يۇرتتىكى بىرمۇنچە بالىلارنىڭ قەلبىدە قايتا چېچەك ئاچتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدىم، تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئەسلى ئىمتىھان نەتىجەم بويىچە خالىغان مەكتەپ، خالىغان كەسىپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولاتتىم. ئەمما، مەن ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى تاللىدىم. بۇ يەردىمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنى تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ئۈندەشتى. ئەمما، تەقسىمات ئېلان قىلىنغان كېچىسى — ئازاب ۋە زىددىيەتلىك كۈرەشكە تولغان ئاشۇ كېچىسى مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كۈنگە قەدەر بولغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يېزام، يېزىداشلىرىم، گۈلقەمەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پاك، مەسۇم قىزلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم.

دىلئارام، مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام بەكمۇ چەت، ھەم قالاق. كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ يەردىكى دېھقانلار ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمىدى. ئەكسىچە، خىلمۇ-خىل سىياسىي بوران-چاپقۇنلار، قاراملارچە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر بۇ يەرنىڭ بەكمۇ كۆپ نەرسىسىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت قان-زەرداب ئېقىپ تۇرغان يارا ئاغزىدەك ناھايىتى كۆپ جا-

راھەتلەرلا قالدى. ئۆز ئارىمىزدىن چىققان
ئېلىپىنىڭ سۇلۇقىنى بىلمەيدىغان چوڭ - كىـ
چىك ئەمەلدارلار ھەمىشە دېگۈدەك ئۆزلىـ
رىنىڭ ئەرزىمەس ئورۇن - مەرتىۋىسى ئۇ-
چۇن ئاشۇ بىچارە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىـ
نى سېتىپ كەلدى، ياكى ئاڭسىزلىقى، نا-
دانلىقى بىلەن خەلقىنىڭ بېشىغا كۈلپەت
سالدى. بۇنداق دېيىش بىلەن ھەممىنى ئىنـ
كار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەمما مېـنىڭ
تىللايدىغىنىم رەزىللىـك، نادانلىق ۋە خۇ-
راپاتلىق، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئىتى
بىلەن تۇپتىن سىغىـشالمايدىغان ئاشۇ قار-
غىـش تەككۈر سـياسەتلەر. مەن ئۇلارنى
تىللىماي تۇرالمايمەن. بۈگۈنكـى دۇنيادا
بىرەر زامانىۋى شەھەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىـ
گە ھېچقانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ، ئەمـ
ما، مېنىڭ يېزامدا مەن تۇغۇلغان 23 يىلـ
دىن بۇيان پەقەت ئاشۇ ئىككى ئېغىزلىق
ئاقارتىلغان ئۆيدە دۆي ئىشخانىسى بىلەن
مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ۋىۋىسكىسى نۆۋەت بىـ
لەن ئالمىشىپ تۇرغاندىن باشقا ئۆزگىرىش
بولمىدى. مېنىڭ يۇرتداشلىرىم ھېلىھەم كو-
نا، كۆرۈمسـىز، تاملىـرى موردەك قارىداپ
كەتكەن ئۆيلەردە ئولتۇرۇشـىدۇ. ئۇلارنىڭ
قولىدا پۇل يوقمـۇ ئەمەس، ئەمما ئۇلار
پۇللىرىنى تامنىڭ كاۋاكلىرىدا، يەرگە كۆ-
مۈلگەن ساپال كوزىلاردا ياكى سامان تىـ
قىلغان تەكىيلەرنىڭ ئىـچىدە ساقلايدۇكى،
بۇ پۇل بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىـ
لىشنى، ئۆزلىـرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىـنى
ياخشىلاشنى خاھلىمايدۇ. ئاھ، بىچارە ئا-
دەملەر، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيىتى ئۇ-
لار ئۈچۈن خۇددى ئەپسانىلاردەك يىراق،
ئۇلار جاپا - مۇشەققەتكە خۇددى ئۆزلىرـ
نىڭ ئات - ئۇلاقلىرىغا كۆنۈپ قالغاندەك كۆ-

نۈپ قېلىشقان. مېنىڭ يېزامدا كىنو - تىـ
ياتىرخانا يوق، باغچا - يەسلىـلەر ... يوق.
يېزىمىزنىڭ باللىرى ھېلىھەم ئات ئېغىـ
لىدىن ئۆزگەرتىلگەن سىـنىپلاردا ئوقۇيدۇ.
قانداق سىنىپ بولسىمۇ ئوقۇسىلا ياخشى ئىـ
دىغۇ. ئەمما، يېزىداشلىـرىمىنىڭ نەزەرىدە
بۇ مەكتەپ تېخى قوشنا كەنتتىكى ساختىـ
پەز موللىنىڭ دىنىي مەكتىپىگە يەتمەيدۇ...
سۆزلەپ كەلسەم، مېنىڭ يېزامدا يوق نەر-
سىلەر ھەقىقەتەنمۇ تولا، لېكىن مەن يە-
نىلا شۇنداق دەيمەن، مېنىڭ يۇرتۇم دۇنـ
يادا ئاز تېپىلىدىغان ياخشى جاي. ئۇ يەر-
نىڭ مويسىپىتلىرى ھەم قىز - يىگىتلىرىمۇ
دۇنيادا تېپىلغۇسىز كىشىلەر. ئاشۇ چەكـ
سىز، ھەددى - ھېسابسىز قۇم ۋە قۇم بىلەن
دائىم بولىدىغان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشـ
لار ئۇلارنىڭ جىسمىدا ھەم روھىـدا شۇنـ
چە بەلگىلەرنى قالدۇرغانكى، مەن بۇ بەلـ
گىلەرنى يېزىداشلىرىم، ئۇلارنىڭ پەرزەنتـ
لىرىنىڭ ھەر بىر كۈلكىسى، ھومىيىشلىرـ
دىنلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ تىنىقلىرىمدىنمۇ
ھېس قىلىپ تۇرىمەن.

شۇنداق، قۇملۇق جانسىز، ھېسسىياتـ
سىز، تىپتىنچ، ئەمما ئۇ پۈتۈن دەرد-
ئەلىمى، غەزەپ - نەپرىتىنى، شادلىـقى ۋە
مۇھەببىتىنى ئىـچىگە چوڭقۇر يوشۇرغان.

ئۇ پەرداز قىلىشنى بىلمەيدىغان سەھـ
را ئاياللىرىدەك ساددا، بېزەكسىز، كۆرۈمـ
سىز، ئەمما، ئۇنىڭ ئىچ - باغرى پۈتمەس-
تۈگىمەس خەزىنە.

ئۇ ئۆز باغرىدىكى ھەممە نەرسـىنى
شۇنچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياراتقان. ئۇنىڭ
ئىسسىق نەپىسىدىن ئوت يېلىنجىسا، سوغۇ-
قىدىن يۇلتۇزلارمۇ شۈركىنىدۇ. ئۇنىڭ مېـ
ۋىلىرى تاتلىقلىقتا تىـلنى يارسا، ئاچچىـقـ

لمقتا ئۆتتنى ياردۇ. ئۇنىڭ باغرىدا تۇغۇ-
لۇپ، ئۆمۈلەپ، ئىغىناپ چوڭ بولغان ئا-
دەملەرمۇ خۇددى شۇنداق يوۋاش، ئەمما
قەيسەر، جىمغۇر، ئەمما ھېسسىياتلىق،
سادda، ئەمما گۈزەل. ئۇلارنىڭ
مۇھەببىتى قانچە كۈچلۈك بولسا،
نەپرىتى ھەم شۇنداق، ئۇلار ئەۋلادتىن
ئەۋلادقا ئاشۇ يەردە ياشاپ ھۈنەر-سەن-
ئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ياراتقان.
ئاشۇ دېھقانلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئې-
تىزلىقتەك چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن ئال-
قانلىرى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل زىلچا-گى-
لەملەرنى، ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار شا-
يى ئەتلەسلەرنى، شاھ ئوردىسىغا يارىغۇدەك
ساپال قاچا-قۇچىلارنى ياسايدۇ. ئەمما ئۇ-
لارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھېلىھەم
قالاق. ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن. ئۇلار ئاشۇ
مەھسۇلاتلىرىنى، باغلىرىدا تۆكۈلۈپ يات-
قان شېرىن-شەربەت مېۋىلىرىنى چوڭ شە-
ھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتالمايدۇ. قاچانغى-
چە شۇنداق ئۆتتۈۋېرەر؟ بۇ XX ئەسىرنىڭ
80-يىللىرىغۇ ئاخىر؟!

دىلئارام، مەن يېزامغا قايتىپ يېزا
باشلىقى بولىمەن. ئۇ يەردىكى قالاق ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىگە جەڭ ئې-
لان قىلىمەن. ئۇ يەرنى ئاپتونوم رايونغا،
پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتماقچىمەن. مېنىڭ
قىلماقچى بولغانلىرىم شۇنچە كۆپ. شۇنداق
ئەمەسمۇ؟ ئانىنىڭ ئىشىنى ماڭا ئوخشاش
ئوغۇللىرى قىلماي كىم قىلىدۇ؟! ئانىنىڭ
دەردىگە كىممۇ ئۆز ئوغۇللىرىدەك يېتىدۇ؟!
نامرات ئانىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئوغۇل
چوڭ شەھەرلەردە، كاتتا بىنالاردا ئولتۇ-
رۇپ ياخشى يەپ، ئېسىل كىيىنىپ يۈرگى-
نىدىمۇ ئۆز ئانىسىنى ئەسلىمەي، ئازابلان-
ماي تۇرالامدۇ؟! ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ ئاس-
تىغا يىغا، بەختىنىڭ ئاستىغا ئازاب يوشۇ-
رۇنماي قالامدۇ؟!

دەرۋەقە، مەن يولۇمنىڭ ئەگرى-تو-
قاي، تىكەن-چاتقاللارغا تولغان يول ئى-
كەنلىكىنى بىلىمەن، كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئۆز
يېزىداشلىرىمنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى،
مەسخىرىسى، دۈشمەنلىك بىلەن قاراشلى-
رىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكەنمەن. بۇ دۇن-
يادا ھېچبىر ياخشى ئىش قارشىلىقسىز ۋۇ-
جۇدقا چىققان ئەمەس. گۈزەل ھەم خۇش
پۇراق ئەتىرگۈل تىكەنلەر بىلەن تولغان
شاختا ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ. ئەمما، مەن يې-
زامنىڭ ياشلىرىغا، ئەكتۇشلىرىمگە ئىشىنى-
مەن. ئۇلار تونۇگۈنكى دېھقانلارغا ئوخشى-
مايدۇ. ئۇلار ئىلىم-پەنگە ئىشىنىدۇ، ئال-
غا ئىنتىلىشنى، مەدەنىيەتلىك بىر ئىنسان
سۈپىتىدە دۇنياغا يۈزلىنىشنى خالايدۇ. مەن
ئەنە شۇلارغا، تەجرىبىلىك دېھقانلار ۋە
چېۋەر ئۇستىلارغا تايىنىپ يېزامنىڭ ئى-
گىلىك قۇرۇلمىسىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇ-
رىمەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئەتىياز يامغۇرىدەك
شاررىدا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىردەملىك قىز-
غىنلىقىم، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خىيالىم
ياكى داڭ چىقىرىش يولىدىكى تەۋەككۈل-
چىلىكىم ئەمەس. بەش يىلدىن بۇيان، ھەر
قېتىمقى تەتىللەردە مەھەللىمۇ-مەھەللە،
ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ، يېزامنىڭ تەبىئىي
شارائىتى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، دېھقانلار-
نىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىگى-
لىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بارلىق ئاشكارا
ۋە يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىگىچە ئىنچىكە
تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، مەكتەپتە ئۆ-
گەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرگە بىرلەشتۈ-
رۈپ، ئەڭ ئەمەلىي پىلان-تەدبىرلەرنىمۇ

تەيىيـارلاپ قويدۇم. ئىككىنـچى قەدەمدە،
شەھەرلەردىن ئىنژېنېر، لايىھەلىگۈچىلەرـ
نى تەكلىپ قىلىپ، دېھقانلارغا چوڭ دېـ
رىزىلىك، ئازادە ئۆيلەرنى سالدۇردىمەن.
كىنو ـ تىياتىرخانا، باغچا، مەدەنىيەت ئۆيـ
لىرىنى ياسىتىمەن. ياشلىرىمىزنى ئوقۇتقۇچى
تەكلىپ قىلىپ ياكى ئالىـي بىلىم يۇرتلىـ
رىغا تۈركۈملەپ ئەۋەتىـپ ئوقۇتىمەن. ئۇـ
لار شەھەر ياشلىرىدەك پاكىـز كىيىـنىپ،
گالىستۇك تاقاپ يۈرىدىغان، قىـزلار ئەڭ
چىرايلىق مودىلىق كىيىملەرنى كىـيىدىغان
بولىدۇ. باللار باغچا، يەسلىلەردە، ئازادە
مەكتەپلەردە تەربىيە ئالىدۇ. يەر شارىدا،
ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ تەكلىماكان
قۇملۇقىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كىچىككىنە بىر
جەننەت بارلىـققا كېلىدۇ. پاھ، نەقەدەر
گۈزەل تەسەۋۋۇر ـ ھە! ياق، بۇ ھەرگىزـ
مۇ كۆز يەتكۈزىز تەسەۋۋۇر ئەمەس. مۇنـ
داق تەسەۋۋۇر نۇرغۇن جايلاردا رېئاللىقـ
قا ئايلاندى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتـ
تىغۇ. مېنىڭ يېزامدىمۇ، تېخىمۇ كۆپ يېـ
زىلاردىمۇ چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. گەپ
دەۋر چاقىنى تېزلىتىشكە جۈرئەت قىلغۇـ
دەك بىر ئوغۇل بالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىـدا.
بۇ يولدا ئون يىل، 15 يىل كېتەر، چاچـ
لىرىمغا ئاق كىرىپ، بەللىرىم مۈكچىيەر ...
ئەمما بۇ يولغا بېغىشلانغان ھاياتلا چىن
ھايات، ئۇنىڭدىن كەلگـەن بەخت چىـن
بەخت، ئۇنىڭ كۈلكىـسىلا چىـن كۈلكـە
بولالايدىغۇ.

دىلئارام، ياز كېچىسى نەقەدەر قىسـ
قا ـ ھە! ... مۇشۇ ئاپتا، ئۇپۇق ئاقىرىشقا
باشلىدى. گىگانت شەھەر ئۇيقۇلۇق كۆزـ
لىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ئاخىرقى يۇلتۇزـ
لارغا سەپ سالماقتا. بۇ پەيتتە سىز بەلـ
كىم شېرىن ئۇيقۇدا ياتىدىغانسىز. دېرىزـ
ڭىزنىڭ تەكچىسىدىكى ھېلىقى بىر تەشتەك
ھال رەڭ ئەتىرگۈلمۇ مۈگدەۋاتىدىغاندۇ (ئېـ
سىڭىزدىـمۇ ئۇنى مەن تەقدىم قىلغان. نېـ
مىسى بىلەنكىن سىـزنى ئەسلىتىدىغان بۇ
گۈلنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم). مەن
بولسام تېخىچە قىيالماسلىق ئىچىدە ئولـ
تۇرىمەن، قولۇمدا قەلەم، كۆز ئالدىمـدا
سىزنىڭ ئوبرازىڭىز .... گويا تۇمانلار ئارىـ
سىدىن جىمىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈـ
زەل سۈرەتتەك، ئۇپۇقتىكى تۇنجى نۇر تاـ
لاسى بىلەنلا غايىپ بولۇپ كېتىش ئالدىـ
دا تۇرغان ئاخىرقى يۇلتۇزدەك ... ئاھ، خۇـ
دا! ماڭا قانچىلىك ئېغىر، قانچىلىك ئېغىرـ
ھە! ... مەن پېتوفىينىڭ ھېلىـقى مەشھۇر
شېئىرىنى مۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇشنى ياخـ
شى كۆرىمەن.

ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
لېكىن، كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،
سۆيگەن ئىشلىرىم ئۈچۈنلا پەقەت.

دىلئارام، سىزنى ئەركىن بىلەن ئەكـ
رەممۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارمۇ قالتىس ياخـ
شى باللار. بولۇپمۇ ئەركىـن تېپىلغۇسىز
يىگىت. مەن ئۇنىڭدەك تەبىئىي، ئاق كۆڭۈل
كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ؟ ...»

زىچ يېزىلغان خەتلەر بىـلەن توشـ
قان نېپىز ۋاراقلار قىزنىڭ قولىدىن ئاجـ
راپ ئاياغ ئاستىدىكى پولغا يېيىلماقتا ئىـ
دى. قىز ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ، ئۇزاققىـ
چە ھەرىكەتسىز ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرـ
دى. بۇ ۋاقىت ئۇنىـڭغا گويا بىر ئەسىرـ
دەك ئۇزاق بىلىندى. پۈتكۈل كائىـناتتا




تۇختى ئايۇپ

# قۇم باسقان دېڭىز

(پوۋېست)

«...ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ...»

— كىرىشان چاندىر

## بىرىنچى باب

خىيال — ھېس قىلالىغۇچىلار، كۆرەلىگۈچىلەر ۋە ياشىيالىغۇچىلار ئۈچۈن بىپايان، ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ئۇنىڭدا نە يېنىپ تۇرغان قۇياش، نە ئاي، نە يۇلتۇزلار يوق. بۇ دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى قۇياش — پەقەت ئىنساننىڭ يۈرىكى، ئۇنى بىنا قىلغۇچى قۇدرەتلىك ئىلاھ — يەنە شۇ ئىنساننىڭ يىغا ۋە كۈلكىسى. ئۇ يەردىكى ئۇپقۇنلۇق دەريا ۋە بۇلاق سۇلىرى خۇددى ئادەمنى تۇيدۇرماي مەست قىلىدىغان كۈچلۈك ئىچىملىككە ئوخشايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىق، ھەسرەتلىك سۇسىز دەشتىدە چاڭقاپ ئۆلۈۋاتقان ئادەم پەقەت ئەنە شۇ دەريا ۋە بۇلاق سۇلىرى بىلەنلا ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق، تەشنا قەلبىگە ئاراملىق تاپىدۇ. نىھايات، بۇ ئاراملىق — ئىنسان ئەسلىدىكى ئۈمىد قىلغان ئارزۇ ۋە بەختنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئاشۇ سېھىرلىك سۈزۈك پارقىراپ تۇرغان مارجاندەك يۇلتۇزلار بىلەن بىر ئۆزىلا قالغاندەك ئىدى...

سىرتتىن كىملەرنىڭدۇر ئاياغ تاۋۇشى ۋە ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. تۆكۈلگەن غازاڭلاردەك يېيىلغان قەغەزلەرنى بىر - بىرىدىن تېرىشكە باشلىدي. ئەمما قەغەزلەر ئۇنىڭ يارماقلىرىدا ھېچ تۇرمايتتى، سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك قويۇق چاچلىرى يېيىلىپ چۇشۇپ گويا قىلىن پەردىدەك كۆز ئالدىنى توسۇۋالاتتى. قىرىشقاندەك، مېھمانخانىدىن يەنىلا ھېلىقى ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
... ... ... ...

سۇلارنىڭ بۇ بەختسىز ئىنساننى ئۆز جىسمىدىكى ئازاب ۋە ھەسرەتنىڭ شېرىن كەيپى بىلەن مەست قىلىشى، خالاس.

مەستلىك — ئىنسان ئېڭىدا بىردەملىك ھۆكۈم سۈرىدىغان بەخت لەززىتى ۋە ئەبەدىي، مۇقەددەس بولۇپ تۇيۇلىدىغان سەلتەنەتلىك شاھلىق تۇيغۇسىنىڭ ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ مەستلىكتىكى ئازاب، ھەسرەت، قايغۇ ۋە نادامەتمۇ ئىنسان ئۈچۈن يەنىلا لەززەت ۋە ئارام.

ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى ئورنىدا قارا خۇرۇم سومكىسىنى تىزىغا قويۇپ، كەپكىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈۋالغىنىچە ئۆزىنى يۆلەنچۈككە تاشلاپ، يول بويى ئۈندىمەي كېلىۋاتقان ياش يىگىت ئەلى بىر يېرىم كۈندىن بېرى ئەنە شۇ خىيال دۇنياسىنى تەنھا كېزىپ كەلمەكتە. ئۇ، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە يولۇچىلارنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا ئاپتوبۇسقا ئۈن-تىنسىزلا چىقىپ كەلگىنىچە، خۇددى تۈرمىدىن قېچىپ، ئاخىرى پاناھلىنىدىغان بىخەتەر، پىنھان جايىنى مۇشۇ ئاپتوبۇس ئىچىدىن تاپقان مەھبۇستەك تۈگۈلۈپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ مۇشۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، تۇرپان ۋادىسىنىڭ چوغدەك پالىلداپ كۆيۈۋاتقان تاقىر، ئوتلۇق ساھىلىدىن، ئارغىمىبۇلاق تاغلىرىنىڭ ئاق تۇپىلىق، يىلاندەك ئەگرى-بۈگرى خەتەرلىك يوللىرىدىن، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ كۆپكۆك دېڭىزدەك پايانسىز قومۇشلۇقلىرى ئارىسىدىن، باشئەگىم تاغلىرى ئارىسىدىكى كۆمۈش بۇژغۇنلۇق سۇ شارقىراتمىلىرى، تاغ قاپتاللىرىدىكى گىلەمدەك جىلۋىدار بۈك چىمەنزارلىق ۋە ياپيېشىل بوستانلىقلاردىن ئۆتكەندىمۇ كۆزىنى ئاچمىدى. ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھەزىلچىلەرنىڭ قوپال چاقچاقلىرىغىمۇ، ئويۇنچى قىزلارنىڭ كۈلكە-مەسخىرىلىرىگىمۇ، يېنىدىكىلەرنىڭ نوقۇپ، سىلكىشلىرىگىمۇ چىش يېرىپ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— پاھ، دېۋىنىڭ ئويقۇسىنى ئۇخلىدىغۇ بۇ ئاداش!

— ئۈرۈمچىدە شىبغىل سارايدا جېنى قاقشاپ، ئەمدى ئاران تاپقان دەڭلار بۇ يۇمشاق جايىنى.

— كېپىنگە ھېزى بول ئاداش، بوي-بەستى تۆگىدەكلا تۇرىدۇ، جومۇ بۇنىڭ.

— قورقۇپ قالاتتىمۇمەن؟ نوچى بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ باقسىنچۇ، دومبىسىگە چوم توقۇپ مىنىۋالمايدىغان بولسام.

— ھا ... ھا ... ھا ...!

— ھى ... ھى ... ھى ...!

ئۇنى ھەر نېمە دېگۈچىلەر سۆزلەپ-سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز سادا چىقمىغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھېكايە-پاراڭلىرىغا، سەت-بېزەپ چاقچاقلىرىغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئەلى گويا بايىقى سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، گويا راستىنلا «شىبغىل سارايدا جېنى قاقشاپ» چالا قالغان ئويقۇسىنى ئەمدى ئۇخلاپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. لېكىن ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ جىمغۇر ھالىتىدىكى بىرلا ئۆزگىرىشكە — چېكە تومۇرلىرىنىڭ چوكىدەك كۆپۈپ چىقىۋالغىنىغا، كۈچلۈك رەق-

بىگە دۇچ كەلگەن قەھىرلىك بوكسيورچىدەك تېز-تېز ۋە شىددەتلىك لەپەس ئېلىشلىرىغا دىققەت قىلمىدى. ئۇ ئويغاق ئىدى، ئەمما ئۇ ھازىر ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەسخىرە ۋە خورلاشلىرىغا مۇشۇنداق ئۈنسىز، قەھىرلىك سۈكۈت بىلەنلا جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر، سەۋەبى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاللىقاچان ماغدۇر ۋە جەسۇرلۇق قاچقان. ئۇ گاھىدا ھاياتلىق بىلەن ھالاكەتلىك ئوتتۇرىسىدا جان-جەھلى بىلەن تىركىشىپ جان تالىشىۋاتقان ئادەمگە، گاھىدا ھاياتلىقنىڭ ئازاب، ھەسرەتلىرىدىن ھالاكەتلىكنىڭ ئەبەدىي خاتىرجەملىكىنى ئەۋزەل بىلگەن، ئەمما ھاياتلىقتىكى بىرلا ئۇلۇغ نەرسە — سۆيگۈگە تارتىشىپ كۆزى يۇمۇلماي قالغان مۇردىغا ئوخشايتتى... لەززەتلىك سۆيگۈ، ئوتلۇق نەپەس... قىزنىڭ ناخشىسى، بوۋاق يىغىسى... مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز، قاتقان ياش دېغى! ئاھ! ئۇ پەقەت مۇشۇلار ئۈچۈنلا ئاپتوبۇسنى يەلكىسىدە يۇدۇپ مېڭىشقىمۇ رازى! راست، ئۇ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئاپتوبۇس ئۇنى ئەمەس، ئۇ ئاپتوبۇسنى يەلكىسىگە ئارتىپ سۇسىز، گىياھسىز، قۇم-تاشلىرى چوغدەك يىلىنجاۋاتقان بىپايان چۆلدە بىرقەدەم بىرقەدەمدىن ئىلگىرىلەۋاتقاندەك ھارغان، چارچىغان، تاماقلىرى قۇرۇپ، تىلى تارشىدەك قاتقانىدى. ئۇ شۇ تاپتا چۈش كۆرۈۋاتاتتى. چۈشلىرى قاباھەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. زەھەرلىك يىلان ۋەھىملىك كۈشۈلداپ قان تومۇرلىرىدىن يۈرەك بېغىشىغا قاراپ يامىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا كۆرۈۋاتقان قاباھەتلىك چۈشى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. ئاپتوبۇس ماتورىنىڭ گۈرۈلدىشى، دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ جاقىلدىشى، ئورۇندۇقنىڭ دىرىلدىشى بىر يېرىم كۈندىن بېرى ئۇنىڭغا گۇناھلىق بىر كەچمىشنىڭ ھازىلىق ناخشىسىنى ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. بىر يېرىم كۈن... بۇ ناخشا ھېلىمۇ توگىمىدى. ئۇنى بىر قىز ئېيتماقتا. ئۇ قىز قۇچىقىدىكى يۇمران بوۋاقنىڭ ئاچچىق قىقىراشلىرىغا قوشۇلۇپ يىغلايتتى ھەم ناخشا ئېيتاتتى. يىغىسىغا ناخشىسى، ناخشىسىغا يىغىسى يۆگىشىپ كېلەتتى. ئەلىنىڭ قۇلىقى ئاللىقاچان ئاڭلاش سېزىمىنى يوقاتقان. ئەمما قىز ناخشىسىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەمەس، يۈرىكىگە كىرىپ ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ناخشىنىڭ يارقىن مىلودىيىسىدىن گاھىدا سەبىي پاك سۆيگۈنىڭ بەختىيار كۈلكىسى، گاھىدا خورلانغان مۇھەببەتنىڭ نىدالىق ھازىسى ئاڭلىناتتى. ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئەلىنىڭ تىترەۋاتقان يۈرەك بېغىشى خۇددى قاتتىق ئۇرۇلغان زەخمەككە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىنچىكە تاردەك ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلۈپ، يۈرىكىنىڭ رېتىمى بۇزۇلدى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ۋە چىدىغۇسىز ئازابلىق ئىدى: داۋانچىك ئېدىرلىقىدىكى شامالدىن قەددى ئېگىلگەن دوڭغاق قارىياغاچلار ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا مۆكچەيگىنىچە قۇچىقىدىكى بوۋىقىنى ئېمىتىۋاتقان ياش ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق پەرىشان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى... يېشىل تالزارلىقتا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئاقۇش بۇژغۇنلىرى ئارىسىدا ئاتىسىز بىر يېتىم بوۋاق بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ، تاشتىن-تاشقا سوقۇلۇپ: «دادا! ... دادا! ...» دەپ تېلىقىپ يىغلاپ، چوڭقۇر قاينام ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

ئەلى شۇنىڭدىن كېيىنلا كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ھازىلىق ناخشا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىردەم-

مۇ ئاراملىق بەرمىدى. ئازابلىق سىيما بىردەممۇ ئۇنىڭ خىيال كۆزىدىن نېرى بولمىدى. ئۇ ئاخىرى كۆكسىگە تۇيۇقسىز ئوق تەگكەن كىيىكتەك سىلكىنىپ، چۆچۈپ، يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىۋاتقان چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ۋارقىرىۋەتتى: «ياق!... ياق!... ئۇ يىگىت مەن ئەمەس، ئۇ ئۆلگەن! ئەزىبرايى ئۇ، ئۆلگەن!... بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ شۆھرەت كېپىنىگە ئورالغان نەپرەتلىك جەسىتى خورلانغان قىز بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى باش-پاناھسىز بوۋاقنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى ئارىسىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ روھىما؟... ئۇنىڭ روھى...» ئەلى چېكىگە يەتكەن ئەسەبىيلىك ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن ئەمدى ۋارقىرىيالماي قالدى. لېكىن ئۇنىڭ بايا ۋارقىرىغىنىنى ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئاپتوبۇس بوگۇرنىڭ ئاق قۇمساڭغۇ ساھىلىدىن ئۆتۈپ، قوشئاۋات دېھقانچىلىك مەيدانىنىڭ قويۇق تېرەك، سۆگەتلىكلىرى ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى... ئەنە، ئەلىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزگىچە ھىدى بىلەن يۈرەكنى لەززەتكە چۆمدۈرىدىغان ئانا يۇرت يېيىلىپ ياتماقتا. ئەلى ئەتراپقا چەكسىز سېغىنىش، ئەمما نومۇس، جۈرئەتسىزلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. يۇرت ھاۋاسىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈردى. ئازابلىق خىياللار ئىسكەنجىسىدە تۈگەتكەن زېرىكىشلىك يوللار ئەمدى ئارقىدا قالغان. مانا ئەمدى ئوڭ تەرەپتە چوغى ئۆچكەن توغراق كۆلدەك بوزىرىپ تۇرغان تاقىر تاغ. پەستە كۆكۈش رەڭلىك كۆجۈم مەھەللىلەر. بۇلار گويا ئۆز ئورنىدا ئاستا ئايلىنىۋاتقاندەك، ئۇدۇلدىكى قويۇق دەرەخزارلىق، ئېگىز سۇ مۇنارلىرى، دەرەخلەر ئارىسىدا غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان غاز قانىتىدەك ئاقۇش بىنالار ئاپتوبۇس ئالدىغا ئاستا سىلجىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلارغا يىراقتىن سەپسېلىپ كېلىۋاتقان ئەلىنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىدا قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجان، ئىزتىراپ، ھودۇقۇش ۋە سېغىنىش ھېسسى كۈچلۈك مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەپەس رىتىمى تېزلاشتى، كۆكرىكىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، تاقىر سايدىكى تاشلار ئارىسىدىن، تاشيول يېنىدىكى توپىلىق يولدىن، يول چېتىدە گاھ-گاھ كۆرۈنۈپ قالىدىغان قارىياغاچ، تېرەك كۆچەتلىرى ئارىسىدىن قاچانلاردۇر يوقاتقان قىممەت باھالىق بىر نەرسىسىنى تاپماقچى بولغاندەك، ئۆتكۈنچىلەر ئارىسىدىن كىمنىڭدۇر تونۇش چىرايىنى ئىزدىگەندەك ئۇلارغا ئارامسىزلارچە، ئەمما ئۆتكۈر بىر نەزەر بىلەن قارايتتى، تەلمۈرەتتى، گاھىدا ئۇلاردىن كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. شۇ چاغدا يول چېتىدىكى رەڭگارەڭ ئۇششاق شېغىل تاشلاردىن كۆزنى قاماشتۇرغۇچى ئۆتكۈر نۇر خۇددى ساداقتىن ئۇچۇپ چىققان ئالتۇن ئوقيادەك ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىنى تېشىپ ئۆتتى، خىيال ئەينىكىدە بىر قىز ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى سەبىي بوۋاقنىڭ بىر دەستە نۇردەك يارقىن سىيماسى يالت-يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى. ئۇ، بۇ نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن تۇتتى...

ئاپتوبۇس چۈشتىن كېيىن، نەچچە كۈنلۈك يول ھاردۇقى يېتىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋايدەك، ئىككى تەرىپىگە كېلەڭسىز چايقىلىپ، ھاسىراپ-پۇشۇلداپ، ناھىيە بازىرى

سىرتىدىكى بېكەتكە كېلىپ توختىدى. بېكەتتە ئادەملەر كۆپ ئىدى. كىراكەشلەر ئېشەك ھارۋىلىرىنى تارتىشتۇرۇپ ئاپتوبۇس يېنىغا قىستاپ كەلدى. ئېشەكلەر ھاڭرىدى، بىر چەتتە خېرىدارسىزلىقتىن زېرىكىپ مۈگدىشىپ ئولتۇرغان باقالالار ئەمدى بىردىنلا جانلىنىپ، ئالدىدىكى دۆۋە - دۆۋە قىلىپ تىزىپ قويغان ئالما، شاپتۇللىرىنى سولاشقان ياڭاق يوپۇرماقلىرى بىلەن ئالدىراپ قورۇشقا باشلىدى. يولۇچىلاردىن كۆڭۈلدىكىدەك سەدىقە يۇلۇۋېلىش غەرىزىدە كۆزلىرى تەممەدىن ئاچكۆزلەرچە پارقىراپ كەتكەن دىۋانىلارنىڭ ئۆز ھالىغا، چىرايىغا ماس بولمىغان مۆڭلۈق ئىلتىجا - خىتابلىرى ئاڭلاندى...

ئەلى ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئۇ ئەمدى كەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈۋالغانىدى، ئەتراپقا تېز - تېز، ئەمما خۇدۇكسىرەش ۋە ئالاقزادىلىك نەزەرى بىلەن باقاتتى. ئۇ، كىراكەشلەرنىڭ بەس - بەس بىلەن كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا پەرۋا قىلمىدى. سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە چوڭ يولغا چىقتى، ئاندىن تاشيولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭ بويلاپ يۇقىرىسىغا كەتكەن تار يولغا بۇرۇلدى.

ئۆستەڭ سۈيىنىڭ يۈزىدە قويۇق سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدىن تېشىپ ئۆتكەن تەڭگىدەك يۇمىلاق سۇس شولىلار تىترەيتتى. سۇ يۈزىدە تۇرۇپ - تۇرۇپ يېنىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن بىرتوپ چۈجىلەرنىڭ دان يەۋاتقان چاغدىكى ئىنچىكە ئاۋازدا چۇرۇقلاشلىرىدەك سادا كېلەتتى.

ئەلى بىر ئازلا مېڭىپ يېڭىلا ئاغدۇرۇلغان چىلان توپىلىق بىر پارچە ئېتىزلىقنىڭ قىرىغا بۇرۇلدى. ئېتىزلىقنىڭ نېرىقى چېتىدە يېڭىلا دان تۇتقان بىر پارچە قوناقلىق مەھەللىگىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى، قوناق ئوخشىغان — غول، يوپۇرماقلىرى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. قوناقلىقنىڭ نېرىسىدىكى بۇك - باراقسانلىق، تاملىرى خام كېسەكتىن سېلىنغان كۆجۈم مەھەللە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئېگىز قېرى سېدە دەرىخى بار ئىدى. سېدە گويا مۇشۇ مەھەللىنىڭ مەڭگۈلۈك سايىۋىنىدەك، مەزمۇت شاخلىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، سالاپەت ۋە مەغرۇر بەستى بىلەن ھەممىدىن ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەلى ئېتىز قىرىدا توختاپ، سېدىگە ئۈنسىز سۈكۈت ئىچىدە خېلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ، گويا بۇ مەھەللىنىڭ ئابرويلۇق ئاقساقىلى ئالدىدىكى گۇناھكار دېھقاندەك سېدىگە تىكىلگەنسېرى تىزلىرى دىرىلدەپ، ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى، يۈرىكىنى قايسىبىر نامەلۇم قول يۇلۇپ تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قورقۇنچتىن لەۋلىرى تىترەپ، كىمدىندۇر مەدەت ۋە ياردەم تىلىمەكچى بولغاندەك بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئۈنسىز پىچىرلىدى. ئەلى سېدىگە يەنە يېقىنىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ گويا ئۆزىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قايسىبىر دىۋە سۈپەت خىيالىي مەخلۇقنىڭ قەھىرلىك سىياقىغا ئوخشايتتى. ئەلى خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، دەرمانسىز پۇتلىرىنى تېز - تېز يۆتكەپ، ناھىيە بازىرى تەرەپكە — ئۆز ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، ئۆيىگە بازار ئارىلاپ، چوڭ كوچىدا ماڭسا ئاسانلا يېتىپ باراتتى. شۇنچە يىراقتىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە، ئۇ نېمىشقا بازار سىرتىدىكى ئادەمسىز ئېتىز ئارىلىرىدا

چالمىغا پۇتلىشىپ، ھاسىسىدىن ئايرىلغان ئەمادەك تەمتىرەپ يۈرۈشىنى راۋا كۆردى؟ بۇنىڭ سەۋەبى ھازىرچە پەقەت ئەلىنىڭ ئۆزىگىلا ئايان ئىدى.

## ئىككىنچى باب

مانا، باش ئەتىيازدىن تا كەچكۈزگىچە سۈيى ئۆكسىمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا. ئۇ ئەمدى كۆك سىردا سىرلانغان، يەنە كېلىپ، قايسىبىر ماھىر نەققاش ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ نەپىس نەقىشلىك گۈل ئويۇپمۇ ئۈلگۈرگەن. ئەلىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، بۇ دەرۋازا ئەسلىدە سىرلاقسىز ئاق ئىدى. ئەمما ئىنقىلاب يىللىرىدا ئۇنىڭ ئىككى قانىتىغا دادىسىغا قارشى شوئار-خىتابلار قارا سىيادا ئۈستى-ئۈستىلەپ يېزىلىۋېرىپ، خۇددى كوچا سارائلىرىنىڭ مەينەت، بەتبەشىرە يۈزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. كېيىن دادىسىنىڭ نام-ئەمەلى ئەكسىگە كېلىپ، ئۇلار يېزىدىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى نەچچە كۈن تەرلەپ-پىشىپ، سىيانى پىچاقتا قىرىپ، دەرۋازىنى خۇددى يېڭى رەندە سالغاندەك ئاقارتىپ چىققان.

ئەلى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بىر پەس تېڭىرقاش، ياتسىراش ۋە ئارسالدىلىق ئىچىدە تۇرۇپ قېلىپ، بىر ئازدىن كېيىن دەرۋازا ھالقىسىنى شىرىقلاتتى. شۇئان ئىچكىرىدىن ئۆي ئىشىكىنىڭ تاراقشىپ ئېچىلغىنى، ئاندىن ئەر كىشىنىڭ قوپال ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ، دادىسىنىڭ تونۇش چىرايى كۆرۈندى.

ئىلاھىي قىسمەتنىڭ ئەلىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئورۇنلاشتۇرغىنى نېمىسى؟ ئەنە... ئەلىنىڭ ئالدىدا ئۇ ھەم سۆيۈنىدىغان، ھەم يىرگىنىدىغان نەپرەتلىك تونۇش چىراي. ئەلى شۇئان زىمىستان قارا قىشتا بىر پارچە مۇز يۇتۇۋالغاندەك، ۋۇجۇدى شىددەتلىك بىر ئىچكى تىترەكتىن سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ، شۇ دەقىقىدە دادىسىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە قانداق ئىپادە-تۇيغۇنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى پەم قىلالمىدى. دادىسى ئوغلىنىڭ خۇددى ناتونۇش — يات كىشى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك ھېسسىياتسىز، سوغۇق چىرايىنى كۆرگەن چاغدا بىر دەقىقە خۇدۇكسىرەش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە تەمتىرەپ قالدى، لېكىن سەزگۈر دادا تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— ۋاي-ۋاي، بىزنىڭ ئەلىجانغۇ بۇ؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ناتونۇش يولۇچىدەك ھالقىنى شاراقشىتىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئۈرۈمچىنىڭ قائىدىسىنى ئېلىپ كەلگىنىڭمۇ بۇ، ياكى دەرۋازىغا بېشىڭ تاقىشىپ قېلىۋاتامدۇ؟ — ئەزىزىۋۇ ھاكىم خۇشاللىقىدىن ئوغلىغا چاقچاق ئارىلاش سۆزلەۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ توۋلىدى، — بۇياققا چىقىڭلار پاتەمخان، ئوغلۇڭلار كەپتۇ! بەللى، ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ سوزغان ئوخشىمامدۇ بۇنىڭ، كەلگىنە ئەلىجان، ئىككىمىز بىر تەگلىشىپ باقايلى، بۇ نېمە ئىش؟ مەن سېنىڭ قۇلىقىڭغىلا كېلىپ قالدىم ئەمەسمۇ، ئەستا!

خەيرلىك دىدار — ئىنتىزار يۈرەكلەر ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئالەمچە بەخت.

ئۇ، مۇنداقلا تۇيۇلىدىغان بىردەملىك قىزغىن ھېسسىياتىنىڭ كۆزلەردىكى يالتىرىشى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىپتىخار، ھاياجان ۋە لەززەتلىك سۆيۈنۈشنىڭ ئىسسىق ياشلىرى سىڭىپ كەتكەن.

مەڭزىگە سىرغىغان شادلىق يېشىدىن شالاڭ كىرپىكلىرى جۇپلىشىپ، كۆزلىرىدە پەقەت ئانىلارنىڭلا كۆزلىرىدە كۆرۈشكە بولىدىغان ئۆزگىچە ئىللىق نۇر يالتىراپ كەتكەن پاتەمخان ئوغلىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە. ئۇ بىر ھازاغىچە ئوغلىنىڭ باش-كۆزىنى سىيلاپ، خۇددى ئوغلىنىڭ شۇئانلا كۆز ئالدىدىن غايىپ بولۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئۇنىڭ قوللىرىغا يېپىشتى.

— ئۆيگە كىرىڭ، جېنىم بالام، ماشىنىدا بېشىڭىز قايادىكەن، مېنىڭغۇ ئىگەكىم ماشىنىغا چىقسامىلا ئۈچەي-باغرىم ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. ۋىيەي، قولىڭىزغا سۇ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەنا، قېنى، مەشەگىلا يۇيۇڭ، نېمە قېتىپ تۇرىسلا ئېزىزاخۇن! — ئۇ ئېرىگە لۆڭگىنى شەرەت قىلىپ، ئوغلىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇش ئۈچۈن ئېڭىشتى.

— ئۆزۈم يۇياي ئاپا، — دېدى ئەلى ئۆرىنقا قول ئۇزىتىپ.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز بالام، شۇ تاپتا سىزنىڭ كەلگەن يېرىڭىز قەيەر؟ تارتىنماڭ بالام، ئاپىڭىز تۇرسام مەن.

ئەلى كەينىگە داجىپ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىكى سەپەر چاڭلىرىدىن ئاقارغان قويۇق بۇدۇرە چاچلىرىنى كەپكىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. ئوغلىنى تەڭقىسلىقتىن دادىسى قۇتقۇلدۇردى. ئۇ پاتەمخانغا:

— بوپتۇ، ئۆزى يۇسۇن، قېنى، سىلى ئاشخانىغا كىرىڭلار، — دېدى.

ئەلى يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، لۆڭگە بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن، مېھمانخانىغا كىردى. كىردى-يۇ، مېھمانخانىدىكى ئۆزگىچە ھالدىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. يەردە ھەم تامدا تەڭرىتاغ يايلاقلىرىنىڭ رەڭگارەڭ گۈل-چېچەك قاپلىغان ۋادىلىرىنى، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانىنى ئەسلىتىدىغان گىلەملەر ئوتقاشتەك يالىلداپ كۆزنى چېقىپ تۇراتتى. تېخى ئۈرۈمچىدىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭلا ئۆيىدە ئاندا-ساندا كۆرۈشكە بولىدىغان قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى ئۆينى بىر ئالغان. ئۈستى-ئۈستىگە تىقىلىپ كەتكەن بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆيئىچى بۇرۇنقىدىن كۆپ تارلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

«بەش يىل!... نېمىدىگەن زور ئۆزگىرىش بولغان بەش يىلدۇ بۇ-ھە؟ ياكى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك جەمئىيەتنىڭمۇ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇساپىسىمىدۇ بۇ؟ راست، شۇنداق ئوخشايدۇ. يالغۇز بۇ ئۆيلا ئەمەس، داداممۇ، ئاپاممۇ ئۆزگىرىپتۇ. دادامنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك تېخىمۇ كۆپەيگەن، چوڭقۇرلاشقان. توگەل ئاقارغان چاچلىرى ئەمدى شالاڭلاپ، بېشى تاقىرلىشىشقا باشلىغان. نېمە دېگۈلۈك؟ ھايات قانۇنىيىتى شۇنداققۇ، لېكىن دادام ئەمدى بۇ ياشقا يەتكەندە قورساق سېلىپ، مۇنچىۋالا سەمىرىپ كەتكىنى نېمىسى؟ بۇ، ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئالامىتى ئەمەستۇ-ھە؟ — ئەلى ئانىسىنى دادىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ

كۆڭلى ئېغىمۇ غەش بولدى، ــ بىچارە ئاپام، ئۇ ئەكسىچە ئاپتاپقا سالغان پەمىدۇر قېقىدەك قورۇلۇپ، ۋىجىكلىشىپ، خۇددى ئاستا ـ ئاستا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بۇرۇلقى بوي ـ بەستىنىڭ يېرىمىلا قاپتۇ...» ئەلىنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز، ھەيرانلىق ئىچىدىكى خىيالى دادىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلدى.

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ كەتتىڭ، ئەلىجان؟ خۇددى يات ئادەمدەك ئۆرىلا تۇرىسىنا، ئولتۇر، قېنى، يېقىنراق ئولتۇرغىنا.

ئەلى دادىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئۈستىگە ئىمپورت ئۇچۇن توقۇلغان گىلەم يېيىلغان دىۋاننىڭ بۇرجىكىدە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى.

ــ شەپكەڭنى ئېلىۋەت، نېمە تالىپ مىجەز بولۇپ كەتتىڭ؟ كورلىدا قونغانمىدىڭلار؟

ــ ھەئە.

ــ يولدا ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

ــ ياق.

ــ ياق دەيسىنا، ــ ھاكىمىنىڭ ئۆز گەۋدىسىگە ماس بولمىغان كىچىك، ئەمما قارچۇغىسىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەلىگە توغرىلاندى، ــ چىرايىڭ تاتىرىپ كېتىپتىغۇ، بالام؟

ئەلى جاۋاب بەرمىدى، بۇرنىنى مەقسەتسىزلا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سۈرتۈپ قويدى، ھاكىم ئوغلىدىن ئۈنى ـ ئۇنى سوراۋېتىپ، ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا ــ بۇرۇنقى باللىق چاغلىرىدىكى خۇددى كوچا لوكچەكلىرىدەك ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ يۈرۈشلىرىدىن بىرەرمۇ ئىزنا قالمىغان گەۋدىلىك، ئېگىز، كېلىشكەن يىگىتلىك قامىتىگە، قىزلارنىڭكىدەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە، قىياقتەك ئىنچىكە خەت تارتقان بۇرۇتىغا زوق بىلەن تىكىلىپ، ئىختىيارسىز مەسلىكى كەلدى.

ــ بويۇڭنىڭ ئېگىزلىكى نەچچىكەن، ئەلىجان؟

ــ بىر مېتىر سەكسەن ئالتە سانتىمېتىر.

ــ ھا... ھا... ھا... ئاسمانغا شوتا بولغۇدەكسەن، ئەمىسە! ــ ئاغزىلىرىغا تاش، تىللىرىغا شۇمەك! ــ ئۈستەلگە داستىخان سېلىشقا كىرگەن پاتەمخان ئېرىگە كايىشقا باشلىدى، ــ كىچىك بالىدەك نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنلا. ئوغۇل بالادېگەن دادىسىغا تارتمامدۇ؟

ــ ئەمما، بىزنىڭ ئەلىجان ماڭا تارتماپتۇ ئەمەسمۇ، قارىمامسىلەر؟

ــ ئەمىسە، ماڭا تارتقاندۇ.

ــ سىلىگىمۇ؟ ــ ھاكىم ئېڭەك گۆشلىرىنى تىترىتىپ كۈلدى، ــ سىلىگە تارتسا بىزنىڭ ئەلىجان يەر مەدىكى بولۇپ قالامدۇ، چوڭ دادىسىغا تارتقان گەپ. دادام رەھمەتنىڭ «كايىز توغراق» دەپ لەقىمى بارمىكەن. بېشىنى ئەگمىسە دەرۋازىغا ئۇسۇۋالىدىكەن. يېنىچە ئۆيگە كىرمىسە ئىشىكتىن پاتمايدىكەن. دادامنىڭ مۇنچىۋالا تەن قويۇشىنىڭ سەۋەبى، دادام بىر لىگەن پولۇنى بىر پۇت گۆش بىلەن «كۆرمىدىم» دەپ سوقۇۋېتەلەيدىكەن، بىر ئولتۇرۇشدا بىر پاخلاننىڭ گۆشىنى پاك ـ پاكىزە يەۋېتىپ،

نەچچە - نەچچە دو تىككۈچىلەرنى ئۇتتۇۋالغانىكەن. شۇڭا، دادام خۇددى توغراققا ئوخشاش ئۇزۇنىسىغىمۇ، توغرىسىغىمۇ تەن قويۇپ يوغىناۋەرگەنىكەن. مېنىڭ ئەلىدەك چاغلىرىدىم زاغرا غاجاپ ئۆتۈپ كەتكەن دەڭلا، شۇڭا يىلىكىم بوش مېنىڭ. ئەمما ئەلىجان 80 - يىللارنىڭ مېۋىلىرى. بوپتۇ، بۇنىڭ بويى ماڭا تارتمىسا، چوڭ دادىسىغا تارتسۇن، بولسا تارىمنىڭ توغرىقى بولۇپ كەتسۇن، ئاپاڭنىڭ ئالىيىپ كەتكىنىنى قارا ئەلىجان، مەن ھېچ نېمىدىن قورقمىغىنىم بىلەن ئاپاڭنىڭ مۇشۇ قاپىقىدىن قورقىمەن جۇمۇ، راستىنى ئېيتسام، پاتەمخان، سىلىنىڭ يىلىكىڭلىمۇ بوش، شۇ يىللاردا ئۆيىنىڭ بۇغداي نورمىسىنى ئاچچىقىڭلىدىن قورقۇپ مەن يەيتتىم، قوناق زاغرىسىنى باللار بىلەن سىلى يەيتتىڭلار. شۇنداق قىلىپ ئاشقازان يارىسى دېگەن مەرەز كېسەلنى شۇ چاغدا تېپىۋالغان - دە، سىلى. مەن ھازىرقى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى تەتقىق قىلىپ باقتىم. نېمىدېگەن قاملاشقان چىراي، نېمىدېگەن بوي! ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە بىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئۇلارغا تەڭ ۋاقتىمىزدىكىدەك قانچىلىك ئېشىپ كەتكىنىنى دېمەيلا قوياي. ئۆلچەملىك تەققى - تۇرقىنىلا مىسالغا ئالايلى، دۇنيا بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سۈپەتلىك تۇغۇش ھەرىكىتى بىزنىڭ جۇڭگودىلا ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشتىمىكىن دەيمۇ قالىمەن. ھىم ... جىم ئولتۇرۇسەنغۇ ئەلىجان، سەن دارۋىن ① نىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى سۇدەك ئىچىۋېلىپ كەلگەن ئادەم. مېنىڭ بايا دېگەنلىرىم، ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ قايسى ماددىسىغا چۈشىدۇ. بۇ ھادىسە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ XX ئەسىر ئادەملىرىدىكى مۇئەييەن ئىپادىسىمۇ ياكى زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ تەسىرى بىلەن، بۈگۈنكى يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئىنسانلار ئورگانىزمىغا بولغان رولىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

— ئۇ ماھىيەتتە يەنىلا بىر گەپ.

— جاۋابىڭ شۇلىما؟ ۋاھ، قويغىنا! — ھاكىم كۆزلىرىنى ئالايتىپ قولىنى سىلكىدى، — داشۆدە ئوقۇپ زىيالىي بولدۇم دەپ مۆرسىمەس بولۇپ ئۆزگىرىپ كەلگىنىڭمۇ بۇ؟ ئەتىگەندىن بېرى ۋالاقلاپ سۆزلىسەم ئاغزىڭدىن «ھە»، «ياق» تىن باشقا سۆز چىقمايدىغۇ؟ پاتەمخان، ئېشىڭلىنى ئەكىرىڭلار، قېنى، ئاشنىڭ ئالدىدىمۇ تۇمشۇقىنى بوغۇپ قويغان موزايدەك ئولتۇرامدۇ بىزنىڭ ئەلىجان، قېنى، بىر كۆرەي.

ئەزىزوۋ ھاكىم سۆزلەۋېتىپ، ئايالىغا بۇرۇلۇپ، كۆزىنى ھەيۋىرلىق بىلەن قىسىپ قويدى. پاتەمخاننىڭ ياغاچ قوشۇقتەك كىچىككىنە يۈزى شۇئان سۆيۈنۈش ۋە ئېرىشىش تولىمۇ تەس بولىدىغان مۇشۇنداق كۆڭۈل ئاراملىقى ئىچىدىكى ئۈنسىز تەبەسسۇم بىلەن قورۇلۇپ كەتتى. ئۇ، ئېرىنىڭ بۈگۈنكى خۇشال كەيپى ئۈچۈنمۇ، ئوغلى بىلەن ئامان - ئېسەن دىدارلاشقىنى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈنمۇ خۇشال بولغانىدى. ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق مىجەز - خۇلقى پاتەمخانغا ئاشخانىدىكى جانان چىنىنىڭ گۈللىرىدەك ئايان. ئۇ ئادەتتە كەم سۆز، خىيالچان، ئەمما گېپى قەتئىي، جاھىل ئادەم. ئۇ بۈگۈن-

① چارلىز دارۋىن — ئەنگلىيىلىك مەشھۇر بىئولوگىيە ئالىمى.

كىندەك كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان چاغلىرىدىلا ھەرقاچان خۇش كەيپ بولغان ئادەمدەك تولا سۆزلەپ قالىدۇ. سۆزلىگەندىمۇ يار ئالغان ئۈستەڭ سۈيىدەك ئاغزى بېسىقمايدۇ. ئىككى بالىسى چوڭىيىپ، يىراقتا ئۆز ئۆيلىرىنىڭ غەم - غۇسسىسى بىلەن قېلىشقان، ئۆيدە يالغۇز قالغان ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس ۋە ئىجىل - ئامراقلىقىغا قارىماي، چىش يېرىپ پاراڭلاشمىغىنىغا قاي زامان؟ سۆزمۇ تۈگىگەن. بولۇپمۇ ئەتىسى - ئاخشاملىرى تومشۇقىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆينىڭ ئىككى بۇلۇڭىدا جىمجىت، پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر. ياش ئۆلگەندە ياندا بىرەر بالىنىڭ بولغىنىغا ھېچنېمە يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. مانا، ئەلى كېلىۋىدى، ئىككىيلەن قىلىدىغانغا قىلىق، سۆزلەيدىغانغا سۆز تاپالماي قېلىشتى.

شۇ تاپتا ئەزىزۇۋ ھاكىمنىڭ كۆڭلىدە باشقا خىيال. ئۇ بايا ئوغلىنى «مۇرىمەس» دەپ ئەيىبلەپ قويغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلگىنى ئۈچۈن ئىچىدە ئۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈندى. ئۇ، بىر چاغلاردىكى بەڭباش، كەپسىز، كاج - تەرسالىقى بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ يۈرىكىنى قان - زەرداب قىلىۋەتكەن مۇنۇ ئوغلىنىڭ بەش يىلدىن كېيىن، داشۆدىن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ كېلىشىنى ئەسلا بىلمىگەن. ھاكىم سۆيۈق مىجەز، يېنىك تەبىئەتلىك ئادەملەرنى يامان كۆرىدۇ؛ ئۇنىڭچە: تەمكىن، سالماقلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق — ئەرنىڭ ھەقىقىي ھۆسنى - زىننىتى. مۇنداق ئەرلەر ياخشى سۇغىرىلغان پولات ئەسۋابقا، بىسى يانمايدىغان ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشايدۇ. قارىماققا ئۇ، گال كۆرۈنىدۇ. ئەمما كەسمەيدىغان نەرسىسى بولمايدۇ.

پاتەمخان ئىككىسىنىڭ ئالدىغا دەسلەپتە گۆشلۈك، يۇمشاق قاتلىما بىلەن قايماق چاي، ھايال ئۆتمەي، پەتنۇستا ئاشكۆكنىڭ مەززىلىك پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان ئىككى چىنە چۆچۈرە ئېلىپ كىردى. ھاكىم داستىخانغا قويۇلغان چۆچۈرىنىڭ بىر چىنىسىنى ئالدىغا تارتىپ، چىلان قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇردى ۋە بىر تال چۆچۈرىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناۋېتىپ ئوغلىدىن سورىدى:

— سېنى ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ ئۆز ناھىيەمىزگە تەقسىم قىلدۇرغىنىم ئۈچۈن خاپا بولمىغانسەن، ئەلىجان؟

— ياقەي، — ئەلى دادىسىغا يالت قىلىپ قاراپ قويىدى، — مەنمۇ شۇنداق دەپ تەلەپ قىلغان تۇرسام.

— ياخشى گەپكەنغۇ بۇ، — ھاكىم ئاغزىدىكى چۆچۈرىنى ئالدىراپ يۇتۇۋېتىپ داۋام قىلىپ دېدى، — ئاڭلىدىم، سېنى ئورمانچىلىق نارازىتىگە تالاشقانىكەن، نازىرنىڭ ئېيتىشىچە ... ئېسىمدىن چىقتى، ھېلىقى ئىلمىي ماقالەڭنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ۋە ئورمانچىلىق.

— ھە، شۇ، شۇ ... مۇشۇ ماقالەڭ ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتكەنمىش، لېكىن مەن نازىرغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى قارارىدىن ياندۇردۇم. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ شەھەرلەرگە تىقىلىۋالسا، بىر - بىرلەپ ئۇ يەردە قالغىلى تۇرسا، تۆۋەندىكى مۇھىم ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ ئېيتماقچى، پارتىيىلىك مەسىلەڭ قانداق بولدى؟

ئەلى ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— دېمەك، پارتىيىگە ئۆتمەيسەن - دە، — دېدى ھاكىم ئېغىر تىنىپ.

— مەن بۇ ئىشنى ئويلىنىپ كۆرمەپتىمەن، دادا.

— نېمىشقا؟

— پارتىيىگە ئۆتۈشنىڭ بىرمۇنچە زۆرۈر شەرتلىرى بولىدۇ - دە، مەن قانداقمۇ...

— ھە، ساڭا نېمە بوپتۇ؟ ئېيتىپ باقە، سېنىڭ قايسى جەھەتلەردىن شەرتىڭ توشمايدىكەن؟ سەن جازالىنىپسەنمۇ، ياخشى ئوقۇماپسەنمۇ، ياكى داداڭنىڭ تارىخىي مەسىلىسى بارمىكەن؟ بىلىپ قوي، داداڭ بۇ ناھىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق پېشقەدەم ھاكىمى، يىگىرمە نەچچە يىللىق پارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئابرويلۇق ۋەكىلى. دېمەك، سەن پارتىيە ئەزاسى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ سەن. سەن مۇنداق بىر سىياسىي سالاھىيەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئادەمگە خۇددى جان دەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمايسەن؟

— راست دېدىڭىز، مەن بۇ تەرىپىنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن، — دېدى ئەلى بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ، — مەن پارتىيە ئەزالىرىنى ئالاھىدە تەقلىدتىكى ئادەملەر سۈپىتىدە چۈشىنىمەن. ئەمما مەن بۇ سىياسىي سالاھىيەتنى جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەملەرگە تېگىل بولۇۋېرىدۇ دەپ ئويلىمايمەن.

— بۇنداق داڭقانى پۈتى گېپىڭنى قوي، — دېدى ھاكىم قىزىشىپ، — سەن ئالىي مەلۇمات ئېلىپ كېلىگىنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىر يارامىلىق سىياسىيون بولالمىغۇدەكسەن. خوش، خەنزۇچىغا قانداقراقسەن، ئېنگلىزچىنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ، دەيدىغۇ سېنى؟

— ئۆز كەسپىمگە دائىر خەنزۇچە، ئېنگلىزچە كىتابلارنى كۆرەلەيمەن.

— ئېغىزچە تەرجىمە سەۋىيەڭچۇ؟

— نېمە دېسەم بولار، راستىنى ئېيتسام، ئانچە راۋان ئەمەس.

— ئەمىسە، كۆپرەك شۇنى مەشق قىل، ئەمدى سېنى ناھىيىدە مۇشۇ ئىشقا سالىدىغاندەك تۇرىمىز.

ئەلى دادىسىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرگە خاس خاتىرجەم، ئەمما قەتئىيلىك ئىپادىسى بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە پەرىشانلىق بىلەن تىكىلدى.

— بىراق ... مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، دادا.

— ئىلتىماسىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، — دېدى ھاكىم يۈزىدىكى تەرنى سۈرتىۋېتىپ، — ئۆز كەسپىمنى ئىشلىسەم دېمەكچىغۇ تايىنلىق. بىز سېنى ناھىيىگە نېمىشقا قايتۇرۇپ كەلدۇق؟ بۇنىڭدا ناھىيىنىڭمۇ ئويلىغان بىر يېرى بار - دە، ئارزۇ دېگەن ئارزۇ، ئېھتىياج دېگەن ئېھتىياج، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا قانداق قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە شەخسىي ئارزۇ دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىدىغان گەپ. خۇددى شەخسىي كوللېكتىپقا بويسۇنغاندەك.

— سىز مېنى كاتىپ ياكى تەرجىمان بول دېمەكچىمۇ؟

— تاپتىڭ، ئاساسەن شۇنىڭغا يېقىنراق، — ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى شامالدۇرغۇچنىڭ كونۇپكىسىنى باستى. شامالدۇرغۇچ پىرقىراشقا باشلىدى. سالقىن شامال ھاكىمنىڭ تەردە ھۆللەنگەن نېپىز ئاق كۆڭلىكىنى، ئەلىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى، ئاندىن دېرىزىنىڭ گۈل رەڭ دۇخاۋا پەردىسىنى يەلپۈدى. ھاكىم سالقىن ھاۋادىن ھۇزۇرلانغاندەك بولۇپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قاچىسىنى ئالدىغا تارتتى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — سېنى ناھىيىلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا تەقسىم قىلدۇرسام قانداق دەيسەن؟ ناھىيىمىز كېلەر يىلدىن باشلاپ چەت ئەللىكلەرگە قارىتا ئوچۇق رايون دەپ ئېلان قىلىنماقچى، ئىشخانىغۇ تەسىس قىلىندى. ئەمما ئۇنىڭدا يارامىلىق ئادەم يوق. مۇشۇنداق بىر مۇھىم جايدا ئېنگلىز تىلى تەرجىمانى، ھېچ بولمىغاندا، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى پۇختا بىلىدىغان بىرەر قابىل كادىر لازىم بولۇۋاتىدۇ. مەن ساڭا ناھىيىنىڭ ھاكىمى سۈپىتىدە ئەمەس، ئاتاڭ بولغىنىم ئۈچۈن راست گېپىمنى ئېيتاي، ناھىيىگە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسى ئەمەس، ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ئېنگلىزچە، خەنزۇچە تىل بىلىدىغان ئەلى كېرەك. سىلەر ياشلار ھە دېسىلا ئۆزۈڭلارنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايسىلەر. كارامەت كۆرسىتىدىغان سورۇن نەدە؟ مېنىڭچە، كىشىلەر ئارزۇ قىلىپ ئاغزىنى چاكىلداتقان، ئىنتىلىپ باققان، ئەمما قولى يەتمىگەن، قىلالمىغان ئىشلاردا. سەن ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش دېگەنلىرىڭنى قويۇپ، شۇ يەرگە بېرىشنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقىنى قىل. سەن تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنى ئاددىي چاغلىما، سەن ئۇ يەردە يالغۇز تەرجىمانلا ئەمەس، بەلكى ناھىيىمىزنىڭ بىردىنبىر دىپلوماتىيە خادىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىڭ مۇمكىن. مەن قايسىبىر كىتابتىن ناپالېئوننىڭ: «گېنېرال بولۇشنى ئويلىمىغان ئەسكەر، يارامسىز ئەسكەر» دېگەن بىر سۆزىنى ئوقۇغان. بۇ قالتىس توغرا گەپ. مەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بۇ گەپنى بىرەر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق. سەن ھېلىھەم بولسىمۇ بۇ گەپنىڭ تېگىگە چۈشەن. ھە، يەنە بىر گەپ... سېنىڭ پارتىيىلىك مەسىلەڭ، تەشكىل بىرەر يىلغىچە بۇ ئىشىڭنى ھەل قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن...

— ياق، ياق، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، دادا، — دېدى ئەلى دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، مەن راستىنلا بۇنداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن.

— نېمىشقا؟ — ھاكىمنىڭ قېلىن قاشلىرى غۇژمەكلىشىپ، كۆز چاناقلىرى كېرىلدى.

— بۇ خۇددى تۆمۈرچىنى تامچىلىققا سالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ-دە.

— نېمىشقا ئۇنداق بولىدىكەن؟ — ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، گۆشلۈك مۇشتىنى بېقىنىغا تىرىدى، — داشۆ پۈتتۈرگەنلەر بىر قوش بىسلىق پىچاق. ئۇنى تۆۋەندە قايسى ئىشقا سالسا، بىسى ئوخشاش كېسىۋېرىدۇ. دۇرۇس، سەن ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، شۇڭا ئۆز كەسپىمنى ئىشلىسەم دەيسەن. تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدا ئىشلەش كەسپ ئەمەسمىكەن؟ ئۇ يەردە ئۆز كەسپىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم بىر ۋەزىپىنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئازراقمۇ ھېس قىلمىدىڭمۇ، ئەلى؟!

— ھېس قىلدىم، سىز مېنى ئەجىرسىز ئامەتكە ئېرىشتۈرمەكچى. سىز بىلمەيسىز،

مەن مۇنداق ئامەتىنىڭ دەرد ـ ئازابىنى بەش يىل تارتتىم، ھېلىمۇ تارتىۋاتىمەن. مەن ئەمدى دەرد ئۈستىگە يەنە دەرد تارتىۋېرىشنى خالىمايمەن.

ــ نېمە دېدىڭ؟! ــ غەزەپلەنگەن ھاكىم ئوغلىغا ھازىرلا تاشلىنىدىغان ئەلپازدا ۋارقىرىدى، ــ مەن سېنى داشۆگە ئەۋەتتىم، يامان قىلمىدىم. خۇدايا تىۋۋا، سارائ بولدۇڭمۇ ئەلى! سەن بۇنى تېخى بەش يىل دەرد تارتتىم دەيسەنا. ئەجىرىسىز ئامەت ... ھىم! ئالجىپ سۆزلەۋاتمايدىغانسەن، ئۇ نېمە گېپىڭ سېنىڭ؟



ــ سىز ئۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن دادا، ــ ئەلى شۇ تاپتا دادىسىدىنمۇ بەتتەر جىددىيلەشكەن. لېكىن ئۇ ئاخىرقى سۆزنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتتى، ــ سۆزلەپ نېمە قىلاي، دېگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق. مېنى كەچۈرۈڭ ...

بەش يىلدىن بېرى بىر داستىخاندا بولۇپ باقمىغان ئاتا ـ بالىنىڭ بىر چىرايلىق باشلانغان پارىڭى، بىردىنلا غەزەپلىك بەس ـ مۇنازىرىگە ئايلاندى، ئاخىرىدا يەنە نېمە كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرەتتىكىن، تۇيۇقسىز ئاڭلىنىۋاتقان ئەنسىز پاراڭدىن چۆچۈپ، ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىققان پاتەمخان ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغىنىچە غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەۋاتقان ئېرىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى:

ــ ياﺋاللا ئەزىزاخۇن، نېمە قىلىقلىرى بۇ، سارائ بولدىلىمۇ؟ ھېرىپ ـ ئېچىپ ئاران كەلگەندە، نېمە بالىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىلا؟ چىقسىلا بۇياققا!

ــ سىلى ئارىلاشماڭلار! ــ ئەسەبىيلەشكەن ھاكىم پاتەمخانىنىڭ قولىنى سىلكىدى، ــ داشۆ پۈتتۈرۈپ كەلدىم دەپ مېنى كۆزگە ئىلماس بوپتۇ تېخى، قارىمامسىلەر، مەن بىلەن زاكۇنلىششقا جۈرئەت قىلغىنىنى بۇ بۈرنى كۆپكۈرنىڭ.

ــ بالا ئەمەسمۇ، ئەركىلىگەندۇ، ــ پاتەمخان چىرايى قەغەزدەك تاتىرىپ، دىۋالغا يۆلەنگىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ئوغلىغا «جىم بولۇڭ» دېگەن مەنىدە كۆزىنى چىمىچقلاتتى. ھاكىم خېلىغىچە قايىندى. «ئەمدى مەن سېنىڭ ئىشىڭغا ئىگە ئەمەس» دەپ ھەيۋە قىلدى. ئەلى ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىگەندىن كېيىنلا ھاكىم نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئەلىنىڭ ئالدىدىكى تاماقتا ئەمدى كۆڭلى تارتمىدى. ۋۇجۇدىدىن تېخى يول ھار ـ

دۇقى كەتمەي تۇرۇپ، دادىسىدىن يېگەن دىل ئازارى ئۈچۈن گېلى ئىغىقىدە بولدى. ئەلى هامان مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولارىنى بۇرۇنلا پەم قىلغان: ئاتا-بالا هامان مۇنازىرىلەشمەي، تۇتۇشماي قالمايتتى، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاقتى ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئەلىنىڭ قەلبىدە بىردىنلا ئەۋجىگە چىققان ھەسرەت، ئازاب ۋە بايىقى كۆڭۈل رەنجىشى بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، خۇددى كۆتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئېغىر قوغۇشۇن ئۇيۇتمىسىدەك، ئەلىنىڭ يەلكىسىنى ئەمەس، يۈرىكىنى بېسىپ، مۇجۇپ قىسماقتا. ئۇ ئاستا هويلىغا چىقىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ ئىشىكىنى ئاچتى. شاخلىرى توز قانىتىدەك يېيىلىپ كەتكەن قېرى ئەنجۈر تۈۋىدە ئولتۇرۇپ يالغۇز خىيال سۈرگىنىچە كۈننىڭ قانداق ئولتۇرۇپ، باغنىڭ قانداق قاراڭغۇلىشىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمىدى.

تۈن پەردىسى يېپىنغان خىلۋەت تاغ، مېۋىلەرنىڭ شېرىن پۇراقلىرى سىڭگەن سالقىن هاۋا، مۇڭ باسقان كۆڭۈلگە ئەجەب ئارام. باغ چېتىدىكى قاپاق تېرەكلەر ئارىسىدىن كۈلۈپ قاراۋاتقان ئاي، تىنىق ئاسمان يۈزىدە جىمىرلاۋاتقان كۈمۈش رەڭ يۇلتۇزلار، ئاي نۇرى يالاپ ئۆتكەن ئەنجۈر ياپرىقى، ياندىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى ئەلىنىڭ خىياللىرى بىلەن سىرداش. هەي، شۇ دىلكەش تەبىئەت! پەقەت مۇشۇ تەبىئەتلا ئۇنىڭ يۈرەك هېسلىرىنى چۈشىنىدىغان ئوخشايدۇ. ئەلىنىڭ ئاشۇلار بىلەن بىردەملىك تەسەللى تاپقان كۆڭلىگە يەنە ئازابلىق قەلب يارىسىدىن تۆكۈلگەن قانغا ئوخشاش هارارەتلىك، شېئىر مىسرالىرىدەك هېسسىياتلىق، يارقىن پىكىرلەر ئاستا-ئاستا تىزىلىپ كەلدى: «... دۇنيادىكى جىمى جانلىقلار ئىچىدە يەنىلا ئادەملەر ئەڭ ئەقىللىق. مەۋجۇداتلار ۋۇجۇدىدىكى تېرەن هېسسىيات ۋە نازۇك تۇيغۇنى پەقەت ئىنسان ئېڭىلا پۇشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزگەن. لېكىن ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئىنسانلار بىر-بىرىنىڭ قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى مەڭگۈ چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس. قان-قېرىنداشلار تېخىمۇ شۇنداق. بولمىسا دادام نېمىشقا كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدۇ؟ دادامنىڭ ئوي-خىيالى ماڭا ئايان. ئۇ مېنى مەنسەپ-ئىمتىياز سەھنىسىگە ئاستا-ئاستا ئىتتىرىپ چىقارماقچى. خەلق ئالدىدا تۆهپە يارىتىش ئۈچۈن بۇ سەھنىگە چىقىشلا شەرت ئەمەسقۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل مۇهىم ساهەلەر بارغۇ؟ ياق، ياق، ئەزبرايى! مەن بۇ سەھنىگە لايىق ئەمەس! مەن ئۇ سەھنە ئۈستىدە تۇرۇپ، تەۋەنىدە ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلگەن تونۇش كۆزلەرگە تىكىلىپ قاراشنى ئۆلۈمدىن ئەۋزەل كۆرىمەن، مەن ئىستىقبال ئاسمىنىدا ئەمدىلا قانات ياساپ ئۇچماقچى بولغان ياش سۇمۇرۇغنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بېشىمغا تاج قىلىپ تاقىغان نەپرەتلىك شاهزادىمەن. ئۇنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن يۈزۈمگە گىرىم قىلىپ، گۈزەل يىگىت تۇسىغا كىرگەن ئارتىسمەن، مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوغدەك قىزىق هارارىتى بىلەن، مۇزدەك سوۋۇغان ۋۇجۇدىمنى ئىللىتتىم، ئۇنىڭ نالە-پەريادى هېسابىغا قاقاقلاپ كۈلدۈم. جاهاندىكى مىليونلىغان مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئارىسىدا مەندەك پاسىق مەخلۇقتىن يەنە نەچچىسى تېپىلار؟ دادام مېنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىم ئۈچۈن ماختىنىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ. ئەمما مېنىڭ يۈرىكىم ۋىجدان ئازابى ئوتىدا كۆيۈۋاتىدۇ. مەن نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە بېرىش

ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىمنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئىپلاس قارا داغلىرى بىلەن بۇلغىدىم؟ نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى يوقاتتىم؟ مەن نېمىشقا ئۆز ئىستىقبالىمنى، بەخت ۋە شاد-خۇراملىقىمنى يېزىنىڭ شور توپىلىق يوللىرىدىن، كېسەك تاملىق ئۆيلىرىدىن، خاڭ ئاستىدىكى قاپقارا كۆمۈر ئارىسىدىن، ئانا تەبەسسۇمى ۋە سەبىي بوۋاقنى باغرىمغا يېقىشتىن ئىزدىمىدىم؟ ئادەملەر بىر چاغلارغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن رەزىللىك ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ ئەسكە ئالغاندا، ئۆز ھاياتىنىڭ ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس، ھەتتا زېمىن ئۈچۈنمۇ ئوشۇقچە يۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. مانا، ھازىر مەن شۇنداق.

مەن ئۆگەنگەن ئۆز كەسپىم قاتارىدا ئەدەبىياتنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن داشۆدە بوش ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ شەرق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن باشقا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققانىمەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى مارك تىۋېن① نىڭ شەخسىي كەچۈرمىشى بىلەن ۋويىنىچنىڭ «كۆكۆيۇن» ناملىق رومانى.

مارك تىۋېن ئەسەر يېزىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، بۆشۈكتىكى ئوغلىنىڭ بالكوندا توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى بۇ گۇناھىدىن ئۆمۈر بويى كەچۈرەلمىگەن. شۇڭا ئۆزىمۇ تالادا قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈۋالغان. فىلچى رىۋارىس① روھانى مونتانىللى② غا ئالدىنىپ، ئۇنىڭغا ياش ئىتالىيە پارتىيىسى ئەزالىرىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئىتالىيىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلارنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغان. ئۇ دەسلەپتە بۇ گۇناھى ئۈچۈن ئازابلىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان. لېكىن، ئۇ كېيىن بۇ نىيىتىدىن يانغان. ئۆز گۇناھىنى يۇيۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئامېرىكىدا ئون ئۈچ يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. مەن نېمىشقا ئۆز گۇناھىمنىڭ جازاسى ئۈچۈن مارك تىۋېننىڭ يولىنى تاللىمىدىم؟ ئۇنداق قىلسام بىر ئۆمۈر تارتىدىغان ۋىجدان ئازابىنىڭ قىيناشلىرىدىن بىراقلا خالاس بولاتتىم. لېكىن مېنىڭ بۇ بىھۇدە ئۆلۈمىم ئۆز گۇناھىمنى يۇيالمايلا قالماستىن، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ روھى ئۈچۈن ھاقارەت بولاتتى. شۇڭا، مەن كېيىنكى يولنى — فىلچى رىۋارىسنىڭ ھايات قېلىپ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش يولىنى تاللىۋالدىم. مەن ھايات ياشاپ، ماڭا باغلىغان مۇھەببىتى ۋە ئەقىدىسى ۋۇجۇدۇمدىكى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ جۇت-شىۋىرغانى تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان، بەخت-ئىستىقبالى ئوغرىلانغان ئامرىقىم — گۈلجەننەتنى ئىزدەپ تاپىمەن. ئوغۇل ياكى قىزلىقى ماڭا نامەلۇم بولغان بالامنى — ئەگەر ئۇ ھاياتلا بولسا — باغرىمغا مەھكەم تېڭىپ، ئاتىلارچە قۇچاقلاپ، مانا مەن سېنىڭ داداڭ،

① مارك تىۋېن — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ساتىرىك يازغۇچىسى.

② فىلچى رىۋارىس — «كۆكۆيۇن» ناملىق رومانىنىڭ باش قەھرىمانى.

③ مونتانىللى — «كۆكۆيۇن» ناملىق رومانىدىكى سەلبىي شەخس، ئەكسىيەتچى روھانى، فىلچى رىۋارىسنىڭ دادىسى.

ھەقىقىي داداڭ. مەن سېنى كىچىكىڭدە، بوۋاق چاغلىرىڭدا بەش يىل تاشلىۋەتكەن گۇناھىم ئۈچۈن، دادىڭنى جازالا، ئاپاڭنىڭ دەردلىك كۆز ياشلىرى ئۈچۈن مەندىن قىساس ئال، چاچلىرىمنى يۇل، يۈزۈمنى تاتىلا! ئەمما سېنى «بالام» دەپ چاقىرىشىمغا رۇخسەت قىل، دەپ شىۋىرلايمەن. ئادالەت ۋە ھەقىقەت سوتچىلىرى قېنى سىلەر؟ مەن ئالدىڭلارغا كەلدىم. ئەمدى مېنى ۋىجدان سوتى ئالدىدا جازالاڭلار، ھاكىمنىڭ ئوغلىكەن دەپ ئاياپ قويماڭلار. مەن ئالىي مەكتەپكە ئەجىرسىز ئامەت قۇشىغا مىنىپ شۆھرەت ۋە پاراغەت تەمەسىدە كەتكەنىدىم. بەش يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا تەڭرى ئوردىسىغا ئوغرىلىقتا چۈشكەن، ئەمما قۇرۇق قول يېنىپ چىققان ئامەتسىز ئوغرىدەك ئازاب ئىچىدە ھېس قىلدىم. لېكىن ماڭا ھازىر بىر نەرسە ئايان: مېنىڭ ئازاب، ھەسرەتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەربىر سائىتىم، ناپاكلىق ۋە پاسىقلىق ئەمدى ئۇنىڭ نەزەرىدە ھېچقانچە ئىش بولماي قالغان ۋە شۇ ۋەجىدىن ھەممە يەردە غالىبلارچە كۈلۈپ، كېرىلىپ يۈرىدىغان دادامنىڭ ھال-كۈنىدىن كۆپ ياخشى. ئازاب، ھەسرەت ئىنداسى بىلەن غالىبانە كۈلكە ھېچقاچان ئېغىزدىن بىرلا ۋاقىتتا چىقمىغاندەك، دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوي-پىكرى ئەمدى بىر يەردىن چىقمايدۇ. ئاھ، ئېسىت، خۇي-پەيلىمۇ، ماڭىدىغان يولىمۇ ئوخشىماي قالغان ئاتا-بالا ئىككىمىز ئاخىرى نېمىمۇ بولۇپ كېتىشەرمىز؟...»

ئاي قېرى ئەنجۈر ئۈستىگە ئەگىپ كەلدى، يۇلتۇزلارنىڭ كۆز چاناقلىرى سىماب-تەك ياش بىلەن يالتىرىدى. تۈن سەلكىنى ياپراقلار ئارىسىدا توختاپ، تاغ سۈيى شىۋىرلاشتىن قالدى. دىلكەش تەبىئەت ئەلىنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەتلىك ئىندانى ئەنە شۇنداق جىمجىت، مۇڭلۇق سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاڭلىدى.

## ئۈچىنچى باب

ئەلىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا پۇركەتتى. دەرۋەقە، بۇ خەۋەرنىڭ ھەر تەرەپكە مۇشۇنداق تېز تارقالغۇچىلىكى بار ئىدى. بۇ ناھىيىدىكى بىرنەچچە رەھبىرىي كادىرلار بالىلىرى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھامان ئاپتونوم رايونغا، ھېچ بولمىغاندا ۋىلايەتكە قاتنىراپ، ئابرويلۇق بىرەر ئىدارىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشكەن. ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئوغلىنى ناھىيىگە تەقسىم قىلدۇرۇپ ئەكەلگەنلىكى ناھىيە تارىخىدا كىچىك ۋەقە ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ توغرىلىق گەپ-سۆزلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىمۇ ئېنىق.

— مانا ياخشى ئىش، ئەزىزوۋ ھاكىم ئوغلىنىڭ غېمىدىن ناھىيىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلگەن-دە، ناھىيىدە ئىختىساسلىق كىشىدىن بىرسى كۆپەيدىمۇ، ناھىيىنىڭ ئىشى بىر قەدەم ئالغا سىلجىدى دېگەن سۆز، — دېيىشتى بىرلىرى خۇشال بولۇپ، بىرلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقاتتى.

— ھەھ! ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ، ئۇستىلىق بۇ! ئەزىـزوۋ ھاكىـم ئۇ قۇلاق كەستىسىنى داشۆگە ئارقا ئىشىك بىلەن ئەۋەتكەنىدى، ھازىرمۇ ئارقا ئىـشىـك بىلەن ئېلىپ كەلدى. قاراپ تۇرۇڭلار، پات ئارىدا بىرەر ئىدارىگە مەنسەپكە ئولتۇرغۇزىدۇ ئۇنى.

ئەتىسى كەچتە ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ ئۆيـى پەتىچىلەر بىـلەن تـوشـتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ كىرگۈچىلەرمۇ، ئەلنى ئۆز ئىدارىـلىرىگە بېرىشـنى ئىلتىماس قىلىش باھـانىسى بىلەن ھاكىمنىڭ بۇ ئويۇنـنى ئەمدى قانداق ئويناپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانلارمۇ، ھېلىقىدەك ئـۆز ھۆكۈمـلىرىـنىڭ توغرا بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، قول ئېلىشىپ قوي تىكىشكۈچىـلەرمۇ، قىسقىـسى ھەر خىل ئوي، مەقسەتتىكى كىشىلەر بار ئىدى.

مېھمانخانا قاڭسىق تەر، ئاچچىق تاماكا ئىسى بىلەن تولدى، ھېلىدىن ھېلىغا نان- توقاچلار ئۇشتۇلۇپ، چاي تارتىلاتتى. پىيالىلەر يىغىۋېلىنىپ يەنە يۇيۇلاتتى. پاتەمخان ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىـسىدا قاتىراپ ھالىدىن كەتتى. ئەزەلدىن مېھمان دېسە جېنىنى بېرىدىغان پاتەمخاننىڭ بۈگۈن چىرايى تۇتۇلدى. مېھمانـخانـىدىكى ئىلتىپات كۆرسىتىشتىن ئاشخانىغا چىقىپ غۇدۇراشقا ئۆتتى:

— نېمە ئىش بۇ ئەزىزاخۇن، ئەلىجاننى كەلدى دەپ باغاق يازمىغان بولغىيدىلە.

— ھېچقىسى يوق خوتۇن. يەنىلا شۇ تەلۋە ئوغلۇڭلىنىڭ ھۆرمىتى ئەمەسمۇ.

— ۋاي ئاتامەي، يەنە نېمە تىللايلا كىچىك بالىنى؟

— مەن بىلەن گەپ تالاشقىنىغا شۇنداق دەيمەن - دە، بولمىسا تىللايتتىمۇ ئۇنى. ئۇ ھازىر ناھىيىدە تالاشتا قالىدىغان بولدى خوتۇن.

— نېمىدەپ؟

— خەن جۇرىن تاشقى ئىشلار ئىشخانىـسىغا بەرسە دەپ كەپـتۇ، قەيـيۇم جوجاڭ مائارىپ ئىدارىسىگە قويساق دەيدۇ، ساتـتار ھاكىم ① نىڭ ئۇنى ھازىرچە خەلق ھۆ- كۈمىتى ئىشخانىسىغا كاتىپ، كېيىنچە مۇدىر قىلىش ئويـى بار ئىـكەن. ھىم... ئـىمىن جوجاڭ قىزىق...

— نېمە دەيدۇ؟

— ئەلىجاننىڭ ئوقۇغىنى دەل بىزنىڭ ساھە ئىكەن. شۇڭا بىزنىڭ ئىدارىگە تەقسىم قىلسا، بىرەر يىلدىن كېيىن مۇئاۋىن جوجاڭ قىلىپ ئۆستۈرە تىتۇق - دەيدۇ.

— بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلانسىلا جۇمۇ، سىلى نېمە دېدىلە؟

— مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىپادە بىلدۈرسـەم قانـداق بولىـدۇ؟ ئەلىجانـنى نەگە تەقسىم قىلىش كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىشى دېدىم.

پاتەمخاننىڭ چىرايى بىردىنلا ئەنسىزچىلىك بىلەن تاتىرىپ كەتتى.

— ۋىيەي، ئەلىجاننى ئورمانچىلىق كەسپىـدە ئوقۇغان، تەلىـپىمۇ مۇشۇ ساھەدە

① مۇئاۋىن ھاكىم كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىشلەش ئىكەن دەپ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىۋېتەرمۇ ئەمدى. ئۇنداق بولۇپ قالسا، تىرىكلا جېنىم چىقىپ كېتىدۇ جۇمۇسلا. يىل بويى تاغ بىلەن تىرىمدىن كېلەلمىسە، قېشىمىزدا بىزگە يېقىنراق تۇرسۇن دەپ ئالاھىتەن ئۇرۇمچىدىن ئەكەلدۇرگىنىمىز نەدە قالدۇ؟ سىلى تۈنۈگۈن تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ كېپىنى قىلىۋاتاتتىلا، خەن جۇرنىگە ئازراق تىنىپ قويىدىغان ئىش ئىكەن.

— گەپنى ئاز قىلىڭلار، لازىمى يوق، — ئەزىزوۋ ھاكىم ھاراق قاچىلانغان قەغەز يەشىكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، — كادىرلار بۆلۈمى ئەلىنىڭ ئىشى توغرىسىدا مېنىڭ نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈستەلنىڭ ئۈستى كاۋاپ، گۆشلۈك قورۇمىلار بىلەن تولدى، لىگەنلەردە ھىل - ھىل پىشۇرۇلغان پۈتۈن - پۈتۈن توخولار كەلتۈرۈلدى. ئۇنى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ - تۆت خىزمەتچىسى كىچىك ماشىنا بىلەن بازارغا چېپىپ، ھازىرلا تەييار قىلىشقان.

مېھمانلار داستىخاندىكى بۇ نېمەتلەردىن كۆرە، ھاكىمنىڭ قولىدىكى پەقەت زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەستىقى بىلەنلا ئېلىشقا بولىدىغان ئالىي سورتلۇق ھاراقلارنى كۆرۈپ باشقىچە يايراپ كېتىشتى. بىرلىرىنىڭ كۆزلىرى پارقىرىدى، بىرلىرى ئاغزىنى تامشىپ قويىدى، بىرلىرى ئۈستەلگە تېخىمۇ يېقىن سىلجىپ كەلدى.

— مېنىڭ ئالدى بىلەن دەيدىغىنىم، — دېدى ھاكىم ھاياجانلانغان ھالدا لىق ھاراق توشقۇزۇلغان قىرلىق يوغان رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بۈگۈن ئاخشام خىزمەت، پالان - پۇستان دېگەن گەپنى قىلىشمايمىز. دوختۇر چەكلىگەن، ئىسپىراپكام بار دېگۈچىلەرگە رۇخسەت يوق، بۈگۈن ئاخشام ھەممە باھانە - سەۋەبنى يانچۇققا پۈرلاپ تىقىپ قويۇپ، ھاراقنى مۇشۇ رومكىدا ئىچىمىز. قانداق دېدىم؟ قېنى ئىچتۇق ئەمىسە!

رومكا پىرقىراشقا، چوكىلار تاراقلاشقا باشلىدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنى ھاراقتىن پەرھىز تۇتۇپ كېلىۋاتقانلار پەرھىزلىرىنى، قەسەم ئىچكەنلەر قەسەملىرىنى ئۇنتۇدى. ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەن توشۇپ زېرىككەن ھاكىم ئاخىرىدا يەشىكى بىلەن بىراقلا كۆتۈرۈپ كىردى. خېلىدىن بېرى ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئۆز سالاھىيىتى ۋە ئەدەب بىلەن ئولتۇرغان مۇئاۋىن ھاكىم، جۇجاڭ، جۈرىن دېگەنلەر ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن شاتىراق لايدەك سۇيۇقلاشتى. زەي تويىدەك ئاتىراڭغۇ چىرايلارغا قان يۈگۈردى، نۇرسىز كۆزلەر خۇمارلاشتى. ئەمدى ھېچكىم بىر - بىرىگە گەپ بېرەر ئەمەس، ھاكىمنىڭ دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئەمدى ھەممەيلەن، ھەتتا ھاكىمنىڭ ئۆزىمۇ ئەستىن چىقارغان: مېھمانلار گەپنىڭ بېشىنى ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ توغرا، ئادىل رەھبەرلىك ئۇسلى، كوممۇنىستىك پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇلغان ھەمدۇ - سانا، مەدھىيىلەر بىلەن باشلاپ، ئاخىرى ئەلىنى تالىشىش، كادىرلار بۆلۈمى بىلەن ئۇرۇشۇپ، سوقۇشۇپ بولسىمۇ ئۇنى چوقۇم ئۆز ئىدارىلىرىگە تەقسىم قىلدۇرۇۋالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۇقان - سۈرەنلىرى بىلەن باش توخۇغا يېقىن تارقاشتى.

ئەزىزوۋ ھاكىم مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى مەخمەل كۆرپە ئۈستىگە

تاشلاپ خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇنىڭ بوتۇلكا بىلەن بولغان ئۇلپەتداشلىقتىن قالغىنىغا خېلى يىللار بولغان. ئۇرۇمچىدىكى بىرقانچە قېتىملىق يىغىن زىياپىتىدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇ ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ باشقىلار قاتاردا ئۇنىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرغاندىمۇ، ئۇ ئەدەب بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، رومكىنى ئاغزىغا بىر تەككۈزۈپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنگەن، پەرھىزنى بۇزمىغان. ئۇ نېمىشقا بۈگۈن كۈچلۈك ئېتىقاد سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلگەن بۇ پەرھىزنى بىرىنچى بولۇپ بۇزدى؟ بۇ پەقەت ئوغلى ئۈچۈن. توغرىراقى، ئوغلى ھەم ئۆزى ئۈچۈن. دۇرۇس، ئۇ بىر چاغلاردا خۇددى ئوغلىغا ئوخشاش قىزغىن، غايىلىك ئىدى. ئىلىم - پەننىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ھەممىدىن بەك ئىشىنەتتى. ئۇنىڭچە بىر ھەقىقىي رەھبىرىي كادىر ئۈچۈن مۇقىم ۋە ئېنىق سىياسىي كۆز قاراش، ھەر تەرەپلىمىلىك بىلىم ئىقتىدار ۋە مول رەھبەرلىك سەنئىتى خۇددى جاندەك مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىر يىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. پارتىيە تارىخى، پەلسەپە، دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزم، سىياسىي ئىقتىساد، مىللەت نەزەرىيىسى، قانۇن، ئىگىلىك باشقۇرۇش... ۋاي - ۋۇي، ئۇ ئۆگەنمىگەن ۋە ئىزدەنمەي باقمىغان يەنە نېمە قالغان؟ ئۇنىڭچە ناھىيىنىڭ ھەممە خىزمەتلىرى مەركەزنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ روھى بويىچە بېجىرىلىشى، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، تاۋار ئىگىلىك پىلانى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، جەمئىيەت قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىشى، ئىگىلىكنى ئىختىساس ئىگىلىرى باشقۇرۇش لازىم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىيالى ناھىيىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ - ئايلانمايلا، بۇلار ئۇنىڭ جىنايىتى بولۇپ قالدى. زەربىگە ئۇچرىدى، جازالاندى، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالدى. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭغا ئاخىرىدا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى — ئەمەل - مەنسەپسىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئۇ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئاچچىق تەمىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا — ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇ ئۇچقۇر ئاتتىن دومىلاپ چۈشكەن چاغلىرىدا قاتتىق تېتىغان.

...شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئون يىللىق ئۆمرى تەكلىماكان باغرىدىكى يىراق سەھرادا «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئۆتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن ئىككى بالىسى — چوڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئاشۇ چەت يېزىنىڭ جاپاكەش دېھقانلىرى بولۇپ كەتتى. ھاكىم ئىلاجسىز ئوغلىنى شۇ يېزىدىن ئۆيلىدى، قىزىنى شۇ يېزىغا ياتلىق قىلدى. ئۇلار ھازىر نەچچە بالىنىڭ ئاتىسى ھەم ئانىسى. ئۇلار ھازىر يىلدا بىرەر - ئىككى قېتىم رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بازاردا سودىلىق قىلغاچ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، بۇ ئۆيدە بىر - ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەمدى بۇرۇنقى بالىلىق دەۋرىدىكى غەمسىز، شوخلۇقى ۋە مەغرۇرلۇقىدىن قالغان، ئۇلار ئەمدى ئۆزىنى بىر ھاكىمنىڭ — مۇشۇ ناھىيىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق ھوقۇق ئىگىسىنىڭ بالىلىرىدەكمۇ ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇلار ئۆيگە كەلسە، خۇددى يېزىنىڭ تارتىنچاق، دىلى سۇنۇق دېھقانلىرىدەك دادىسى بىلەن ئاپىسىدىن

قورۇنۇپ، ھېيقىسىپ، ئۇتتۇر كېلىپ، ئۇتتۇر كېتىدۇ. باللىرىنى گىلەم ئۇستىدە ئويىنتىش۔
قا، ئۇلارغا باغدىن بىرەر تال مېۋە ئۈزۈپ بېرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. چوڭ
ئوغلى تېخى ئوتتۇز بەشكىمۇ بارغىنى يوق. ئەمما ھازىر ئېڭەكلىرىنى يېرىك ساقال
باسقان، ئاپتاپتا كۆيۈپ، تونۇر كۆسىيدەك قارىداپ كەتكەن بىسلەكلىرى قورايدەك
ئىنچىكىرەپ، ئالقانلىرى مالچىنىڭ پۇرۇم چورۇقىدەك قاتقان، تۆج غاگزىدا ئاچچىق
تاماكا چېكىدىغان جاپاكەش دېھقانغا ئايلانغان. يېزىلىقلاردىن ئاڭلىشىچە، ئۇ پات ـ پات
ئىچىپمۇ قويارمىش، ئەمما، ھەركۈنى تاڭ سەھەردە مەسچىتكە چىقىپ ئوقۇيدىغان بىر
ۋاق نامىزىنى تەرك قىلماسمىش... قىزىنىڭ ھالى بولسا ئۇنىڭدىن بەتتەر. ئۇنىڭ سۇل۔
غۇن، تاتىراڭغۇ، ۋاقىتسىز قورۇق باسقان چىرايىدىن، يەنىلا پاتەمخاننىڭ كېسەلچان
چىرايى تۇرۇك. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە ئوغلىمۇ، قىزىمۇ خۇددى بىر ـ بىرسى بىلەن
كېلىشىۋالغاندەك، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ نامرات، قاتىلاڭچىلىقى توغرىلىق ئاتا ـ ئانىسىغا چىش
يېرىپ سۆزلىمەيدۇ. دادىسىمۇ سورىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھالى ـ كۈنى ئۆزىگە بەش قولدەك
ئايان بولغان يەردە، يەنە نېمىدەپ سورايدۇ؟ پەقەت كېتەر ۋاقتىدا قولىغا ئون ـ يىـ
گىرمە يۈەن تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۈنسىز ئۇزىتىپ قويىدۇ، خالاس. ئۇلار كەتكەندە ھا۔
كىم يالغۇز ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ خىيالغا چۆمىدۇ. پاتەمخان دەردىنى ئاچچىق كۆزياش۔
لىرى بىلەن باسىدۇ.

ئەزىزوۋ ھاكىم «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىدىكى چاغدا ئەلى تېخى كىچىكلا
بالا بولىدىغان، ئىسيانچىلار ھاكىمنى ئالدىغا سېلىپ، مەھەللىمۇ ـ مەھەللە سازايى ـ
كۆرەش قىلىپ يۈرگەندە ئاشۇ ئەلى يېنىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ، ئانىسى يېقىپ بەرگەن
بۇغداي نېنىنى قولتۇقىغا قىسىپ، سۇدانىنى بوينىغا ئېسىپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن خۇددى
ئانىسىغا ئەگەشكەن ئاچ قوزىدەك نېرى كەتمىگەن. ئەلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى
تۈگىتىپ بىر يىلدىن كېيىن، ھاكىم «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىدىن ئازاد بولۇپ،
ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئەمما ئەلى قايتا تەر۔
بىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزىدا قالغانىدى. شەھەرگە قايتىپ كېلىپ پاتەمخاننىڭ يېشى
قۇرۇمىدى. «ھوقۇقدارنىڭ باللىرى بولغانىنىڭ سازايىمۇ بۇ ئەزىزاخۇن؟ ئىككى بال۔
مىز سىلىنىڭ كاساپەتلىرىدىن بوينىنى قىسىپ چۆلدە قالدى. ئەمدى ئەلجاننى نېمە
قىلاي دەيلا؟ ئەلۋەتتە ئۇۋال ئەمەسمۇ شۇ مۇشتۇمدەك بالىغا؟ بوپتۇ، مېنىڭمۇ ئەۋ۔
لادىم ئەسلىدە دېھقان، يېزىغا كېتەي، باللىرىمنىڭ يېنىغا كېتەي...» پاتەمخان ھەمىشە
مۇشۇنداق دەپ يىغلاپ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆز۔
لىرى ھەق. بالىنىڭ كەنجىسى ئەمەسمۇ ئۇ. ئەزىزوۋ ئۇنى قاچان ئويلىماي قويغان؟
ئۇنى يېزىدىن ئەكىلىۋېلىشقۇ ئاسان، بىرەر ئىدارىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشمۇ تەس
ئەمەس، لېكىن دادا بولغۇچى ئۇنىڭ ھايات تەقدىرىنى يېرىم يولدا شۇنداق ئاسان ھەل
قىلىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى، دادىسى كېيىن ئۇنى ئۆز كۆڭ۔
لىدىكىدەك ئورۇنغا سىدە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇنىڭ يولى نەدە؟ ئەزىزوۋ
مۇدىرنىڭ بېشى قاتتى. خۇددى يولدىن ئاداشقان يولۇچىدەك تېنەپ ـ تەمتىرەپ، نېمە

قىلارىنى بىلمەدى. لېكىن كۈتۈلمىگەن بىر كۈنى بۇ ئىشنىڭمۇ ئامالى تېپىلىپ قالدى.
مۇدىر يۇقىرىنىڭ يېزىدا چېنىقىۋاتقان زىيالىي ياشلاردىن ئىمتىھان ئارقىلىق لاياقەتلىك-
لىرىنى تاللاپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدىن خەۋەر تاپتى.
ئۇ شۇ كۈنىلا يېزىغا ماشىنا ئەۋەتىپ، ئەلىنى قايتۇرۇپ كەلدى. مۇدىرنىڭ ئۇقۇشىچە
ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان قىرىق ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن پەقەت ئالتە نەپىرىلا
ئالىي مەكتەپكە تاللىنىشى كېرەك ئىكەن. سوئال گەرچە ناھىيىنىڭ ئۆزىدىن چىقىرىلىد-
غان، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاخىرقى ھېسابتا
يەنە ئۆزى تەستىقلايدىغان بولسىمۇ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن سانىنىڭ چەكلىكلىكى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىنىڭ ئىمتىھان سوئالىغا لاياقەتلىك جاۋاب بېرىشكە بولغان ئىشەن-
چىسىنىڭ ئاجىزلىقى مۇدىرنى ساراسىمىگە سالاتتى. لېكىن بۇ ئىش ئۈستىدە باشقىلار
ئەلۋەتتە مۇدىر ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىنى، يېقىنچىلىقىنى ئاياشمىدى. ئەلى ئىمتىھان بېرىپ
ئون كۈندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن بىردىنبىر ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەن ئوقۇغۇچى
سۈپىتىدە ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىلدى. ھە، راست، ئەمدى بىر ئىش ھاكىمنىڭ ئېسىگە
كەچتى. ئېھتىمال ئەلىنىڭ تۈنۈگۈن «ئەجىرسىز ئامەت» دېگىنىمۇ مۇشۇ گەپتۇ. ھاكىم
شۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى مۇدىرنىڭ ئىمتىھاندىن ئەلا نومۇر بىلەن
ئۆتكەن بىر قىزنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئورنىغا ئەلىنى سەپلەش توغرىسىدىكى تەلىپىگە
قوشۇلغىنى راست. ھەرقانداق بىر ھەقىقەت ماكان ۋە زامانغا باغلىنىشلىق بولىدۇ-دە،
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىزنىڭ دادىسى تۈرمىدە
ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىشكە بولمايدىكەن، بۇنىڭ شۇ چاغدا نېمىسى
خاتا؟ سىياسەت شۇنداق ئىدى-دە، گەرچە ئۇنىڭ ئورنىغا ئەلى سەپلەنمىگەندىمۇ، باشقا
بىرسى كېتەۋېرەتتى.

ھاكىم يېتىپ ئاشۇلارنى ئويلىغانسېرى ئەلگە تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى. «ئۇنىڭ
«ئەجىرسىز ئامەت» دېگىنى قانداق گەپ؟ — دەپ ئويلىدى ھاكىم كۆرپىگە چۆشۈپ قال-
غان بېشىنى ياستۇققا ئېلىۋېتىپ، — ئەخمەق! ئۇ شۇ چاغدىكى سىياسەت بىلەن ھېساب-
لاشماي، مېنى خاتا قىلدىڭ دېمەكچى تېخى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇر-
ماقچى بولغىنىمنىڭ ئۇنىڭغا نېمە زىيىنى بار؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەۋەس-ئارزۇسى ئۈچۈن
ھەممىدىن ۋاز كەچمەكچى. لېكىن ئۇ چۈشىنىشى كېرەك، ھوقۇق بىلەن ئارزۇ-غايە
بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەر ئەمەسقۇ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىككى خىل
ئورتاق ئەيىبى بار. بىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرى بىلەن كەلگۈسى ئىس-
تىقبالىنى يارىتىشقا ئامراق. يەنە بىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىم ئىقتىدارىغا
خۇداغا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدۇ. دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈكلەر قاتارىدا ھېسابلايدۇ.
مانا بۇ تازا ئەخمەقلىق، قۇپالراق ئېيتقاندا، بەڭگىلەرچە خىيال، دونكىخوتچە
پەلسەپە. ئۇلار ئۆزلىرى تەۋەررۈك ھېسابلايدىغان بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بۈگۈنكى جۇڭگو
جەمئىيىتىدە بازىرى ئاقمىغان كاسات مالدەك بىر ياققا چۆرۈۋېتىلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.
مەن بۇ ھەقىقەتنى ئەلگە چۈشەندۈرىمەن. ئۇنى نىيىتىدىن ۋاز كەچتۈرىمەن. بىلىمەن،

بۇنداق قىلىش ئەلى ئۇچۇن بەك ئېغىر. ئۆز كەسپىدىن ئايرىلىش ئىلىم ئىگىسى ئۇچۇن
جېنىدىن ئايرىلغان بىلەن باراۋەر. لېكىن ئەلىنى شۇ يولغا باشلىماي ئامال يوق.
ھازىر ناھىيىمىزدە يۇقىرىلىرىمىزغا قارىغاندا، ئەمەلدارلىرىمىز نادانلىشىپ كەتتى، ئۇلار
ئايلاپ، يىللاپ بىرەر پارچە گېزىت، بىرەر ۋاراق كىتاب ئوقۇپ قويمايدىغان يەردە، ئى-
لىم ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قانچىلىك قەدىرلىك بولاتتى؟ ئىقرار قىلىشىم كېرەك، مانا مەنمۇ
شۇنداققۇ، بۇرۇن مېنى كىشىلەر كىتاب خالتىسى دېيىشىدىغان. سىياسىي كىتاب بولام-
دۇ، ئەدەبىي كىتاب بولامدۇ، ھەممىسىنى قارا - قويۇق ئوقۇۋېرەتتىم. پۈتۈن كىتاب
ئىچىدىن ئۇنىڭ بىرەر جۈملىسى ماڭا يېقىپ قالسا، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال، خەجلىگەن
پۇلۇمغا رازى بولاتتىم. ماختانمايمەن، بىر چاغلاردا ھەتتا كىشىلەرنى بىلىمىم ئارقىلىق
قايىل قىلماقچى، يېتەكلىمەكچى بولۇپ، دارۋىن، مىچۇرىن، ماكارىنكو ھەتتا ئېينىش-
تېينلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئوقۇپ باققانمەن، ئىخ! بىر چاغلاردا مۇشۇنداق ئۆگىنىشنىڭمۇ
قالتىس پەيزى بار ئىدى. كۆڭلۈمدە بىر خىيال، ئارزۇ - ئارمان ئوت بولۇپ ياناتتى.
ھازىر ئۇ ئوتلار ئۆچكەن، ھەۋەس - غايە دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن
ئوخشايدۇ. بىر بەت گېزىتنى سائەتلەپ ئاران ئوقۇپ تۈگىتىمەن. گاھىدا، بىر چاغ-
لاردىكى ئوقۇغان كىتابلىرىمنى جاۋەندىن ئېلىپ ۋاراقلاپ قويىمەن. بەزى قۇرلارنىڭ
تېگىدىكى قىزىل سىزىقلارغا كۆزۈم چۈشىدۇ. ئۇنى مەن سىزغان، لېكىن نېمىشقا
سىزغان بولغىيدىم؟ ياكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك دەپمۇ؟ لېكىن ئەمدى ئوقۇسام، ئۇ قۇر-
لاردىن ھېچ نېمىنى چۈشەنمەيمەن. ئەمدى ھازىر ماڭا خىزمەت ئەمەس، ئويۇن -
تاماشا، بەزمە - زىياپەت ھەممىدىن كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ چەكلىك
ھاياتىنى جاپا ۋە چارچاش بىلەن قىيناپ خورىتىش ناھايىتى چوڭ ئەخمەقلىق.
دانىشمەنلەرنىڭ: «ئادەم ئاتمىش يېشىدا ئەقلىگە تولىدۇ» دېگىنى مۇشۇمىكىن؟ مەن
ھايات توغرىسىدا شۇنداق ئويلايمەن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ ئىشى
يۈرۈشلۈك بولۇپ قالدى. بىرى، ئەمەلدار، بىرسى، سودىگەر. بىرلىرى ئەمەلدارنىڭ ھوقۇقى-
دىن، كۆچ - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرسا، بىرلىرى سودىگەرگە ئۇنىڭ
داستىخىنىنىڭ مولۇلقى، پۇل بىلەن تاپقان ئىناۋىتى ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇ. بىلىم
ئىگىلىرىگە چۇ، گېزىتلەردىغۇ ئۇلارنىڭ ئورنى تولا تەكىتلىنىدىغان بولدى، ئەمما بۇ ناھى-
يىدە قايسى زىيالىي ئۆز بىلىمى بىلەن ئەتىۋارلىنىپ باقتى؟ مەن ئويلىغانىنى سەن
قاچانمۇ ھېس قىلارسەن ئەلى! — ھاكىم كۆكرىكىنىڭ سول قىسمىنىڭ ئاستا - ئاستا
كۆيۈشۈپ، قىسىلىپ ئاغرىپ، نەپەس ئېلىشىنىڭ قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى، بۇ ئاغ-
رىق ئۇنىڭغا ئايان. بۇ پات - پات قوزغىلىپ قالىدىغان يۈرەك ئاغرىقى. ئۇ ئۆك تەر-
پىگە ئۆرۈلۈپ، ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — ئاھ، ئىست، قېرىلىق يەتتى،
شۆھرەت ئېتىدىن چۈشىدىغان، مەنسەپ تاجىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاقتىم كەلدى،
ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟ ئادەم قېرىغاندا جان ئۇنىڭغا تولىمۇ تاتلىق بولۇپ كەتكەن-
دەك، ئەمەل تۇلپارىنى ئۇزاق مىنگەن ئادەمگە ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچىش تولىمۇ تەس
ئوخشايدۇ. قۇلىقىم ماختاش، مەدھىيىلەرنى ئاڭلاشقا، كۆزۈم خۇشامەتلىك، ئىلتىجالىق

چىرايلارنى كۆرۈشكە ئۆگىنىپ قالغان. ئەمدى بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشكە ئامالىم يوق. سەن ھېچ بولمىسا داداڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ئۈچۈن قايغۇرۇشۇڭ، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا ئىككىلەنمەي بېرىشىڭ كېرەك ئەلى. بۇ سېنىڭ مەنسەپ تولپارىغا مىنىشىڭنىڭ بىرىنچى قەدىمى. مەن سېنى ئاخىرقى نەپەسىمدە مەن ئولتۇرغان كىچىك ماشىنىدا كېتىۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، كۆزۈم خاتىرجەم يۇمۇلاتتى...»

بۇ كېچە ئۆيدە ھاكىمدىن باشقا يەنە بىر ئادەم — ئەلى ئۇيقۇدىن بىدار. داداسىنىڭ تۈنۈگۈنكى كايىش ئارىلاش قىلغان نەسىھەتلىرى، ئاخشامقى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياغدۇرغان ماختاش، مەدھىيىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن كالا يېمەيدىغان سېسىق ساماندەك ئەھمىيەتسىز، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بەش يىلدىن بېرى ياد بولۇپ كەتكەن، ئازابلىق بولسىمۇ، ئەمما مېھرىدىن كېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بار. ئۇ — ئۆزىنىڭ تاڭ ھاۋاسىدەك تازا، بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، بالىلىق ھېسلىرى بىلەن ۋۇجۇدىغا سىڭگەن، قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان ۋە ئەبەدىي سېغىنىشقا، ئارمىنىنى يېيىشكە ئەرزىيدىغان سۆيگۈ كەچۈرمىشى. بۇ كەچۈرمىشلەرنىڭ بۇرۇنقى چۈشتەك غۇۋا، ئەمما چەكسىز شېرىنلىكلىرى بىلەن تولغان لەززەتلىك ئەسلىمىلىرى ئەلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى خۇددى بوراندا كۆيگەن دەھشەتلىك يانغىندەك باشقىدىن كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى. ئۇ يانغىن ئىچىدە كۆيۈپ جان بېرىۋاتقان قايسىبىر بەختسىزنىڭ ئاخىرقى دەردلىك نىداسىدەك، «گۈلجەننەت!...» دېگەن ئىسىمنى يېنىپ - يېنىپ تەكرارلىدى.

......

— ئاھ، قانداق سالقىن، راھەتلىك شامال! ئەلى، ئورنىڭىزدىن قوپۇڭ دەيمەن، مەن سىزدەك ئوغۇل بالا بولۇپ قالىدىغان بولسام كۆڭلىكىمنى سېلىۋېتىپ، كۆكسۈمنى مۇشۇ ئارامبەخش شامالغا تۇتاتتىم. بەش پەندىن ئىمتىھان ئالارمىش. ئون پەندىن ئالسىمۇ قورقۇش يوق. كەلسەڭلار، بىر ناخشا ئېيتايلى. ئورما ئورغان، ئۆستەڭ چاپقان، ياتاقتا مەشرەپ ئوينىغان ۋاقتىمىزدىكىدەك، خۇمارىدىن چىققۇچە ئېيتايلى! — مانا بۇ، 1976 - يىل 8 - ئايدىكى گۈلجەننەتنىڭ خۇشال ئاۋازى.

ئەزىزۋۇ ئەۋەتكەن قارا ماشىنىغا قېپىغا تىقىلغان سەرەڭگە تېلىدەك تىقىلىشقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار يېزا يولىنىڭ شورلۇق توپا - چاڭلىرىغا چۆمۈلۈپ، ناھىيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار دەسلەپتە ئالىي مەكتەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى بىلەن خۇشاللىقىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، خۇددى ساراڭلاردەك ئالا - تاغىل ۋارقىراشقان، بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ، ئېتىزلىقنىڭ قاتتىق چالمىلىرى ئۈستىدە دومىلاشقانىدى، لېكىن ئۇلار ئىمتىھاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان بىردىنلا خۇددى يىلتىزى كېسىلگەن قىياقتەك سولىشىپ، سالپىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار يېزىنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان مۇشەققەتلىك ئەمگىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىتاب - دەپتەر، قەلەم دېگەنلەرنى چۆرۈۋەتكىنىگە قاي زامان؟ ئۇلار ماشىنىغا چىققاندىن كېيىنمۇ كەيپى كۆتۈرۈلمىدى. بىر - بىرىنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىگە ئۈنسىز تىكىلىشىپ، ماشىنىدا

خۇددى تۇمشۇقىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت گۈلجەننەتلا خۇشال ئىدى. ئۇ، ماشىنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، گاھىدا ھەربىر سۆزىنى گويا شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك كۈچلۈك ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەيتتى، گاھىدا ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتاتتى. دۇنيانىڭ جىمى جەبىرى - جاپا، غەم - قايغۇلىرىدىن بىراقلا خالاس بولغاندەك، بەختىيارلارچە قاقاقلاپ كۈلەتتى. يۈزلىرى چەكسىز شادىيانىلىقتىن كۆز ئالمىسىدەك قىزارغان، بوستان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى قاپقارا، بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرى ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئالدىغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى شادىيانە كۈلكىسىنىڭ، خۇشال ناخشىلىرىنىڭ سىرى ھەممەيلەنگە ئايان. باشقىلار تىرىكلىك ئۈمىدىنى ئاللىقاچان كەتمەنگە باغلىۋەتكەن مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، پەقەت گۈلجەننەتنىڭ قولىدىنلا كىتاب چۈشمىگەن.

«ئۇ كېتىدۇ، — كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، چوڭقۇر خىيال ئىچىدە كېتىۋاتقان ئەلى ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى، — ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئالىي مەكتەپكە بىرىنچى بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇرۇن قىلىشقان ۋەدىلىرىمىزچۇ، ئۇ ئاسماندا پەرۋاز قىلغان، مەن ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن ئۇچقان توپا - چاڭ ئارىسىدا قالغان چاغلىرىمدا ئارىمىزدىكى سۆيگۇ، ۋەدە دېگەنلەرنىڭ تامغا ئالغۇدەك نېمىسى قالىدۇ؟»

ئىمتىھان بىر ھەپتە داۋام قىلدى. سوئاللارنىڭ قىيىن دېگۈچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن بۇ، ئەلى ئۈچۈن مىزاينى ھارۋىغا قاتقاندەك مۇشەققەتلىك ئىش بولدى. ئۇ ئىمتىھان قەغىزىنى ئاساسەن ئاق تاپشۇرۇپ يېنىپ چىقتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھان تۈگىگەن كۈنى كەچتە، گۈلجەننەتنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قىرى سىدە تۇۋىدە ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى.

— خوش گۈلجەننەت.

— نېمىگە خوش؟ — گۈلجەننەت قىزىقسىنىپ كۈلدى، — چۈشەكەۋاتمايدىغانسىز؟

— مەن ئەتىلا بۇ ئۆيدىن يوقالماقچىمەن، — ئەلى گويا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك ئاستا، ئەمما ئەلەملىك سۆزلەۋاتاتتى، — ھېچكىمگە تىنما، يېزىغىمۇ قايتمايمەن، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق قىلىپ جان باقسامۇ مەيلى، بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان تەرەپكە كېتىمەن. سېنى ئۇزىتىپ قويالمايدىغان بولدۇم، كەچۈر گۈلجەننەت.

— ۋېيەي، نېمە ئادەمنى قورقۇتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسىز، — دېدى گۈلجەننەت قەغەزدەك تاتىرىپ، — ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنمىدىغۇ؟

— ئېلان قىلىنسا - قىلىنمىسا ماڭا بەرىبىر، سەن بىلمەيسەن، مېنى ئىمتىھاندا نەس باستى. ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ نېمە قىلىمەن؟ ساۋاقداشلارنىڭ، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا بەرىبىر يەرگە قارايدىغان گەپ. گۈلجەننەت... ساڭا مەسلىكىم كېلىدۇ، — ئەلى گۈلجەننەتنىڭ مەجنۇنتالدەك نازۇك بارماقلىرىنى جۈرئەتسىزلىك بىلەن قىسىتى، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى.

— سىز قارامىلىق قىلماڭ، خۇدا ھەققى، — دېدى گۈلجەننەت يىغلامسىراپ — بىز بىللە بارىمىز، نەگىلا بارساق بىللە بارىمىز.

— بۇ، مۇمكىن ئەمەس گۈلجەننەت، سەن جەزمەن ئوقۇ، ئىككىلەنمە، چۈنكى سەن باش - پاناھسىز بىر قىز، سەن ئاتا - ئاناڭدىن تاپالمىغان بەخت - سائادەتنى مەكتەپتىن تېپىشىڭ، ئارزۇ - غايەڭگە ئىلىم - پەن نۇرى يورۇتقان يول بىلەن يېتىشىڭ كېرەك. مېنىڭدىن غەم يېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. كەتمەنگە يېپىشىپ قالدىم، ھەممە ئېغىرچىلىقلارغا كۆنۈكمەن. ھەي، يىغلاۋاتامسىنا؟ قوي، نېمىشقا يىغلايسەن؟ سەن بەختلىك گۈلجەننەت، سەن بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بول، قېنى ماڭا قاراپ بىر كۈلگىنە.

— ئەلى، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئەلى! — گۈلجەننەت خۇددى ئاكىسىغا ئېسىلغان نارەسىدە قىزدەك ئەلىگە ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى، — بىز بىللە بولىمىز. مېنىڭ سىزسىز ھېچ نەرسەم بولمايدۇ ئەلى!

ئەلى ئۆيگە خۇددى ھوشىنى يوقاتقان مەستەك، چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى تاتارغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەھۋال سوراشلىرىغىمۇ، ئاپىسىنىڭ تاماققا زورلاشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. بىر چاغدا دەرۋازا ئىلغۇچىنىڭ شاراقلىغىنى، سىرتتىن كىرگەن كىمدۇ بىرىنىڭ ھويلىدا يۆتەلگىنى ئاڭلاندى.

— كېچىدە بىر ئىش بولدىمۇ سەمەت جۇرىن؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

— ئالدىراپلا، كېچىدە بولسىمۇ كېلىشىم ئەي جۇرىن، چاتاق بولدى، مەن مەشەدىنلا ياناي.

ئىككىيلەن ھويلىدىكى سۇپىدىلا ئولتۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئەلىگە دېرىزىدىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— خوش؟

— ئەلىجاننىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى دەيمەن، ئاپلا، قارا باسقاندەكلا ئىش بوپتۇ بۇ بالىنى.

— نەچچە نومۇر ئاپتۇ؟

— باشقىلار دېگەنگە ئىشەنمەي، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئاخىرى ئۆزۈممۇ بىر كۆرۈپ چىقتىم. ئاساسەن ئاق تاپشۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ.

ئەزىزوۋ بىر ھازا جىممىدە كەتتى. ئۇنىڭ پۇشۇلداپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىنى، تاماكا قەغىزى يىرتقىنى، بىر ئازدىن كېيىن سەرەڭگە چاققىنى ئاڭلاندى.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئىلاج سايىم جۇرىن، نەچچە يىلدىن بېرى بۇ بالىنىڭ يېزىدا كۆرمىگىنى قالمىدى، مەكتەپتە بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمدى ئۇنتۇپ كەتكەن دەڭا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىگە ئېيتاي، يېزىغا قايتسۇن.

— ئەمدى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ جۇرىن، بالا چۈكىيىپ قالدى.

— ئەمىسە قانداق قىل دەيسىز؟

— مېنىڭچە... بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساقمىكىن، — سايىم جۇرىن گېپىنىڭ داۋامىنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتتى، — بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىز بار، ئىسمى گۈلجەننەت. ئەلىجان بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى شۇنداقلا ئالماشتۇرۇۋەتسەم...

— ئۇ قىز ئىمتىھاندىن ئۆتكەنمىدى؟

— بالىلارنىڭ ئالدىكەن ئەمەسمۇ.

— بۇلداق گەپنى قويۇڭ سايىم جۇرىن، — دېدى گەزىزوۋ قوپال ئاۋازدا، — بۇنداق قىلىش پرىنسىپال خاتالىق، بۇ تەربىيىنى سىز ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ئويلاندىم، بىراق ئۇ قىزنى ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەن دەپ ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىشمۇ خاتالىق-تە، — دېدى سايىم جۇرىن قارشى چىقىپ، — ئۇ قىزنىڭ دادىسى ھازىر تۈرمىدە تۇرسا.

— دادىسى كىم؟ — ئەزىزوۋ سەگەكلەشتى.

— ئورەانچىلىق ئىدارىسىدە تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن ھېلىقى داۋۇتوپ. ئۇ كونا پانتۈركىستچىلاردىن. ئۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ ئويۇشتۇرغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭكى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجتىشقا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئەزىزوۋ تاماكىنى قاتتىق شورىغان بولسا كېرەك، خېلىغىچە قېقىلىپ يۆتەلدى. خېلىدىن كېيىن ھاسىرىغان ئاۋازدا دېدى:

— داۋۇتوپنىڭ قىزى دەڭ... توغرا، ئۇ بىزگە دۈشمەن. سىنىپىي لۇشيەن جەھەتتە پرىنسىپتىن چەتنەشكە بولمايدۇ، بۇ ئىشتا دۇرۇس ئويلاپسىز، بىراق، ھەي... ئاشۇ قىزغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى.

— مەن قايتاي ئەي جۇرىن.

— توختاڭا، توختاپ تۇرۇڭ، مۇنداق قىلايلى، ئۇ قىزنىڭ ئورنىغا بىرىنىڭ ئەلىنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەڭ ياخشىسى....

— ئەستا، نېمە دەيدىغانلا ئەي جۇرىن، — سايىم جۇرىن رەللە بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئۇ قىزنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى سەپلەيمەن دەپ، قايسى بىرىنىڭ ئەرزدادىنى ئاڭلايمەن؟ مېنى جۇرىنلىقتىن ئېلىپ تاشلىسىلىمۇ دەي، سىلى بالىلىرىنىڭ ئىشدا توغرا قىلمىدىلا، بىر ئوبدان ئوقۇغان ئىككى بالىلىرىنى ئائىلە نوپۇسلىرىدىن ئۆچۈرگۈزۈپ ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىغا تۇتۇپ بەردىلە. ئەلىجاننىمۇ شۇنداق قىلمەن دېسىلە، بۇ تاش يۈرەكلىك، راست دەيمەن. بالىلارنى قاقشاتقانىنىڭ ئاخىر ئۇۋالى بولىدۇ. نەۋرە-چەۋرىلەر سىلىنىڭ ناملىرىنى ئىپتىخار بىلەن ئەمەس، نەپرەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان بولىدۇ.

ئەزىزوۋ ئەمدى يېنىپ زۇۋان سۈرمىدى. ھويلىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. بىر چاغدا دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغىنى، ئىككىسىنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى، سايىم جۇرىننىڭ چىقىپ كېتىۋېتىپ، خۇشال ھالدا:

— ئۇ تەربىيىگە ئۆزۈم مەسئۇل، — دېگىنى ئاڭلاندى.

ئەلى بۇ گەپلەرنى دېرىزە تۈۋىدە جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ، گۈلجەننەت ۋە تۈرمىدىكى دادىسى توغرىلىق بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، خۇددى ئۆزىنىڭ جازا ھۆكۈمىنى ئاڭلاۋاتقان جىنايەتچىدەك غالىلداپ تىترىدى، چىشلىرى كاسىلدىدى. شۇ

تاپتا ئۇنىڭ ۋىجدانى قۇلىقىغا قەھرى غەزەپ بىلەن خىتاب قىلاتتى: «ئەلى، ئارسالدى بولۇپ قالغىنىڭ نېمىسى، بۇ نومۇسسىزلىق! سەن داداڭغا يالۋۇر، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا تىزلان، گۈلجەننەتنى ئالىي مەكتەپكە ماڭدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىل، ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن خۇسۇسىي نەپسىڭنىڭ جىنايەتلىك قارنىغا پىچاق ئۇر. شۇ چاغدىلا سەن ھەقىقىي، پاك مۇھەببەت تەختىدە شاھ بولۇشقا مۇناسىپ بولىسەن، مۇھەببەت دۇنيادا ئەڭ پاك، گۈزەل ۋە نازۇك تۇيغۇ. ئۇ ساختىلىق ۋە ۋىجدانسىزلىقنى كۆتەرمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پاكلىقى — مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقىدا. مۇھەببەتنى دەپسەندە قىلغان ئادەم، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ.»

شۇ چاغدا نەپسانىيەت گويا گۈزەل نازىنىننىڭ ئەركىلەشلىرىدەك ئۇنىڭ سول قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلايتتى: «ئەلى، ئارسالدى بولۇپ قالغىنىڭ نېمىسى؟ بۇ يۈرەكسىزلىك، ھەقىقىي يىگىت ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇلار ئالدىدا ھېچقاچان ئىككىلىنىپ تۇرمايدۇ. گۈلجەننەت ئالىي مەكتەپكە كەتسە ساڭا بەرگەن سۆيگۈ ۋەدىلىرىنى يېنىپ يەنە ئەسكە ئالارمۇ؟ خام خىياللىرىڭنى قوي ئەلى، ئۇ ئەمدى باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىدۇ، بۇ راست گەپ، ئۇ سېنى بۇرۇن قانداق نازكەرەشمە ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيگەن بولسا، ئەمدى باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن سۆيىدۇ. قىزىلگۈل خۇش پۇراق بولغىنى ئۈچۈن ئادەممۇ، بۇلبۇلمۇ، يامغۇرمۇ، شامالمۇ خالىغانچە سۆيۈپ، بەرگىنى ئىگىلگىنىگە ئوخشاش، گۈلجەننەتنىمۇ ئەمدى خالىغان بىر كىم ئۆز مەيلىچە سۆيۈشى مۇمكىنغۇ، ئەقلىڭنى تاپ ئەلى، بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ، گۈلجەننەتتىن ئايرىلىشلا ئەمەس، يېزىنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا ئەبەدىي كۆمۈلۈپ قالىسەن، مۇھەببەت ...ھى...ھى... مۇھەببەت دەمسىنا؟ ئۇنى كىم ياراتقان؟ ئەلۋەتتە ئادەملەر. ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان خىيالى ئېتىقاد، ئەمدى بىلگەنسەن، ئۇ ئەسلىدىلا يوق نەرسە. ئۇنى ئېڭىدا بار قىلىدىغانمۇ، يوق قىلىدىغانمۇ يەنىلا ئادەملەر...»

ئەلى خۇددى ئېغىر كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئىككى كۈن ئۆيىدىن چىقماي ياتتى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە گۈلجەننەت كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، ئورۇقلىغان، لەۋلىرى سوزۇلۇپ، نېپىزلىشىپ، كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىغان، ئەمما چىرايلىق كىيىنىپ كەلگەنىدى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ئەلى، — دېدى مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەپ.

ئەلى گۈلجەننەتكە يالت قىلىپ قارىدى، ئەمما يېنىپ يەنە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى، مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ جۈرئەتسىز كۆزلىرىنى نۇردەك قاماشتۇرۇۋاتقان ئاجايىپ جەزبىدار نەپىس سۈرەت: گۈلجەننەت كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئەلىنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇقتا مەرمەردەك ئاپئاق تىزلىرىنى قىزىل گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىپ، تىزى ئۈستىدە بېلىقتەك ئاق، مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم، نازۇك بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. بايىقى تاتارغان يۈزلىرىگە ئەمدى گۈل

سۈيدەك قىزىل نۇر جۇلاسى يۈگۈرگەن، يېرىم ئېچىلغان لەۋلىرى ئاللىق تەبەسسۇمدىن قىپ-قىزىل چوغدەك يېلىنجاپ تۇراتتى. مۇڭ، ھەسرەت يېشى داۋالغۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، سۆيگۈ ئىشەنچىسىگە تولغان خۇشاللىق، سۆيۈنۈش ۋە لەززەت خۇمارلىقى تۆكۈلەتتى. ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇرنىنىڭ ئۇستىدە، پېشانىسىدە ئۇششاق تەر ئۇنچىلىرى پارقىرايتتى. خورما رەڭ ھىلھىلە ياغلىقنىڭ گۈللىرى ئارىسىدىن قاپقارا چاچلىرى كۆرۈنەتتى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ئەلى، خۇش خەۋەر يەتكۈزگىنىم ئۈچۈن رەھمەتمۇ دەپ قويمىدىڭىز.

— ھە... مەن... نېمىدەپ؟

— رەھمەتنى نېمىدەپ ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىزما، مەيلى بوپتۇ، مېنىڭ ئىشىمنى سوراپمۇ قويمايسىزغۇ؟

— ھە... سېنىڭ ئىشىڭنىما؟ — سورىدى ئەلى ئارانلا زەئىپ بىر ئاۋازدا.

— مەن سىزنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن يېزىغا كەتمەكچىمەن.

ئەلى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— داشۆگە بارمايمەن، بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى ۋارقىراپ، — يېزىغا بېرىپ كەتمەن چاپىمەن، بىز بىللىلا كېتەيلى گۈلجەننەت، مەن...

— ئاغزىڭنى يۇم! — تاپىسدا ئەزىزوۋنىڭ غەزەپلىك چىرايى كۆرۈندى. ئەلى كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى قامالاپ، خۇددى كالا ھۆركىرىگەندەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە گۈلجەننەت ئەلىنى بېكەتكە ئۇزىتىپ چىقتى، گۈلجەننەتنىڭ كۆزلىرىدە ياش داۋالغۇيتتى، يۈرىكىدە جۇدالىق پىغان قاينايتتى.

— خوش ئەلى...

— خوش گۈلجەننەت، — ئەلى ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يىراقلارغا قارىۋالدى.

— سىز تولىمۇ بەختلىك، ئەلى، مەن سىزنىڭ بەختىڭىز بىلەن ئۆزۈمنى ئەبەدىي بەختلىك ھېس قىلىمەن.

— نەدىكىنى؟ — ئەلى ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى، — مەن ئەڭ بەختسىز ئادەممەن.

— ئەلى، مەن سىزنى سۆيىمەن، مەڭگۈ سۆيىمەن.

— ئەمما مەن... سېنىڭ سۆيۈشىڭگە ئېرىشىش سالاھىيىتىمنى يوقاتقانمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — گۈلجەننەت كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى، — مېنى ئەمدى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىن بەرگەن بېشارىتىڭىزمۇ بۇ؟

— گېپىمنى خاتا چۈشەنمە گۈلجەننەت، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— ئۇنى ئىزاھلىماڭ، مەن خوشلىشىش ئالدىدا سىزگە ئاخىرقى گېپىمنى ئېيتىۋالاي. مېنىڭ ھازىر يۈرىكىمگە چېگىلگەن شۇ رىشتىدىن باشقا تايىنىدىغان ھېچ نەرسەم قالمىدى، سىز بىلىسىز، دادام ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلۈپ ئېتىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشىم مۇمكىن ئەمەس، بۇ قېتىم يېزىدىن كەلسەم

ئاپام بىرسىگە تۇرمۇشقا چىقماقچى بولۇۋېتىپتۇ، مەيلى چىقسۇن. ئەمما، ئۇ ئۆيگە ئەمدى يېنىپ قەدەم دەسسىشىم يوق. بۈگۈنلا يېزىغا كېتىمەن. بىرەر خەت يازارسىز، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ئېغىر كۈنگە قالغىنىڭنى.

— ئۇ كۈنلەرنى يېڭىمەن، — گۈلجەننەت غەمكىن كۈلۈمسىرىدى، — يىراققا كەتكىنىڭىز بىلەن مەدەت بېرىدىغان سىز بار ئەمەسمۇ؟

— گۈلجەننەت... — ئەلى ئۈمچەيدى، قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزدى. دەل شۇ چاغدا ئاپتوبۇس سىگنال بەردى. نەدىندۇر پەيدا بولغان ئەزىزوۋ ئەلىنى چاقىردى.

ئاھ، كۆز ياش! مۇھەببەتتى خورلانغان، بەختى ئوغرىلانغان تىرىك يېتىمەنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى!

ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئەلى ئاپتوبۇس ئىچىدە تۇرۇپ گۈلجەننەتنىڭ قول ياغلىقىنى كۆزىگە باسقىنىچە خۇددى ئانىسىغا ئەگەشكەن بالىدەك، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى...

ئاشۇلارنى ئەسلەش ئەلى ئۈچۈن بەك ئېغىر، بۇ ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ تىنچ كەيپىنى بۇزىدۇ. خۇددى يۈرىكىدىكى ئازاب يارىسى يالغۇز ئاشۇ گۇناھلىرى ئۈچۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس، كېيىنچۇ؟ ئۇ كېيىن نېمىشقا ئۆز قەلبىدىكى مۇھەببەتتىن نومۇس قىلدى؟ گۈلجەننەت كېيىن تارتىنىپ ھەم ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا يەنە بىر جاننىڭ تۆرۈلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئەلى نېمىشقا ئۇنى كۆكرەك كېرىپ ھىمايە قىلىشتىن قورقتى؟ ئەمدى قېنى شۇ گۈلجەننەت؟ ئۇنى تېپىش كېرەك، پەقەت ئۇنى تېپىشلا ئەلىنى ئازاب ئىسكەنجىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ.

## تۆتىنچى باب

ئەلىنىڭ گۈلجەننەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بەرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. مەھەللىدىكى قوشنا - قولۇملىرى ئۇنى ئاللىقاچان ئەستىن چىقىرىشقان. پەقەت ئەلى گۈلجەننەتنىڭ ئىسمىنى چىقارغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنى ئەسكە ئېلىشىپ باشلىرىنى چايقاشتى. ئانىسىنىڭ بۇرۇنلا باشقا بىر كىمگە تۇرمۇشلۇق بولۇپ، بۇ ئۆينى تاشلاپ، ئاللىقاياقلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. راست، سېدە تۈۋىدىكى قويۇق تال باراڭلىرى بىلەن پۈتۈن بىر ياز سالقىن، قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان ئازادە ھويلىنى ئەمدى ئاق تىكەن بىلەن لويلا، قامغاقلار بېسىپ كەتكەن، ئىشىك، دېرىزىلىرى ئاللىقاچان قومۇرۇپ كېتىلگەن ئۆي گۆگۈم قاراڭغۇلۇقىدا ئەلىگە خۇددى گۆرستاندەك جىمجىت، سۈرلۈك ھەم ۋەيرانە بولۇپ كۆرۈندى. ئەلى گۈلجەننەتنىڭ بەش يىل بۇرۇنقى ھېلىقى گېپىنى ئەسكە ئالدى: «ئۇ راستىنلا كېيىن يېزىغا كەتكەنمىدۇ - ھە؟» ئەلى ئەتىسى چۈشتە بازارغا كىرگەن بىر دېھقاننىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈۋالدى - دە، بۇرۇن قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن تۇرغان يېزىغا يۈرۈپ كەتتى.

مانا، كۆز ھۆسنى! ئەسلىدە بۇ پەسىل پەقەت يېزىدىلا مۇشۇنداق گۈزەل، ئېپ

پەتىلەك قىزىنىڭ ئوماق كۈلۈشلىرىدەك جىلۋىدار بولىدىغان ئوخشايدۇ. توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا تىكىلگەن يېمىش جىگدىلەرنىڭ يۇمران شاخلىرى سانجاق - سانجاق، ئالتۇندەك سېرىق مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي يەرگىچە ئېگىلگەن. يىراقتىن ئېگىز ئاقدۇرۇۋاتقان قوشچى يىگىتلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى، ئېتىزلىقتىن قوغۇننىڭ شېرىن پۇراقلىرى كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىچە. بەش يىلدىن بېرى ئۇرۇمچىدە ئەلىنىڭ بۇرنىغا سىڭىپ كەتكەن ماي، ئىس ھىدى بۇ يەردە يوق. ئۇ خۇددى كۆمۈر چاڭلىرى بىلەن تولغان بۇرۇختۇملۇق كان ئاستىدىن چىقىپ، سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىغا ئېرىشكەن كان ئىشچىسىدەك يېڭى ھاۋاسىدىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. دېھقانلار ئۇنى شۇ كۈنىلا ئۆي - ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالدى. سېرىق بۇرۇن، ئىشىنەمسۇ، ئويۇنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان مامۇت خوراز ھېلىمۇ بۇ ئەترەتكە باشلىق ئىكەن. ئۇ، ئەلىنىڭ قانچە تىركىشىپ - تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنىغا قارىماي ئۇنى كەچتە، ھەر كۈزلۈكى ئۆي قاتارى بولىدىغان قوغۇن مەشرەپىگە ئېلىپ باردى، دېھقانلارنىڭ داپ - تەمبۇرى، گۆرەن تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكۈچە قوپال ئاۋازدا توۋلايدىغان مۇقام ناخشىلىرى، ئېغىر ئەمگەكتىن تاياقتەك قاتقان، ئەمما ناخشىنىڭ ئاتەشلىك ھارارىتى بىلەن ئېرىپ، مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىملىشىپ كېتىدىغان قول - بارماقلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئازابلىق خىياللىرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

مەشرەپ تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى.

— ئەتە ئاخشام ئەممە مېنىڭ ئۆيۈمدە مەشرەپ! — دېدى مامۇت خوراز مەشرەپتىن كېيىن جامائەتكە جاكالاپ، — ئۆي قاتارىنى بۇزۇۋەتتى دەپ قالماڭلار. ئەلىجان ئاتايىتەن بىزنى ياد ئېتىپ كەپتۇ. بۇلار بۇرۇن بۇ يەرنىڭ جاپاسىنى جىق تارتقان، بىر سىنىپنىڭ قىرىق ئۈچ بالىلىرى بىز ئۈچۈن يەر تېرىغان، زەيلىك چاپقان، كۆچەت تىككەن. ئەمما بۇنىڭ كېيىنكى راھىتىنى بىز كۆردۇق. ئەمدىلىكتە بۇنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرىنى ئەلىجانغا بولسىمۇ قىلمىساق قانداق بولىدۇ؟ قانداق دېدىم كۆپچىلىك؟! — ئۇنىڭ ئاۋازى ناخشىدىن پۈتۈپ، غاراڭ - غۇرۇڭ بولۇپ قالغان، ئەمما ئۆچكە تېرىسىدىن كېرىلگەن داپتەك جاراڭلىق ئىدى. ئەتراپتىن بىر - بىرىگە قولاشمىغان، ئەمما مامۇت خورازنىڭ سۆزىدىنمۇ تەسىرلىك رازىمەنلىك ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئەلى يولدا كېلىۋېتىپ، مەشرەپتە كۆتۈرۈلگەن خوش كەيپى تېخىچە بېسىلمايۋاتقان دۈيجاڭغا دېدى:

— بۇ ئىشنى چاتاق قىلدىڭ، مامۇت ئاكا، مەن ئەتە قايتمىسام بولمايدۇ.

— قوي، قوي مۇنداق گېپىڭنى، — دېدى دۈيجاڭ ئۇنى سىلكىپ، — ھاكىمغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، قاراپ تۇر، بىر ھەپتىسىز قويۇۋەتمەيمەن سېنى. ئەمدى كەتمەنگە سالمايمىز. قورقما، كېلەر - كەلمەي نېمىگە ئالدىرايسەن؟

— ئەل - جامائەت بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشتۇم، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ماڭا يېتەرلىك. ئالدىرىمىسام بولمايدۇ. مامۇت ئاكا، مەن...

— خوش؟

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، سىزدىن سوراۋېرەي. گۈلجەننەت كېيىن بۇ يەرگە كەلمىدىمۇ؟

— قايسى گۈلجەننەت؟ — دېدى دۈيجاڭ بىردىنلا توختاپ.

— ھېلىقى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قىزچۇ؟

— ئاراڭلاردا يەتتە قىز بولىدىغان، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە قايسى بىرىنىڭ ئىسمى يادىمدا قالىدۇ دەيسەن؟ ھە... ھېلىقى ھەممىدىن چىرايلىق، چاڭگىلداپ سۆزلەپ تۇرىدىغان قىزمۇ؟

— تاپتىڭىز.

مامۇت خوراز ئەلىنىڭ گەجگىسىگە بىر مۇشت سالدى.

— ھۇ، بەچچىغەر! مۇنداق - دە، ۋەدىلىشىۋاپتىكەنسەن - دە، شۇ چاغدا، — دۈيجاڭ كېتىۋېتىپ خىرىلداپ كۈلدى، — ئۇ سەن بىلەن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېتىپتىكەنغۇ؟

— ئۇ، مەن بىلەن بىللە ئوقۇشقا بارمىغان.

— ياق، ئۇ قىزنى بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەردىن ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلەر بار ئىكەن. بۇنى شۇ ۋاقىتتىلا ماڭا ئېيتقان.

ئەلى ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئارتۇقچە سۆزلەشكە مادارى يوق. دېمەك، گۈلجەننەت ئۈرۈمچىگە شۇ قېتىم بارغانچە قايتا يېنىپ كەلمىگەن.

مامۇت خوراز ئۆيگە كېلىپ ئايالى تال بارىڭى ئاستىغا سېلىپ قويىغان قارا كىگىزدە ئولتۇردى - دە، ئايىغىنى سېلىپ، كىيىمى بىلەنلا ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلاپ، ھايال ئۆتمەي، خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەلى ئۇنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئورۇنغا كېلىپ ياتتى، كۆرپىدىن قاڭسىق تەر پۇرىقى كېلەتتى. تەكىيىنىڭ ئىچىدىكى سامان قىرسىلدايتتى. سامان ... ئاھ، ئۇ نەقەدەر يۇمشاق؟ ئۇنىڭ پۇرىقى نەقەدەر لەززەتلىك؟ ئۇ بىر چاغلاردا، خۇددى مۇشۇنداق ئارامبەخش سالقىن كېچىدە ئەترەت خامىنىدا — بۇغداي ئۈنچىلىرى ئىچىدە گۈلجەننەت بىلەن مۆكۈنۈپ ياتقان. ياشلىق كۆچى ئەنە شۇنداق، ئۇلار بۇغداي قىلتىرىقلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە سانجىلىپ، قىچىشتۇرۇشلىرىدىن، سامانىنىڭ نەپەسنى ئىچىشتۇرغۇچى ئۆتكۈر ھىدىدىن لەززەتلىنىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىشقانىدى...

«— ئاھ، گۈلجەننەت، مېنى قىينىما جېنىم، ئەمىسە نېمىشقا كەلدىڭ قېشىمغا؟ رازىلىق بەر، قورقمەن دەمسىنا؟ نېمىشقا قورقىسەن؟ قىزلىق ئىپپىتىڭنى — ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى ماڭا تەقدىم قىلغىنىڭ ئۈچۈنمۇ؟

— بىز توي قىلمىساق ئەلى. مېنى بوزەك قىلماڭ، مۇشۇنداقلا ياتايلى، ئەمىسە سۆيۈپ قوياي، بولىدىمۇ ئەمدى؟ — قىز تەقەززالىق، ئەمما قورقۇش، نومۇس، تەشۋىش ئىچىدە تىترىمەكتە، يىغلىماقتا، — قولىڭىزنى تارتىڭ، بولمىسا ۋارقىرىۋېتىمەن.

— مەيلى، ۋارقىرا، قورقمايمەن، ئىنسانغا پەقەت توي قىلغاندىن كېيىنلا شۇنداق قىلىش شەرتمىكەن؟ مۇھەببەتچۇ؟ بۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى سەن شۇنچىلىك

ئەرزىمەس چاغلامسەن، جەننەت؟
— قورقىمەن، سىز مېنى تاشلىۋەتسىڭىزچۇ كېيىن؟
— ئاغزىڭغا بىرلى قويايمۇ شۇ تاپتا!
— ئاھ، ئەلى...
— جەننەت...
.....
ئەلى دۇم يېتىۋالدى، ياستۇقنى چىشلەپ، ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلىدى.
ئۇ ئەتىسى نە باغلارغا، نە قوغۇنلۇقلارغا بارمىدى، بىرلىرىگە ئۆزرە ئېيتىپ، بىرلىرىگە رەھمەت دەپ، مامۇت خوراز بىلەن يېرىم كۈن ئېيتىشىپ، تىركىشىپ يۈرۈپ، چۈشتىن كېيىنلا مەھەللىنىڭ تراكتورىغا چۈشۈپ، شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى ۋە كەچ كىرگەندە ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ تراكتوردا چاڭ - توپىدىن مەينەتلەشكەن، تراكتوردىن چۈشكەندە ئۈستىبېشىدىن ئاپئاق، شورلۇق توپا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ يول چېتىگە چىقىپ، كىيىملىرىنى قېقىپ تۇرۇشىغا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئەتراپىغا ئۈچ - تۆت يىگىت ئولىشىپ كەلدى. ئەلى ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىكى ئۆزگىچە ھالنى — قەھرلىك چىراي، غەزەپلىك كۆزلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.
— توختا! — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گەۋدىلىك، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن بىرسى ئەلىنىڭ يەلكىسىنى قاماللاپ، — ئەلىمۇسەن؟
—ھەئە، مەن. ئىشلار بارمىدى ئاغىنىلەر؟
— ئېپلاس، مەلئۇن! — دېدى ئۇ ئەلىنىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت قويۇپ، — جىنايىتىڭنىڭ ھېسابىنى قاچان بېرىسەن بىزگە؟
— قانداق نېمىسەن، يول توسۇپ ئادەم ئۇرىدىغان؟ — دېدى غەزەپلەنگەن ئەلى ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — بۇ جىنايەت، بۇ قانۇنسىزلىق!
ساقاللىقنىڭ بۇرۇتلىرى كىرپە تىكىنىدەك تىكلىشىپ، قوشۇمىسى مۇشتۇمدەك كۆپۈپ چىقتى. ئۇ ئەلىنىڭ ياقىسىنى قوشتەك قامالاپ، مۇشتۇمىنى بۇرنىغا تىرىدى.
— سېنىڭ قىلغانلىرىڭچۇ؟ ئۇ جىنايەت، قانۇنسىزلىق ئەمەسما، تېخى بىزدىن بەك ھۆركىرەيسىنا، ئىتتىنىڭ بالىسى!
— ئاغزىڭنى بۇزما، ياقامنى قويۇۋەت! — دېدى ئەلى ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، — سەنلەر بىلەن قانۇن ئالدىدا سۆزلىشىمەن، سەنلەر كىم؟
— بىز گۈلجەننەتنىڭ ساۋاقداشلىرى! — ساقاللىقنىڭ يېنىدىكى پاكار، دوغىلاق بىرسى گۈلجەننەتنىڭ ئىسمىنى تەنتەنە بىلەن تىلغا ئالدى، — ئەمدى يۈر، ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭ، ئەمدى سەن بىلەن قانۇن ئالدىدا سۆزلەشسەكمۇ كېچىكمەيمىز.
ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلدى. ئۇلار بارا - بارا كۆپەيمەكتە ئىدى. ئەلى جالاقلاپ تىترەپ، كۆچسىز، زەئىپ بىر ئاۋازدا سورىدى:

— ھە، سىلەر گۈلجەننەتنىڭ ساۋاقداشلىرىما؟ گۈلجەننەت ئۇ ...

— گۈلجەننەتنىڭ نامىنى ئاغزىڭغا ئالما! — دېدى ساقاللىق غەزەپتىن تىترەپ، — قېنى سۆزلە، ئۇنىڭغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغىنىڭنى، ئۇنىڭ نومۇرىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىپ، داشۆگە كەتكىنىڭنى مۇشۇ جامائەت ئالدىدا سۆزلەپ باق. سۆزلە، ئىتنىڭ بالىسى!

ساقاللىق ئۇنىڭغا يەنە ئېتىلىپ كەلدى. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى، بىرسى بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. ساقاللىق ئۇلارنىڭ قولىدا خۇددى ياۋا كالىدەك تېپچەكلەيتتى، يۇلقۇناتتى.

— قويۇۋېتىڭلار! خۇدا ھەققى، مېنى قويۇۋېتىڭلار ئاغىنىلەر! ئۆزىنىڭ ئىنسانىي نومۇسى - ۋىجدانىنى ساختىلىق، نەپسانىيەتچىلىككە تېگىشۋەتكەن بۇ ئادىمىي ھايۋاننى كەچۈرۈش جىنايەت! ئۇنىڭدىن ساۋاقدىشىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، ئاندىن تۈرمىگە كىرسەكمۇ مەيلى.

ئەلى ئالدىدىكىلەرنى گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىدا تەستە تونۇدى. بۇلار ئەلىنىڭمۇ ساۋاقداشلىرى. مۇنۇ ساقاللىق كەم سۆز، ياۋاش ياقۇپ، مۇنۇ پاكىنىكى — قىزلاردەك ئۇياتچان، ئەدەبلىك راخمان، ماۋۇلار ئەخمەت، ئەيسا... بىر چاغلاردىكى كالىدەك ياۋاش، مۆلايىم ياقۇپ ئەمدى نېمىشقا بىردىنلا قەھىرلىك دىۋىگە، مۇنۇ ئەدەبلىك، نومۇسچان راخمان نېمىشقا غەزەپلىك زاكونچىغا ئايلىنىپ قالدى؟

ئەلى ياقۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يېرىلغان كالپۇكىنىڭ ئارىسىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىغا بېغىردەك قېتىپ قالغان قاننى سۇنغان ئىككى چىشى بىلەن قوشۇپ يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى.

— توغرا دېدىڭ ياقۇپ، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — سىلەر ئەلۋەتتە گۈلجەننەتنىڭ قىساسىنى مەندىن ئېلىشىڭلار كېرەك، مەن جىنايەتكار. ئەمدى مېنى نېمە قىلساڭلارمۇ ھەق.

شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن پىيالە كۆز، كۆسەي چىراي، تۇخۇمدەك دۈگىلەك بىر ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ كەلدى.

— ئۇ گۇناھسىز، ئەسلىدە مەن جىنايەتكار! — دېدى ئۇ ئەلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — بايىنقى گەپلەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدىم. نېمە كۆرگۈلۈك بولسا، ئەلىنىڭ ئورنىدا مەن كۆرەي، جىنايەتنىڭ جازاسىنى مەن تارتاي.

— سىز كىم؟ — دېدى ياقۇپ ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش چىرايغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ.

— سايىم ھوشۇر، ناھىيىلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ سابىق جۇرېنىمەن. گۈلجەننەت قىرىق ئۈچ نەپەر زىيالىي ياشنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن، ئەمما مەن ئۇنى ئەلىنىڭ ئىمتىھان نومۇرى بىلەن ئالماشتۇرۇۋەتكەن.

— ھاكىمغا خۇشامەت قىلىپمۇ؟ — سورىدى راخمان مەسخىرە بىلەن.

— ئۇمۇ بار، ئاساسلىقى، ھاكىمغا ئىچىم ئاغرىپ...
— بۇ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن ھاكىمدىن مۇكاپات ئالغانسىز؟
— ئالدىم، ئەمما ھاكىمدىن ئەمەس.
— كىمدىن؟
— ۋىجدانىمدىن، مەن مۇشۇ قىلغان جىنايىتىم ئۈچۈن بەش يىلدىن بېرى ۋىجدان سورىقىنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن بىرەر مىنۇتمۇ خالاس بولالمىدىم.

— ھەممەڭ نەپسانىيەت ئۈچۈن ۋىجدانىڭنى بۇلغىغان ئىپلاسلار! — دەپ ۋارقىرىدى ياقۇپ، بەزگەكتەك جالاقلاپ تىترەپ، — ھاكىم دېگىنىڭمۇ شۇ! ئادەملىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ساختىلىق ھەم نەپسانىيەتنىڭ قۇلى بولۇپ كەتتىمۇ؟ قېنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق، مېھرىبانلىق؟ ئىنسانىي پەزىلەت؟ ئەلى! سايىم! ئاڭلاپ قويۇش: ئۆز نەپسانىيىتىڭ ئۈچۈن بىرىڭ قارا نىيەتچىگە، بىرىڭ خۇشامەتچىگە ئايلانغان. لېكىن ھەر ئىككىڭنىڭ ئېرىشكەن نەرسىسى بىرلا: شەرمەندىچىلىك! كۆزىمىزدىن يوقىلىش شەرمەندىلەر، نومۇسسىز مەلئۇنلار!

ئەتراپتىكىلەرنىڭ نەپرەتلىك كۈلكىلىرى بىلەن تەڭ، مەسخىرە ئارىلاش قىلىنغان غەزەپلىك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى، ئىككىيلەن ھودۇققان، پاتقاقتەك قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

ئەلى يولدا كېلىۋېتىپ يېگەن تايىقى، ئاڭلىغان ھاقارەتتىن بىر خىل لەززەت، ئاراملىق ھېس قىلدى. گويا ۋۇجۇدىدىكى گۇناھ ۋە ئازاب داغلىرى ئاققان قانلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ تۈگىگەندەك، زىممىسىدىكى ۋىجدانىي قەرزنىڭ بىر ئۈلۈشىنى تۆلەپ تۈگەتكەندەك، ئۆزىدە بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۆزىگە تىكىلگەن مەسخىرىلىك چىرايلارنى، نەپرەتلىك، قەھرلىك كۆزلەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز بېشى ئېگىلدى، قانلىرى شۇۋۇلدىدى. «بۇ قارا نىيەت كۆڭلۈمگە نەدىن كەلگەن بولغىيدى؟ — ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆز ئۆزىگە سوئال قويدى، — مەن نېمىشقا شۇ چاغدا ئاتامنىڭ ساختىلىقىغا قارشى چىقىشقا، ئەھۋالنىڭ ئۆز ئەينى گۈلجەننەتكە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم؟ بۇ مېنىڭ نەپسانىيەتچىلىك ۋە رەزىللىككە ئۆزۈمنى قۇل قىلىپ تۇتۇپ بەرگىنىم ئەمەسمۇ؟ ياق، مەن بۇ ئازاب ئىسكەنجىسىدىن ئۆزۈمنى ئازاد قىلىمەن. مەن نومۇسسىزلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن يوقاتقان ئىنسانىي پەزىلىتىمنى ۋە قەدىر-قىممىتىمنى يەنە ئىنسانلار ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپىمەن. ئاھ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق يۈكى نېمىدېگەن ئېغىر؟ ھايات ياشاش — قەرزگە بوغۇلۇشلا ئەمەسقۇ، مەن نېمە ئۈچۈن ئېغىرلىقىدىن زېمىن كۆتۈرەلمىگۈدەك ۋىجدان قەرزىگە بوغۇلدۇم؟ ئوخشاش بىر قەرزگە ئۈچ ئادەم بوغۇلۇپتىمىز، مەن، سايىم، دادام. لېكىن دادام بۇ قەرزنىڭ زېمىن كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر بېسىمىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلالمىدىغاندۇ؟ مەن بىلىمەن، دادام خەلق مەنپەئەتى، پارتىيە خىزمىتى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل جان تىكىپ، سەممىي ساداقەت بىلەن ئىشلەپ كەلگەن پېشقەدەم كوممۇنىست. لېكىن ئۇ ماڭا بولغان دادىلىق كۆيۈنۈشى ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى شۇنچىۋالا تۆكۈۋېلىشىنى ئويلىمىغان. مەن دادامنىڭ مېنى دەپ ئۆز نامىغا داغ يۇقتۇرۇۋېلىشىنى ئەسلا خالىماي-

مەن. مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق دادامنىڭ بىزنى ھېچقاچان ھارام تاماق، نەپسانىيەتچى قىلىپ تەربىيىلىمىگەنلىكىنى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭمۇ خۇددى ئاددىي پۇقرالارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش ۋەتەن، پارتىيە، خەلق توغرىسىدا ئەڭ يۈكسەك غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ۋە شۇ يولدا جان تىكىپ كۈرەش قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمەن. ئۆز گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ۋە بۇ ئەھدىمنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىم لازىم بولار؟ بۇ بەدەل نېمە؟ تەر ... قان ... ھايات ... ؟»

ئەلى ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە كەچلىك چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئەر - خوتۇن ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى، كۆڭلىكىدىكى قان داغلىرىنى، يىرىلىپ توخۇمىدەك ئىششىپ چىققان كالپۇكلىرىنى كۆرۈپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئۆيدە ئاللاچۇقان كۆتۈرۈشتى. پاتەمخان: «ۋاي بالام!» دېگىنىچە، كۆكسىنى تۇتۇپ ھوشسىزلىنىپ كارىۋاتقا يىقىلدى.

— كىم بىلەن سوقۇشتۇڭ؟ — سورىدى ھاكىم غەزەپتىن تۆمۈردەك قارىداپ.

— سوقۇشمىدىم، جازالاندىم.

— نېمە جازا؟ لوكچەكلەر ئۇرۇپتۇ - دە، سېنى، ئەبلەخلەر! — ھاكىم دېرىزە تۈۋىگە ئېتىلىپ بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى، — جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئۇلا! ياڭ جۈجاڭنى چاقىر!

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ بۇ ئىشىڭىز بولمىدى دادا، — دېدى ئەلى تېلېفون كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىپ.

— ئادەم ئۇرغان لوكچەكلەرنى بوش قويۇۋېتىشكە بولامدىكەن، — ھاكىم غەزەپتىن تېز - تېز نەپەس ئېلىۋېتىپ، ئەلىنىڭ قولىنى سىلكىدى، — تېلېفوننى قويۇۋەت! بۇ ئۆچ ئېلىش، بۇ بىر ئۇچۇم بۇزۇقلارنىڭ غەرەزلىك ئۆچ ئېلىشى، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن، ئادەم ئۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن ئۇ ئەبلەخلەرگە!

— ئۇلار بۇزۇقلار ئەمەس، ياخشى ئادەملەر.

— ياخشى ئادەملەر؟ ھەي، سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ ئەلى! قېنى ئېيت، سېنى ئۇرۇشقا پېتىنغان كىمكەن ئۇلار؟

— خەلق ... جامائەت ... — ئەلىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — سىزنىڭ ئۇلارنى جازالاشقا قۇربىڭىز يېتەرمۇ؟ ئەسلىدە بىز مۇشۇنداق جازالىنىشقا تېگىشلىك دادا.

— بىز دېگىنىڭ كىم؟

— مەن، سىز، سايىم جۇرىن.

— بۇ قانداق گەپ، بىز نېمىشقا جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنمىز؟

— بۇ تەشكىلنىڭ ياكى قانۇننىڭ جازاسى ئەمەس. ۋىجدان سوتىنىڭ بېرىدىغان جازاسى. سىز بۇنىڭ سالمىقىنى راستىنلا ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— بۇنداق ئەرزىمىگەن سوئالىڭنى قوي! — دېدى ھاكىم قولىنى سىلكىپ، — مەن ھاكىم، ئەدەبىياتچى ئەمەس، مەن مۇنداق كىتابىي سۆزلەرنى ئېتىراپ قىلمايمەن.

— مېنى داشۆگە ئەۋەتىش ئۈچۈن، سايىم جۇرىن ئىككىڭلار بىر گۇناھسىز قىزغا ئۇۋال قىلغىنىڭلارنى سىز نېمىدەپ ئويلايسىز؟ سىز مېنى دىپ ئۆزىڭىزنىڭ پارتىيىۋى-

لىك ۋىجدانىڭىزنى بۇلغىغانلىقىڭىز، تەشكىلىي پرىنسىپنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزدە ئازاب ھېس قىلمىدىڭىزمۇ - ھە؟

— سىنى كەمسۆز، ئېغىر - بېسىق چوڭ بوپتۇ دەپ خاتا ئويلىغان ئىكەنمەن، سەن نېمانچە مەمەدان بولۇپ كەتتىڭ ئەلى! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، لېكىن بىزنىڭ شۇ چاغدا ئۇ قىزنى داشۆگە بېرىشتىن قالدۇرۇپ قويغىنىمىز توغرا بولغان. سەن بارمىساڭ، ئورنىڭغا باشقىسى كېتەتتى. ئوخشاشلا گەپقۇ، نېمىشقا دەمسىنا، سەن 1976 - يىلىدىكى ۋەزىيەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ سىنىپىي لۇشيەننى كىم بىر ياققا قايرىۋېتەلەيتتى؟

— ئۇنىڭ دادىسى گۇناھسىز، ئۇ خاتا جازالانغان، — دېدى ئەلى ئەسەبىلىرىنى يوقىتىپ، — راستىنى ئېيتسام بۇرۇن سىزدىن پەخىرلىنەتتىم، چىن قەلبىمدىن پەخىرلىنەتتىم. ئەمدى سىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن دادا، ئادەم ئەمەل - مەنسەپ تاجىسى كىيگەندە، راستىنلا ئۇنىڭ ۋىجدانى خىرەلىشىپ، قۇلىقى گاس، كۆزى كور بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم! ھېلى بىكار تاياقنىڭ چالىسىنى مەندىن يەيسەن! — ھاكىم ئۇستەلدىكى كۈلدانىنى ئېلىپ خۇددى شۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ بېشىغا سالىدىغاندەك بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى، — ئېست، سېنى تېخى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇراي دەپ ئويلاپتىمەنا، خاتا ئويلاپتىمەن، ئەمدى بىلدىم، سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولغىنىڭ، داشۆ پۈتتۈرگىنىڭ بىلەن، ناھىيىمىزدە ئىشلەشكە لايىق ئەمەس ئىكەنسەن، — ھاكىم ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆرە تۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەندەك ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ، چېكىسىنى ئۇۋۇلدى، — بولدى، كەت، نەگە كەتسەڭ كەت، خالىغىنىڭنى قىل، كۆزۈمدىن يوقال!

ئەلى دادىسىنىڭ يېنىدىن ئۈن - تىنسىز يېنىپ چىقىپ ئىمىن جوجاڭنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. يالاڭباشتاق، كۆڭلەكچان سىرتقا چىققان جوجاڭ ئىشىك ئالدىدا ئەلى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

— ۋاي، ئەلىجانغۇ بۇ؟ كەلسىلە ئوكام، — دېدى ئۇ ھودۇقۇش ئارىلاش.

— يانلىرىغا ئازراق ئىش توغرىلىق ياردەم سوراپ كىرىۋىدىم، مەشەدىلا دەي.

— ئەلۋەتتە خىزمەتلىرىدە بولىمەن، ئوكام. ئەستا، ئۆيگە كىرمىسەك قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەن ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ئىدارىگە تىزىمغا ئالدۇرسام قانداق؟ ئەمما بىر شەرتىم بار.


— ۋاھ، تولا بەلەن ئىش بوپتۇ، ئاغىزلىرىغا ناۋات! — دېدى جوجاڭ خۇشاللىقىدا ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — قېنى، قۇلىقىم سىلىدە.

— شەھەردە ئىشلەشكە زادى رايىم قالمىدى، بولسا بىرەر ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇم بار.

ئىمىن جوجاڭ ئەلىنىڭ قولىنى قايتىدىن ئىككى قوللاپ سىقتى ۋە:

— ۋاھ، مانا بۇ بولىدىغان گەپ، مانا بۇ ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسىنىڭ گېپى! بىزنىڭ داۋۇتوپ ئىسىملىك بىر يارامىلىق تېخنىكىمىز بولىدىغان، ئۇ بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپلا ئالدى بىلەن مۇشۇ سۆزنى قىلغان، — دېدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




تۇرسۇنئاي ھۇسەين

# شېئىرلار

## بوز تورغاي

ئۇچۇپ يۈرەر بوز تورغاي
كەڭ دالاغا سىلىپ كۆز.
تېخى زېمىن ئاپئاقتۇر،
دەريا، ئۆستەڭ كۆپكۆك مۇز.
دەل ـ دەرەخلەر يالىڭاچ،
چىقارماپتۇ يوپۇرماق.
ئېتىز ـ قىردا ئادەم يوق،
جىمجىتلىقتۇر ھەممە ياق.
تېخى باغلار، ئورمانلار
يەشمىگەنتى جۇۋىنى.
باللارمۇ قالىغاچقا
ياسىماپتۇ ئۇۋىنى.
شوخ باللار تېخىچە
ئۇچۇرماپتۇ لەگلەكنى.
تېخى بەزەن قار ياغار .
سىلكىنگەندەك ئەگلەكنى.

ئۇچۇپ يۈردى بوز تورغاي
مەللەرنى ئارىلاپ.
ئۇۋىسىغا ياندى ئۇ
كەچ بولغاندا ئالدىراپ.

ئارىسىدا داڭگالنىڭ
تۈنەپ چىقتى بوز تورغاي.
ئويلاپ كەتتى ئويغىنىپ،
«قەيەردىنمۇ دان تاپاي؟»
ئۇچتى كۆككە پۇررىدە،
يىزا ياققا ئاتلاندى.
ئەڭ چەتتىكى بىر ئۆينىڭ
ئۆگزىسىدە ئايلاندى.
ئوبدان بالا پەرھاتجان .
ئۇنى كۆرۈپ دان چاچتى.
شەرەت قىلىپ ھويلىنى،
قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.
ئۆگزىدە ۋە ھويلىدا



يۇردى ئۇچۇپ - ئويناپ ئۇ.
ئۇزۇن قىشنى ئۆتكەزدى
مۇشۇ يەردە دالىلاپ ئۇ.

بىر كۈن سەھەر بوز تورغاي
چۆچۈپكىنە ئاچتى كۆز.
بوشاپتۇ قىش سوغۇقى،
ئىللىپ قاپتۇ دالا - تۈز.
گۈرۈلدەيتتى بىر نەرسە
سۈرەن سېلىپ دەريادا.
نېمە بالا بولغاندۇ
ئاڭا يېقىن قىيادا؟
ئۆرلەپ چىقىپ بوز تورغاي
دەريا تامان سالدى كۆز.
گۈلدۈر - غاراس قىلىشىپ
يېرىلاتتى كۆپكۆك مۇز.
ھەر يوغان مۇز ئاراللار
سۇ يۈزىدە ئاقاتتى.
كۆچۈۋاتقان مۇزلارغا
شوخ بالىلار باقاتتى.
تاق - تاق قىلغان بىر ئاۋاز
بوز تورغايغا ئاڭلاندى.
كۆرۈپ نۇرغۇن ئۈۋىنى
ئىچ - ئىچىدىن شادلاندى.
تاختاي ئىدى ئۆگزىسى،
يۇپيۇمىلاق ئىشىكى.
مىخلار ئۇنى تېرەككە
پەرھات دېگەن سىردىشى.
«ئاچا قۇيرۇق ئالىماچ، —
دېدى تورغاي ئۆزىچە، —
بالىسىنى ئۆستۈرۈپ،
ماكانلىسۇن يازىچە.»
ئېتىز باغلار ئۈستىدە
كۆلۈپ كەتتى بوز تورغاي.
ئۇخلاۋاتقان جانلارنى

دېدى: «دەرھال ئويغىناي.»
ئۇلار چىقىپ دالاغا
بۇغداي، قوناق، شال تەرسۇن.
يېشىل - يېشىل مايسىلار
ئېتىزدا باش كۆتەرسۇن.
بۆك ئورمانلار گۈركىرەپ
كۈتۈۋالسۇن قۇشلارنى.
ئاچا قۇيرۇق، لىكىلداق
ھەممە قىزىل تۆشلەرنى.»

ئۆستى مەخمەل ياپقاندەك
قارا بۇغداي، ئاق بۇغداي.
ئۇۋا سالدى ئۇ يەرگە
ۋىتىۋالداق ھەم كەكلىكۋاي.
بوز تورغاي ۋە تورغايخان
مۇشۇ يەرنى ئەپلىك دەپ،
دوستلىشىشقا يارايدۇ
ۋىتىۋالداق ۋە كەكلىك دەپ؛
تۇخۇم قويدى تۆت - بەشنى،
شۇنداق سېلىق ھەم كىچىك.
تۇخۇملارنىڭ مەكزىدە
نۇرغۇن مەڭلەر چېكىملىك.
تورغايچاقلار چىقىشتى
يېرىپ بىر كۈن شاكالنى.
خۇشال بولدى تورغايخان
كۆرگىنىدە بۇ ھالنى.
بىر كۈن چۈشتە بوز تورغاي
ئاڭلاپ قالدى چۇقانى.
بۇغدايلىقتا بەش بالا
يۈرەر كېزىپ ھەر يانى.
چۇجىسىدىن ئەنسىرەپ
پەريات قىلدى بوز تورغاي،
گويا قۇرغۇي سوققاندەك
تۈزۈپ تۆكى ئۇز تورغاي.

بالىلارنى ھەيدىدى
ئۇنىڭ دوستى پەرھاتجان.
چۈجىلەرنى قۇتقۇزۇپ،
جانلىرىغا قوشتى جان.
«قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز،
ئاسراش كېرەك!» دېدى ئۇ.
ئۇۋىسىنى ياخشىلاپ
تۈزەپ، ياساپ قويدى ئۇ.
سايراپ كەتتى بۆلەكچە
كۆك ئاسماندا بوز تورغاي.
رەھمەت ئېيتتى پەرھاتقا
ئاخشا كۈيى ئۇز تورغاي.

## شىرزاتنىڭ دوستى

شىرزات بۇ يىل ئون ئۈچتە،
يەتتىنچىدە ئوقار ئۇ.
دەرسلەرنى زېھنىگە
كەشتە قىلىپ توقار ئۇ.
كۆپتۇر ئۇنىڭ دوستلىرى،
ئوخشىمايدۇ يېشىمۇ.
مىجەزلىرى ھەر خىلدۇر،
ئوخشاش ئەمەس ئىشىمۇ.
ئون بەش ياشلىق ئەركىننى
يېقىن كۆرۈپ دوست تۇتتى.
ئۇ قۇۋ بالا شىرزاتنىڭ
نادان كۆڭلىنى ئۇتتى.
گازىر، پۇرچاق، بېرەر قاق،
بەزى چاغدا ھەم ياڭاق.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا
كېرەك ئىدى ماسلاشماق.
كەپسىز بالا ئۇ ئەركىن
جىمجىت ماڭماس تالادا.
باشقىلارغا چېقىلىپ
پات-پات قالار بالاغا.
ئاپتوبۇستا شىرزاتقا
بەردى بىر كۈن قاپچۇقنى.
«ۋاي! دات!» دېدى بىر ئايال
سىيلاپ دەرھال يانچۇقنى.
ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى
شۇ مىنۇتتا تاقالدى.
بېكەتلەردە توختىماي
ساقچىغىلا يول ئالدى.
ئوغرىلانغان شۇ قاپچۇق
چىقىپ قالدى شىرزاتتىن.
تەن شۈركىنىپ، ئاقتى ياش
«يانچۇقچى» دېگەن ئاتتىن.
شىرزات قاقشاپ داتلايدۇ:
«ماڭا ئەركىن بەردى» دەپ.
ئەركىن ئېيتار: «بالانى
بۇ يانچۇقچى تەردى» دەپ.
ئەستە ساقلاڭ دوستلىرىم،
لايىق بۇ ئىش ئىبرەتكە.
دوست تاللاشنى بىلمىسە،
شىرزاتتەك قالار دەردكە.

## دادىسىنى ئويغاتتى

سەھەر سائەت ئالتىدە
جىرىڭلىدى قوڭغۇراق.
گويا كىچىك ئەركىنگە
قوپقىن، دېدى، چاپسانراق.
تۇردى ئەركىن ئورنىدىن

كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.
يالاڭغىداق چوڭ ئۆيگه
يۈگرەپ كىردى ئالدىراپ.
دادىسىنى كۆرگەندە
ئاڭا كۈلكه ياماشتى.
كارىۋىتىغا يامىشىپ
يوتقىنىنى تېز ئاچتى.
ئوماق، بۇدرۇق قولىدا
دادىسىنى غىدىقلاپ،
كۈلۈپ كەتتى شا كىچىك
خۇشاللىقتا ۋىلىقلاپ.
دېدى ئۇنىڭ دادىسى:
«كىم بۇ مېنى ئويغاتقان؟
بەدىنىمنى غىدىقلاپ،
قۇلىقىمنىمۇ تارتقان؟»
مۆكۈپ كارىۋات ئاستىغا
دېدى ئەركىن: «مەن چاشقان.
سېنى تېزرەك قوپسۇن دەپ،
تاڭ سەھەردە ئويغاتقان.»
دېدى كۈلۈپ دادىسى:
«بېرى كەلگىن هەي چاشقان.
ئېيتقىن، مۇنداق سەھەردە
كىم ئۇ سېنى ئويغاتقان؟»
دېدى ئەركىن مۆشۈك كۆز:
«سائەت مېنى ئويغاتقان.
ئويغاتسۇن دەپ، ئانامغا
قۇلىقىنى تولغاتقان.»
دېدى دادا: «سەھەرلەپ
تۇرۇپ كەتتىڭ نېمىشقا؟»
دېدى ئەركىن: «كىچىكمەي
بارايلى دەپ بىز ئىشقا.»
دېدى كۈلۈپ دادىسى:
«سەن ئىشلەيسەن قەيەردە؟»
دېدى ئەركىن: «ئىشلەيمەن
يەسلى دېگەن بىر يەردە.»

## توشقان

قارا توشقان ئاق توشقان،
ئالا توشقان، بوز توشقان،
دىككى - دىككاڭ سەكرەيسەن،
قىلىقلىرى ئۆز توشقان.
مەندىن قورقۇپ يۈرمەستىن
قۇچىقىمغا كىر توشقان.
سالپاڭ قۇلاق بۆكۈم بار،
مەن ئۆزۈممۇ بىر توشقان.
سەن نېمانچە چاققانسەن،
مېنى كۆرسەڭ تېز قاچقان.
كولاپ بەرسەم بىر ئورەك،
هەر تەرەپكە ئىنز ئاچقان.
كۈندۈزلىرى ئۇخلايسەن
ئۆز ئۇۋاڭدا تىنچ، توشقان.
كېچىلىرى تالادا
تىنىم تاپماي قوغلاشقان.
تاشلاپ بەرسەم ئاپئاق نان،
يېمەي قېلىپ جىق ئاشقان.
سەۋزە بىلەن بەسەيدى
گۇرۇچ - گۇرۇچ چاينىشقان.
مەن دەسلەپتە باققاندا
ئىدىڭ پەقەت جۈپ توشقان.
بولدۇڭ ئەمدى بىر يىلدا
بىرەر يۈزدىن كۆپ توشقان.
ئۆزۈڭ هوشيار، قورقانچاق،
قولاقلىرىڭ دىڭ توشقان.
ئىككىمىز دوست بولايلى،
مېنىڭ ۋەدەم چىڭ توشقان.

مەمتىمىن بارى

# شېئىرلار

## يەسلى ئاخشىسى

مېھرى ئىللىق، باھاردەك
يەسلى ئېسىل جاي ئىكەن.
قويىنى ئۇنىڭ ئازادە،
گۈزەللىكتە باي ئىكەن.

ئاچار ئىكەن قۇچاقنى
گۆدەكلەرگە ھەر قاچان.
يەسلىدىكى ھەدىلەر
ئىكەن بەكمۇ مېھرىبان.

غىزالىرى مەززىلىك،
تۇرمۇش ئىكەن پاراۋان.
مەشىق قىلىپ ئۆگەندىم
چېلىشنى مەن باراۋان.

يەسلى ماڭا ئۆگەتتى
رەتلىك، پاكىز بولۇشنى.
كۆرگەن چاغدا چوڭلارنى
دائىم ھۆرمەت قىلىشنى.

كۆنۈپ قالدىم يەسلىگە
كەتكۈم كەلمەس ئۆيۈمگە.
يەسلىدىكى دوستلىرىم
گۈل كۆرۈنەر كۆزۈمگە.

## ساۋاق

دان تاشلىدىم كەپتىرىم
ئىنىدىكىمگە كەلمىدى.

مەن قوغلىدىم، ئۇ قېچىپ
ھەرگىز تۇتۇق بەرمىدى.

ئۆگزىلەردىن ئۆگزىگە
سەكرەپ يۈرۈپ تىنمىدىم.
يىقىلغاندا پەسكە مەن
ئەس ـ ھوشۇمنى بىلمىدىم.

سۇنۇپ شۇندا پۇت ـ قولۇم،
ئاغرىپ كەتتى ئالامەت.
ئامالىم يوق مېڭىشقا،
بولدى ئەمدى قىيامەت.

ئاڭدى دوختۇر ئاكىلار،
كىيەلمەيمەن ئاياغنى.
ئاران چىقتىم ئىشىككە
تۇتۇپ ئاچا تاياقنى.

قالدىم شۇڭا مەكتەپتىن،
ئىلاجىسىز بارالماي.
كۆزدە قانداق قىلارمەن
قالسام سىنىپ ئاشالماي.

كەپسىزلىكنىڭ ـــ شوخلۇقنىڭ
تولا ئىكەن زىيىنى.
ئەمدى ئوبدان ئاڭلايمەن
ئۇستازىمنىڭ گېپىنى.

## باھار قوشىقى

ئېرىدى قىش ـ قار مۇزى،
ئاقتى ئەگىز شارقىراپ.

خەۋەر بەردى باھاردىن
پاقىلارمۇ كۆكىراپ.

داللارنى بېزىدى
مايسا، كۆكتات بىخ يېرىپ.
مەجنۇن تاللار ياساندى
يېشىل كىمخاپ يېپىنىپ.

خۇددى ئاپئاق بۇلۇتتەك
چېچەكلىدى ئۆرۈكلەر.
يەڭگىل، پاكىز كىيىندى
خۇش خۇي ئۈسمۈر - گۈدەكلەر.

يۇرتىمىزنىڭ باھارى
قىلدى دىلنى مەھلىيا.
پورەكلىدى - ئېچىلدى
ھەممە ياقتا گۈل - گىياھ.

**ھەسەن تىلىۋالدى**

## بولسا ئىكەن مۇۋاپىق

ئۆگەن دەيسەن جان دادا،
ماڭا ھەر كۈن دوق قىلىپ.
ئىللىق چىراي ئاچمايسەن،
تەلەتىڭدىن مۇز يېغىپ.
باش كۆتەرمەي ئوقۇيمەن
قارىيلاردەك يادلاپ.
دەم ئېلىشقا قويمايسەن،
ئويناي دېسەم ئارىلاپ.
چۈشمەس زادى مېڭەمگە
بەزى چاغلاردا دەرسىم.
ئىگىلەشكە بىلىمنى
بولسىمۇ گەر ھەۋىسىم.
چۈشىنىمەن كۆڭلۈڭنى.
ئوقۇپ بىلىم ئال دەيسەن.
مەرىپەتنىڭ بېغىدىن،
ئىچكىن شېكەر، بال دەيسەن.
ئارزۇيۇمدۇر مېنىڭمۇ
كېچە - كۈندۈز تىرىشىش.
بولسا ئىكەن مۇۋاپىق
ئوقۇش - ئەمگەك، دەم ئېلىش.

## چۈمبەلنى ئوتقا سالغىن

نېچۈن، ئانا، يۈزۈڭنى
يېپىۋالدىڭ چۈمبەلدە؟
يىقىلسەن پۈتلىشىپ
يولدا ماڭساڭ قەدەمدە.
بۈرۈختۇم بوپ «لەھەتتە»،
ئېتىۋالما كۆزۈڭنى.
ئەلدىن بۆلەك يول تۇتۇپ،
قىيىنمىغىن ئۆزۈڭنى.
بىلسەڭ، ئانا، نادانلىق
ساڭا زىيان يەتكۈزگەن.
يىلان ئوخشاش چىرمىشىپ،
ماغدۇرۇڭدىن كەتكۈزگەن.
ھايا - نومۇس ئۆلچەنمەس
يۈزنى يايقان ياغلىقتا.
ئۆلچىنىدۇ پەزىلەت
ۋىجدان دېگەن بايلىقتا.
خۇراپاتلىق، جان ئانا،
بوغۇۋاپتۇ ئەركىڭنى.
ئوتقا تاشلا چۈمبەلنى،
قۇياش سۆيسۇن چېھرىڭنى.

ئابدۇغوپۇر ئابدىراخمان

# ئاپا، مەن كىم بىلەن ئوينايمەن؟!

(ھېكايە)

مەھەللىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاپامدىن بەك قورقىدۇ. مەن ئاپامنىڭ ئاغزاق بالىسى. كىم ماڭا چېقىلسا كىرىپلا ئاپامغا دەيدىغان بولسام ئاپام ئۇنىڭغا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەن كۈنى مەن مەھەللىمىزدىكى زاكىر بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندا ئاپام زاكىرنىڭمۇ، ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭمۇ ئەدىبىنى تازا بەردى.

زاكىرنىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ. ئۆزى چوڭچى بىر نەرسە. بىر كۈنى بىر مۇنچە باللار بىلەن يولدا ئۇچىمە تېرىپ يۈرسەك ئۇ يېنىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋاپتۇ. يېنىمىدىكى باللار خۇددى چىمەن دوپپا كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۇنىڭ دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشتى. بەزىلىرى تېخى بېشىغا كىيىپمۇ باقتى. زاكىر چوڭ نېمىسى باردەك ئۆزىنىڭ دوپپىسىنى كۆرۈۋاتقان باللارغا قاراپ ھېجىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ دوپپىنى ئۇنىڭغا ئاپىسى تىكىپ بېرىپتىمىش. خۇددى باشقا ئادەمنىڭ ئاپىسى دوپپا تىكەلمەيدىغاندەك ماختىنىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. مېنىڭ بېشىمدىكى بادام دوپپىنىمۇ ئاپام ئۆزى تىكىپ بەرگەنغۇ!

زاكىرغا سەل ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. مەن تازا ياخشى پىشقان قارا ئۈجمىدىن بىر سىقىم تېرىپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئېگىشىپ ئۈجمە تېرىۋەتقان زاكىرنىڭ دوپپىسىغا شاپ ـ شۇپلا سۈركىۋەتتىم. شۇ ھامان ئۇنىڭ دوپپىسىنىڭ گۈللىرى قاپ ـ قارا بولۇپ بويىلىپ كەتتى. زاكىر چاچراپ قوپۇپ ماڭا دىۋەيلىدى:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

— ھى... ھى... — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم، — دوپپاڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولسۇن دېدىم.

زاكىرنىڭ ئاچچىقتىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى ـ دە:

— چىدىماس، ئىچى يامان، — دەپ ۋارقىرىدى.

مەنمۇ باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان سۆزنى ئىشلىتىپ ئۇنى تىللىدىم.

— ئىتتىن تۇغۇلغان!

— ئاغزىڭنى بۇزما، — دېدى زاكىر ۋە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى ئىتتىرىۋەت-

تى، مەن ئارقامغا دەلدۈگۈلۈپ كەتتىم ۋە
ئۆزۈمنى ئوڭشاپلا «ھە، مانا ئىتتىرە» دەپ
بار كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىغا تەپتىم.
پەتىنكەم ئۇنىڭ پاچىقىنى خېلى قاتتىق
ئاغرىتقان ئوخشايدۇ. ئۇ تېپىلگەن پۇتىنى
ئىتتىك كۆتۈرۈپ بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ
كەتتى. ئاندىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئىككى
قولى بىلەن پاچىقىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.
بىردەمدىن كېيىن ئۆرە بولۇپ مېنى ئىت-
تىردۈۋەتتى. مەن ئارقامغا ئولتۇرۇپ قالدىم.
ساغرام شۇنداق ئاغرىپ كەتتىكى، يىغلىغان
پېتىم ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ھويلىغا
كىرسەم ئاپام توخۇلارغا دان بېرىۋاتقان
ئىكەن. مېنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ياش-
لىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ بالام؟

— زاكىر ئۇردى.

ئۇ ئۇچقاندەك تالاغا چىقتى. بالىلار
ئۇچىمىلىكتە بىر يەرگە يىغىلىپ نېمىلەرنى-
دۇر دېيىشىۋېتىپتۇ. زاكىر بولسا ئۇلاردىن
ئايرىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆيىگە
كېتىۋاتقان ئىكەن. ئاپام ئۇنىڭ ئارقىسى-
دىن يۈگۈردى. زاكىر ئاپامنى كۆرۈپلا ئال-
دىغا قاراپ قاچتى.

— توختا، ھوي كىچىك لۈكچەك!—
دەپ ۋارقىرىدى ئاپاممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن
يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

زاكىر تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈشكە باش-
لىدى. ئاپاممۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ جېنىنىڭ
بېرىچە يۈگۈردى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقى-
سىدىن يۈگۈردۈم. ئاپام يېتەي - يېتەي
دەپ قالغاندا زاكىر ئۆيىگە يېتىۋالدى ۋە
«ئاپا!» دەپ ۋارقىراپ ھويلىغا قاراپ ئۆزى-
نى ئاتتى. ئاپاممۇ ئۇنىڭ ھويلىسىغا بېسىپ
كىردى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينى-دىن كىر-
دىم. قارىسام ئاپام ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
زاكىرنىڭ قولىقىنى تولغاپ تۇرۇپ غەزەپ
بىلەن سۆزلەۋاتاتتى:

— نېمىشقا مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۇردۇڭ
ھوي چوشقا، مېنىڭ ئوغلۇم ياۋاشمىكەن،
ھە، ئېيتە؟!



زاكىر قولىقىنى ئاپامنىڭ قولىدىن
ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتاتتى.
ئىككى مەڭزى كۆزلىرىدىن ئاققان ياش
بىلەن ھۆللەنگەنىدى. ئۇچىمە بىلەن بۇلغان-
غان چىمەن دوپپىسىنى بىر قولىدا مىجىق-
لاپ تۇتۇۋالغانىدى. شۇ ئەسنادا زاكىرنىڭ
ئاپىسى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى-دە، ھوي-
لىدا بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆرۈپ چىرايى
ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ خېمىر يۇقى قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىپ پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىن يۈگۈ-
رۈپ چۈشۈپ ئاپامنىڭ يېنىغا كەلدى.

— زىۋىدىخان ھەدە، نېمە ئىش بول-
دى؟ بالىمنىڭ قولىقىنى قويىۋەتسىلە. ھەر
ئىش بولسا گەپ-سۆز بىلەن ھەل قىلاي-
لى، — دېدى ئۇ.

— نېمە؟ — دېدى ئاپام زاكىرنىڭ
ئاپىسىغا ئالىيىپ، — سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ

بالامنى دۇمباق قىلىپ چېلىپ ئويىنىسا، مەنزە بۇ ئىشنى گەپ ـ سۆز بىلەن ھەل قىلامدىسمەن.

ئاپام زاكىرنىڭ قۇلىقىنى تېخىمۇ قاتتىق سوزغان بولۇشى كېرەك، ئۇ بىردىنىلا چىرقىراپ كەتتى.

ـــ ۋىيەي، جېنىم زىۋىدىخان ھەدە، ئۇنداق قىلمىسلا، بالىنىڭ قۇلىقى پاك بولۇپ قالىدۇ، ـــ دېدى زاكىرنىڭ ئاپىسى تىت ـ تىت بولۇپ.

ـــ بالىڭىزغا خەقنىڭ بالىلىرىغا تەگمە، دەپ تەربىيە بېرىشنى بىلمىگەندىكىن مەن ئۆگىتىپ قوياي!

ـــ ئۇنداق قىلمىسلا زىۋىدىخان ھەدە، بالام نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسا ئالدىلىرىدا مەن ناماقۇل.

زاكىر يەنە چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

ـــ سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي زىۋىدىخان ھەدە، بالىنىڭ قۇلىقىنى قويىۋەتسىلە. ئۆتۈنۈپ قالاي ...

ـــ ئۇنىڭغىچۇ، مۇشۇنداق تېتىتىپ قويىمسام بۇنىڭدىن كېيىن بالامغا يەنە كۈن بەرمەيدۇ.

ئاپام زاكىرنىڭ ئاپىسىغا گەپ قىلمەن دەپ زاكىرنىڭ قۇلىقىدىن قولىنى بوشىتىپ قويغان بولسا كېرەك، زاكىر غىپىلا قىلىپ قېچىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاپام ئۇنىڭ كەينىدىن كىرمەكچى بولۇپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغانىدى، زاكىرنىڭ ئاپىسى يېلىنىپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئاڭغىچە قوشنىلاردىن بىرنەچچە ئايال كىرىپ ئاپامنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن زاكىرنىڭ ئاپىسى بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا زاكىرنىڭ چىمەن دوپپىسى بار ئىدى.

ـــ مەن زاكىردىن سۈرۈشتە قىلدىم، ـــ دېدى ئۇ ئاپامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ـــ ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن، سىلىنىڭ قۇدرەتجان زاكىرنىڭ دوپپىسىغا قارا ئۈجمىنى سۈركىۋەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى سوقۇشۇپ قاپتۇ، سەن دەپباقە قۇدرەتجان، ئىش راست شۇنداق بولغانمۇ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قورقۇپ تۇراتتىم. ئاپام بىردىنلا غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

ـــ ھە، سىززە، مېنىڭ ئوغلۇم ئاق دەپ قۇدرەتنى سوراق قىلىشقا كىردىڭىزمۇ؟ شۇنچىۋالا ئالىقانات بالىلارنىڭ ئىچىدىزە، مېنىڭ مۇشۇ قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئوغلۇم ئۇنىڭ دوپپىسىغا قارا سۈركەپ يۈرۈمدۇ؟! ـــ ئاپام ماڭا بۇرۇلۇپ سورىدى ـــ قېنى، ئېيتىپ باقە، سەن ئۇنداق قىلمىغانسەن؟

مەن ئاپامنىڭ ھازىرقى سۆزلىرىدىن بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم ئۆزۈمگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم ـ دە، بېشىمنى ئىغاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ـــ ياق، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ـــ دېدىم.

ـــ ھە، مانا. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ـــ دېدى ئاپام، ـــ ئوغلىڭىزنىڭ يالغان سۆزلىرىدىگە ئىشىنىپ خەققە ئۇسۇۋەرمەڭ. بالىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ. بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئوغلۇمغا تەگمىسۇن!

ـــ ماقۇل زىۋىدىخان ھەدە، مەن چىقاي، خاپا بولمىسلا.

ـــ چىقىڭ، سىزگە ئىشلىۋالىدىغان

ئادەم يوق.

زاكىرنىڭ ئاپىسى دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەنلا ئاپام مەندىن سورىدى:

— راستىنلا زاكىرنىڭ دوپپىسىغا ئۈجمە سۈركىۋەتكەنمىدىڭ؟

— ھەئە، — دېدىم مەن سەل قورققان ھالدا.

— ۋاي ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئەقىللىق بالام، — دېدى ئاپام جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ، — باياتىن مەن قىلدىم، دېگەن بولساڭ ئۇ ئەسكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلىمىز قىسقا بولاتتى. بۇنداق ئەقىل مۇشۇ كىچىككىنە بېشىڭغا قانداقمۇ كەلگەندۇ-ھە، ماڭە، بېرىپ تاماقىڭنى يەۋال.

بۇ ئىشتىن كېيىن مەن تېخىمۇ قورقماس بولۇپ كەتتىم. شۇندىن تارتىپ مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئويناپ-ئويناپ ئويۇنغا تويغاندىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ كۆزلىرىگە توپا چېچىپ ياكى مۇشتۇمۇم بىلەن ئۇرۇپ-ئۇرۇپلا قاچىمەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خاپا بولۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كەينىمدىن قاراپ قالىدۇ، بەزىلىرى كەينىمدىن قوغلاپ ھويلىغا كىرىدۇ. ھويلىغا كىرگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي. ئاپام بىرلا ۋارقىرايدىغان بولسا كەينىگە قاراپ بىزنىڭ ئاق قوزىدەك پارتىلداپ قاچىدۇ. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى ئاپامدىن كاچات يەيدۇ. مۇنداق باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ھويلىمىزغا كىرىپ مېنىڭ يامان كېپىمنى قىلسا ئاپام ئۇلارنىڭمۇ ئەدىبىنى بېرىدۇ. مەن تاماشا كۆرۈپ بىرچەتتە قاراپ تۇرىمەن.

بۆگۈنمۇ بەك قىزىق ئىش بولدى.

يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا، مەھەللىدىكى باللار ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ دەرەخكە چىقىپ ئوينىدۇق. مەن بىر تۈپ قارىياغاچقا بەش قېتىم چىقىپ چۈشتۈم. ھەر قېتىمدا باللارنىڭ ئەڭ ئالدىدا چىقىپ چۈشتۈم. 6-قېتىم يەنە چىقاي دەپ تۇرغىنىمدا بىزنىڭ سىنىپتا مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئىسمەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ بىر تۈپ قارىياغاچقا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قولى بىلەن قارىياغاچنىڭ غولىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، قورسىقىنى ئۇنىڭغا چاپلاپ پۇتلىرىنى خۇددى ياچىۋەكنىڭ پۇتىدەك ئۇچ بۇرجەك ھالغا كەلتۈرۈپ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ يوقىرىغا ئۆرلەۋاتقان ھالىتى ماڭا بەك كۈلكىلىك تۇيۇلدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ تۆۋەنگە تارتتىم. ئۇ شارتتىلا قىلىپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشتى. يەرگە چۈشكەندە قارىسام يۈزىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يۈزىنى تۇتتى-دە، قولىغا يېپىشقان قاننى كۆرۈپ قورقۇپ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى. مەن دەرھال ئۆيگە قاراپ قاچتىم.

بىردەمدىن كېيىن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ئىسمەتنىڭ ئاپىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىسمەتمۇ تۇراتتى.

— زىنۇىدىخان ھەدە، سىلىنىڭ قۇدرەتجان بىزنىڭ ئىسمەتنى دەرەختىن يىقىتىپ مۇنداق قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئىسمەتنىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىپ.

— راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئاپام ماڭا بۇرۇلۇپ.

— ياق، ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى، — دېدىم

مەن دەرھال.
— سەن پۇتۇمدىن تارتتىڭغۇ، — دېدى
ئىسمەت بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ.
— مەن نەدە ئۇنداق قىلدىم، — دېدىم
مەنمۇ بوش كەلمەي. ئاپام دەرھال ئىككى
قولىنى بېقىنىغا تىرىدى-دە، ئىسمەتنىڭ
ئاپىسىغا قاراپ:
— رىسالەت، سىزنى خېلى تۈزۈك
ئايالمىكىن دەپ يۈرسەم سىزمۇ مۇتىھەم-
لىكنى ئۆگەنگىلى تۇرۇپسىز. مەھەللىدىكى
ھەممىڭلار بالاڭلار بىرەر ئىشقا يولۇقسا
قۇدرەتجانغىلا دۆڭگەيسىلەر. قۇدرەتجانغا
چىشىڭلار، ئۇبدان ئۆتەمدىكەن. ئۇ يەمشاق-
مىكەن. يالاپ ساقچىغا ئاپىرىپ بەرمەڭ-
لار يەنە! — دېدى.
— قارىسىغىلا دېگىنىم يوق، زىنۇندى-
خان ھەدە، بالىلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈپتۇ.
شۇڭا قۇدرەتجانغا تەربىيە بېرىپ قويارمى-
كىن، دەپ كىرگەنتىم.
— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوغلىنى بىلىڭ.
مەنمۇ بالىغا قانداق تەربىيە بېرىشنى
بىلىمەن.
— زىنۇندىخان ھەدە، ئۇنچىۋالا دەپ
كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.
— ئۇنداق دېيىشنىڭ ھاجىتى بول-
مىسا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ سىزگە.
ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈپ بېرەمدىمەن يە؟!
— ياق ئوغلۇم، — ئىسمەتنىڭ ئاپى-
سى ئاپامغا گەپ ياندۇرۇش ئۇياقتا تۇر-
سۇن، ئۇنىڭغا قاراشتىنمۇ قورقۇپ ئىسمەتنى
يېتىلەپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.
ئەتىسى ئىسمەت مەكتەپتە مەن بى-
لەن بىر پارتىدا ئولتۇرماي باشقا پارتىغا
بېرىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. مەكتەپتىن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنمۇ مەن بىلەن ئوينىماي
باشقا بالىلار بىلەن ئوينىدى. زاكىرمۇ ئى-
شىك ئالدىدا ئۆزى يالغۇز ئويناپ يۈرۈپ-
تىكەن، بىللە ئوينايلى دېسەم ئۇنىماي
مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدە ئويناۋاتقان بالىلار-
نىڭ يېنىغا كەتتى. مەنمۇ زاكىرنىڭ كەي-
نىدىن مېڭىپ بالىلارنىڭ يېنىغا باردىم.
ئۇلار مۆكۈ-مۆكۈلەك ئويناۋاتقان ئىكەن،
زاكىر بېرىۋىدى، ئۇلار ئۆز ئويۇنلىرىغا
قوشۇۋالدى. مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلاي دې-
سەم بالىلار باش چايقاپ:
— سەن قوشۇلساڭ بىز ئوينىمايمىز، —
دېيىشتى.
شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا قوشۇلالمىدىم.
ئۇلار ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇلار-
غا قاراپ بىر چەتتە تۇرغىنىمدا ئۆتكەن
كۈنى ئاپام بازاردىن ئېلىپ بەرگەن شار
ئېسىمگە كەلدى. يۈگۈرگەن پېتىم ئۆيگە
كىرىپ شارنى ئالدىم، تالاغا ئەپچىقىپ
يىپىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ يۈگۈردۈم. شار
ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا
باشلىدى. بالىلار شارنى كۆرسە ئويۇنلىرىنى
تاشلاپ مېنىڭ يېنىمغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ،
دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن بالىلار دەسلەپتە
مەن تەرەپكە ئانچە-مۇنچە قاراپ قويۇش-
تى. كېيىن يەنە پەرۋا قىلماي ئويۇنلى-
رىنى ئويناۋېرىشتى. مەن ئاخىرى شاردىن-
مۇ زېرىكىپ ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ تاش-
لاپ قويدۇم. بۇ چاغدا ئۇدۇل قوشنىمىز-
نىڭ ئۆيىدىن بالىلارنىڭ ۋارقىراشقان ئا-
ۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. مەن قوشنىمىز-
نىڭ دەرۋازىسىدىن مارىلىدىم. ئۇلارنىڭ
بالىلىرى بىر-بىرى بىلەن قوغلاشماق ئوي-
ناۋېتىپتۇ. مەن ئاستا كىردىم. ئويناۋاتقان
بالىلار مېنى كۆرۈپ ئويۇنلىرىنى توختى-
تىپ جىم بولۇپ قېلىشتى. شۇ چاغدىلا

ئۇلارنىڭ ئاپىسى هويلىغا چىقتى-دە، ماڭا قاراپ:

— قۇدرەتجان جېنىم بالام، بىزنىڭ باللار هازىر دەرسكە قارايدۇ، سەن بىلەن ئوينايدىغان ۋاقتى يوق. چىقىپ باشقا باللار بىلەن ئوينىغىن، — دېدى.

— مەنمۇ دەرسكە قارايمەن، — دېسەم، ئۇلارنىڭ ئاپىسى:

— ئوبدان بالام، ئۆيۈڭگە چىقىپ قارىغىن! — دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ هويلىسىدىن چىقىپ بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇلارنىڭ دەرۋازسىنىڭ تۆۋىگە بېرىپ يوچۇقتىن ماراپ باقتىم. ئۇلارنىڭ باللىرى بايىقىدەكلا ئويناۋېتىپتۇ، ئۆگىنىشمۇ قىلماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاپىسى بەك يالغانچىكەن! مەن دەرۋازىنى ئىتتەرگەن ئىدىم، ئىچىدىن زەنجىرلاپ قويۇپتۇ. مەن دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئارقامغا يېنىپ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئىچكىرى ئۆيدىن كىمىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ غىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاپام كىمىم تىكىۋېتىپتۇ. مەن ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىپ سورىدىم:

— ئاپا، باللارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئوينىمايدىكەن.

— ۋاي چىرايلىق ساقام، ئۇنداق مەرەزلەر بىلەن بىللە ئوينىمىغانغا بىريېرىڭ كەمتۈك بولۇپ قالامتى. مەن بىلەن ئوينا، مەن بىلەن. قارا مەن ساڭا چىرايلىق كوڭلەك تىكىۋاتىمەن. مەيدىسىگە گۈل كەشتىلەپ بېرىمەن. كېيىپ چىقساڭ ھەممە باللىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كېتىدۇ.

مەن ئاپامنىڭ يېنىدا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، زېرىكىپ يەنە هويلىغا چىقتىم. تالادىن باللارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى ئاڭلاندى. يۈگۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. بىر توپ بالا قوغلاشماق ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زاكىر بىلەن ئىسمەتمۇ بار ئىدى. مەن باللارنىڭ يېنىغا مېڭىۋىدىم، ئۇلار مېنى كۆرۈپلا بىر-بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ يۈگۈرۈشكەن پېتى كېتىپ قېلىشتى. مەن ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. بىر هازادىن كېيىن كەينىمگە قارىسام ئىشىك تۆۋىدە ئاپام قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، كۆزى باللاردا ئىدى. مەن ئاپامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ سورىدىم:

— ئاپا، مەن ئەمدى كىم بىلەن ئوينايمەن؟

ئاپام جاۋاب بەرمەي يىراققا قارىغان هالدا جىم تۇرۇپ قالدى...

ئەسئەت ئابدۇقادىر

# نەسىرلەر

## نۇر

مەن قاراڭغۇدا تەمتىرەپ، تىمىسقىلاپ مېڭىۋاتقان ئادەم، ئەما ھاسىسى بىلەن يول ئىزدىگەندەك. مەندە ھاسا يوق، يېقىملىق بىر سادا قۇلىقىم تۈۋىدە شىۋىرلاپ يول باشلايدۇ. بۇ سادا قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىدىكى ھېسسىيات بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

سادا ماڭا يول باشلايدۇ، يولباشچى چۆلدە كارۋانلارغا يول باشلىغاندەك. يالغۇزمەن دەپ قايغۇرۇپ يۈرمەيمەن. يالغۇزلۇق خۇداغىلا خاس، سادا ماڭا ھەمراھ.

سەلكىن شامال دېڭىزدىكى قولۋاقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرغاندەك، سادا مېنى چاقناپ تۇرغان بىر نۇرغا يېقىنلاشتۇردى. ئاھ، بۇ نۇر شۇنچىلىك گۈزەل، جۇلالىق ئىكەنكى، بىر كۆرۈپلا قەلبىمدىن ۋولقان ئېتىلغاندەك، مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھېسسىياتىم ئۇقچۇپ چىقتى. گويا ھەممە ياقتا يانار تاغ پارتىلىغاندەك، زېمىن تىترىگەندەك بولدى.

مەن بىر ئۆمۈر تەشنا بولغان نۇرغا ئىككى قولۇمنى سوزۇپ يۈگۈردۈم. شۇ سېكۇنت ئالدىمدا قولدىن توسۇقلار ئاپىرىدە بولۇپ ئۆتەر يولۇمنى توستى.

— ھەي بەدبەخت، قايت ئارقاڭغا! ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ يولىنى تۇت!

— بۇ نۇر جەھەننەمدىكى ئوتنىڭ ئۇچقۇنى. ئالغا چامدىغۇچى بولما، دوزىخى.

— دوزىخى، دوزىخى بولسەن.

سەۋرى-تاقىتىم چېكىگە يەتتى:

— ھەي قۇللار، ماڭا يول بوشىتىڭلار! ئوغۇز سۈتى ئېمىۋاتقان بوۋاقنى ئانىسىدىن ئايرىغاندەك يېغىدىن يۈرەك باغرى قۇرۇپ كەتكەن مىڭلىغان ئىنسانلارنى بۇ نۇردىن ئايرىدىڭلار، ئەمدى مېنىڭ بۇ قاراڭغۇ جەھەننەملەردا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ماڭا ئاشۇ يورۇق دوزاخ كېرەك!

مەندە نۇرنىڭ جىلۋىسىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان غالىبلارغا خاس مەردانىلىق ۋە ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان كۈچ ئالدىدا بۇ «توسۇق» لار ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. مەن نۇرغا قاراپ ئۆزۈمنى ئاتتىم. شۇنداق بىر ندا تۈن قوينىغا كىرىپ غايىب بولدى:

— تۈزكور، تۈزكور، تۈز كور.

## ئەرشتىكى ھەقىقەت

ئەرشتىكى ئىككى ئەجەل پەرىشتىسى ئاسمان پەردىسىنى قايرىپ، شىۋىرغانلىق جۇت سوغۇقتا بىھوش ياتقان زېمىنغا كۆز تىككىشتى. ئۇلار پانىي ئالەمدىن ۋاقىت - سائىتى توشقان ئىككى جاننى باقىي ئالەمگە ئېلىپ كەتمەكچى.

ئۇلار نەشتەردەك قاتتىق سوغۇقتا يىرتىق پالاسنى يېپىنچا قىلىپ تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بىر كىشىگە قاراشتى. بۇ كىشىنىڭ غەلۋىردەك ئۆتمە - تۆشۈك يېلىڭ كىيىمىدىن كىرگەن سوغۇق شۇنچىلىك ئاچچىق ئىدىكى، ئۇنى لاغ - لاغ تىترىتىپ تولغاندۇراتتى. كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە، تارشىدەك قاتتىق، ئورۇق قوللىرىنى يېقىن ئەكىلىپ ئىسسىتىشقا ئۇرۇناتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھور چىقماي كۆچمىنىپ قىلغان ئەمگىكى زايا كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئېغىزىدىن بىر بۇردا نان سالمىغلى بىرنەچچە كۈن بولغانلىقى چەقىپ تۇراتتى. ئۇ كىملەرگىدۇر شۇنداق زەئىپ ئاۋازدا نىدا قىلاتتى:

— ئاھ، ئەزىز ئىنسانلار، سېخى كۆزلىرىڭلار بىلەن ماڭا نەزەر سېلىڭلار، بى قۇۋۋەت تەنلىرىمگە قاراپ ئىنچىكىلارنى ئاغرىتىڭلار، ئىنسان بولغانلىقىم ئۈچۈن، بىر بۇردا نان، بىر قەترە سۇ ئاتا قىلىڭلار! بۇ رەھمىتىڭلار بەدىلىگە بىر ئۆمۈر قۇلۇڭلاردۇرمەن.

بۇ نىداغا زەك سالغان پەرىشتىلەر لەنەت ياغدۇرۇشتى:

ئاللانىڭ قولى تۇرۇپ، ئىگەمگە يېلىنماي، ئىنسانلاردىن سەدىقە تىلىگەن بۇ مۇناپىق دوزىخى بولسۇن! — دېيىشتى.

دەل ھېلىقى نامرات ئاچلىق، سوغۇق ئازابىدىن پېغانلىق ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقاندا، ھەشەمەتلىك ئۆيدە تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركىنىپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە پەرىشتىلەرنىڭ كۆزى چۈشتى. بۇ كىشى گۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى غىزالارنى بەھۇزۇر يېمەكتە. كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچرىغان، رەزىللىك، شۇملۇق بەدىلىگە قىشنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلىرىدىن ئۆتمىدىغان سوغۇقىنى سەزمەي كەلگەن بۇ ئىنسان دۇئاغا قول كۆتەردى:

— ھەي، ھەممىگە سېخى كۆزلىرى بىلەن قارايدىغان، يېتىم - يېسىر، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ باش پاناھى قادىر ئىگەم، كۆرسەتكەن كۈنلىرىڭگە مىڭ قەترە شۈكرى.

بۇ دۇئاغا زەن سالغان پەرىشتىلەر بىر - بىرىگە خۇشال بېقىشىپ:

— ئاللانىڭ ئاتا قىلغان ھەممە نېمىلىرىنى بىردەممۇ ئۇنۇتمىغان بۇ مۆمىن ئىنسان جەننەتتى بولسۇن! — دېيىشتى - دە، ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، چىقىرىلغان ھۆكۈملىرىگە مەمنۇن بولۇشقان ھالدا ئاسمان پەردىسىنى يېپىشتى.

## چۈش

مەندەك بىر ئاددىي ئىنساننىڭ قايسى تۆھپىسىگە، قايسى ئەقىدىسىگە تەگىرىنىڭ ئىنئام ئاتا قىلغۇسى كېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ساما ھەم زېمىننىڭ

ئەركىنسى — بۇركۈتكە ئايلىنىپ قالدىم.

مەن قانىتىمنى شۇنداق بىر ئۇرۇۋىشۇمغا ئۆزۈمنى كۆك قەھرىدە كۆردۈم. خۇشاللىقتىن جىسمىمدىن ئىسسىق ھارارەت تەپچىپ چىقىشقا باشلىدى. قەبىھلىك غۇرۇر ھېسابلىنىدىغان ئىنسانلار دۇنياسىدا بۇنچىلىك شادلىققا مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. ھاياجىنىمنى باسالماي شۇنداق نەرە تارتتىمكى، ساما گۇرۇلدەپ، زېمىن تىترەپ لەرزىگە كەلدى. مەن قاقاقلاپ كۈلدۈم، كۈلكەمگە قۇياش ئاغزىنى ئويىماقتەك ئېچىپ دەستە-دەستە نۇرلار تۆكۈپ جور بولدى، زېمىن ئىللىق چىرايى بىلەن باقتى.

— بۇ پايانسىز ئاسمان ماڭىلا تەئەللۇق، — دەپ توۋلىدىم، بۇنىڭغا قارشى جاۋاب بولمىدى، مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھېسسىياتىمنى باسالماي كۆككە تېخىمۇ ئۇقچۇپ چىقتىم، زېمىنغا ئېتىلدىم، قانىتىمنى كېرىپ مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇردۇم. مەن جاھان كېزەر بولدۇم.

سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىۋاتقان دەريالاردىن، قارىغاي، ئارچا بىلەن ئورالغان تاغلار-جىرالاردىن ھالقىپ ئۆتتۈم. ئۇ يەرلەر نېمىدېگەن غېرىبانە!؟

تۇرخۇنلىرىدىن تۇرۇم-تۇرۇملەپ ئىس چىقىرىپ، بەھەيۋەت بىنالارغا ئىسرىق سېلىپ تۇرغان چوڭ شەھەرلەردىن ھالقىپ ئۆتتۈم. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇۋغا چىققان چۈمۈلىلەردەك ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراپ ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرۈشىدىكەن. گۈزەللىك بىلەن ئورالغان جاھانغا قاچانمۇ نەزەر سېلىشار؟

ئېتىز-ئېرىق، باغلاردىن ھالقىپ ئۆتتۈم، ئۇ يەردىكى دېھقانلار تىنىم تاپماي ئىشلەۋېرىدىكەن، جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى قاچانمۇ كۆرەر؟

زەڭگەر رەڭلىك دېڭىزلاردىن ھالقىپ ئۆتتۈم. دېڭىزلار ماجالسىز چايقىلىپ ئېگىرىماقتا، قانداق كۈچتۇر ئۇنى شۇنچە بىچارىلەشتۈرگەن؟

مەن ئوت-چۆپلەر، گۈل گىياھلار بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسۈۋاتقان بىر گۈزەل چىمەنزارلىققا كېلىپ توختىدىم. بۇ چاغدا شۇنداق بىر ئويۇن — قۇشلار بىلەن قۇشلار، ھايۋانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئەشەددىي قىرغىنچىلىق بولۇۋېتىپتۇ. قۇشلارنىڭ پەيلىرى چىمەنزارلىق ئاسمىنىنى بىر ئېلىپ لەيلەپ يۈرمەكتە، تەنلىرى زېمىنغا چۈشمەكتە. ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلار قانلاردىن ھۆسنىنى بويىماقتا، قۇشلار بىر-بىرىنى يېيىشمەكتە. بۇ ئويۇننى كۆرۈپ، قېنىم قىزىپ، مەنمۇ قاناتلىرىمدا ئالدىمغا كەلگەن قۇشلارنى ساۋىدىم. توشقان، بۆكەن... خورازلارنى ئۆتكۈر تىرناقلىرىمدا قاماللاپ يەر چىشلەتتۇردۇم. بۇ قىرىشتىن شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىمكى، كۈچتۈڭگۈرلىكىم تۇتۇپ ئالدىمغا كېلىۋاتقان يولۋاسقا ئېتىلدىم. ئۇ چاقچاقانلىق قىلىپ قۇيرۇقى بىلەن شۇنداق بىر سېلىۋىدى، ئاغرىقتىن «ۋايجان» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. تەنلىرىمدە پۈژۈلداپ تەر ئاقماقتا، يۈرىكىم شۇركىنىپ ئاغىماقتا، مەن ئىككى قولۇمدا كۆكرىكىمنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ شۇنداق نىدا قىلدىم:

— ھەي تەڭرىم، شۇ ھىممەتلىرىڭنى زىنھار كۆرسەتمىگەيسەن. مۆمىن بەندىلىرىڭنى ئاسايىشلىقتا ياشىغىلى قوي!

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن).

سەيپىدىن ئەزىزى

## رۇبائىيلار

1

قان- تەر بىلەن، ئەجرىم بىلەن يارالدى «سۇتۇق»①
ئارمانىم، ئۈمىدىم، سۆيۈنچۈم، ئۇ توق.
«بۇغراخان»② غۇرۇرۇڭ، ماختانما، بىراق،
ئەزىزى كۆتىدۇ سېنى جىق ئۇتۇق.

2

تەر تۆكۈپ ئۆستۈرسەڭ كۆچەت نە ئارمان،
چېچەكلەپ مېۋىلەر بېرىدۇ ھامان.
باغۋەننىڭ ئوغلىمەن، بوۋاممۇ باغۋەن،
باغۋەن بوپ ئۆتىمەن بولسىلا دەرمان.

3

ئەل بەردى ساڭا نان- تۇز، سەن نېمە تۇتتۇڭ؟
قىلدىڭمۇ ۋاپا، يا بولمىسا ئۇنى ئۇنۇتتۇڭ؟
باغلارغا بوپ باغۋەن، سۇندۇڭمۇ ئانار،
يا بولمىسا نوتىلارنى سۇسىز قۇرۇتتۇڭ؟

4

ئېلىڭنىڭ تۇزنى يېگەيسەن ھالال،
تۇزچىنىڭ ئالدىدا بولمىغىن مالال.
تۇپاڭدىن مەي ئۈچۈن ياسالسا كوزا،
تۇزى يوق تۇپراقتىن پۈتمىگەي ساپال.

5

تۇنۇگۇننى ئۇنۇتما، جەۋھەرنى تاللا،
مېغىزىنى قەدىرلە، شاكىلىنى شاللا.
ئەتىكى يول پارلاق، مۈشكۈلدۇر بىراق،
جۈرئەت قىل، پەللىدە يايرايدۇ جانلار.

6

ھېيدى ئۇ: «ئۆمۈر پۇل، بەخت دېگەن پۇل،
بەختنى ئىزدىسەڭ ئالتۇن تاپ، باي بول».
دېدىم مەن: «پۇچەك پۇل بەرمەيدۇ بەخت،
ئىرادە، ئىلىمدىن ئۆمرۈڭگە سال يول.»

7

«ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەن بىمەنە،
«ئۆزگىنى بىل، ئۆزۈڭنى قوي» دەيدۇ چىن دانا.
ئۆزگە ئەگەر بولمىسا، بولماستىڭ ئۆزۈڭ،
ئۆزگە ئۈچۈن ياسىساڭ باغ، ئۆزۈڭمۇ رەنا.

8

ئازغىنا ئەجرىڭگە قىلما تەمانىنا،
ماختانچاق ھېچقاچان بولالماس دانا.
ئەجرىڭنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك،
خالايىق بەرگۈسى ئورۇنلۇق مەنا.

9

بوۋاڭنىڭ سۆزىنى ئورۇنسىز يەشمە،
غەيرىيلەر تىلىدىن سۆز قوشۇپ ئەشمە.
ئەشمەڭنى خالايىق چۈشەنمىسە گەر،
يەشمەڭگە كەتمەسمۇ يەنە بىر يەشمە.

---

①،② ئاپتورنىڭ نەشرىدىن چىققان «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ- تەھرىر.

10

نان بەرگەن، تۇز بەرگەن، قوينىغا ئالغان،
قەدىردان ئېلىڭنى ئاسرا، ئەي پالۋان.
سۈت بەرگەن، باغرىغا بېسىپ ئۆستۈرگەن،
ۋاپادار ئاناڭغا ۋاپا قىل ئوغلان.

11

ئانا تىل يولىغا قازمىغىل قانال،
خالايىق ئۆتەلمەي بولمىسۇن مالال.
سۆزۈڭنى كىشىلەر چۈشەنسۇن دېسەڭ،
خەلقنىڭ تىلىنى قىلمىغىل قامال.

12

گۆھەرنى تاش ئورنىدا ساتقانمۇ بارمۇ؟
خەس ئورنىدا خارلاپ يەرگە ئاتقانمۇ بارمۇ؟
يەشمىلەرنى چۈشەنمىسە كىملەر ئەيىبكار؟
«بىلىمسىز» دەپ خەلققە گۇناھ ئارتقانمۇ بارمۇ؟!

13

ئايا دوست، قەدىردان دوستۇڭنى سەن بىھۇدەزار قىلما،
ساڭا قىلغان ئەقىدە، رەنجىتىپ نامەردكە خار قىلما.
پادا باقاندا ئۇ سەن بىلەن تەڭ ئوخشاش جاپا چەككەن،
ياڭاق چاقاندا ئۇنتۇپ، سەن ئۇنى ئىزدەشنى ئار قىلما.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى).

**ماموت زايىت**

## زۇمرەت يول

بۇ زېمىن يېشىللىق ئۈزلۈك باغچىسى،
تەبىئەت ھەم ئىنسان جۈپ ساھىبجامال.
بۇ زېمىن تۈگىمەس ئىپار قاچىسى،
پۇركۈيدۇ ئىپارنى ھەر ياققا شامال.

رەڭلىك نۇر، ئاق، سېرىق، قىزغۇچ، كۆك، يېشىل،
چاقنايدۇ دەرەختە، يولدا، ئۇپۇقتا.
بېزەپتۇ ئۇن بارماق بۇ يەرنى ئېسىل،
خىلمۇخىل نۇسخىلىق گىلەم يوپۇقتا.

بىپايان بۇغدايلىق، شاللىقا قارا،
مەۋج ئۇرۇپ ئۈركەشلەر يازنىڭ سەلكىنى.
ئويلايسەن كۆچۈپتۇ مۇشۇ يۇرت ئارا
گويا كى دېڭىزنىڭ زۇمرەت دولقۇنى.

ئوقيادەك ئەگرى ۋە تۈپتۈز ئوق كەبى،
يول، ئېرىق، ئۆستەڭدە مەرمەر جۇلاسى.
مەجنۇنتال شاخلىرى يۇمران ۋە سەبى،
شاخلاردا، قىرغاقتا قۇشلار ناۋاسى.

مېۋىلىك باغ چۈشەپ كۆزلۈك تويىنى،
بال - شەربەت يىغىدۇ زۇمرەت قاچىغا.
تويغان خاس بېزەشكە دەرەخ بويىنى،
ئالدىرار زەر كىيىم، گۆھەر تاجىغا.

باغلارنىڭ ھۆسنىدىن رەڭ ئالغان ئاسمان،
قۇياشنى كۆز قىلىپ قارايدۇ يەرگە.
كاككۇكلار ئوقۇيدۇ يېڭىچە داستان،
تولار دەپ نامراتلار خۇرجۇنى زەرگە.

كېلىمەن باغچىنىڭ① يولىدا خۇشال،
بېشىمغا كۈن چۈشمەس كەيمەيمۇ قالپاق.
ئەگمە قاش باراڭغا يامىشىپتۇ تال،
يېشىللىق دۇنياسى ھەر ئىككى قاسناق.

ۋىلىقلاپ كۆلدۇ يېشىل ياپراقلار،
كۈن بويۇن سوزىدۇ ئۇنى كۆرۈشكە.
خىل، بۇلۇق، جۇلالىق زۇمرەت ساپاقلار-
كەل دەيدۇ باش كۆزدە لەززەت سۈرۈشكە...

سەيلە ۋە خىزمەتتە ماڭدىم بۇ يولدىن،
نەچچە كۈن، نەچچە كۈن ... تۇگىمەس
ئەمما.
خىزىردەك بىر بوۋاي چىقىپ ئۇدۇلدىن،
گەپ قىلدى، يېشىلدى شۇندا مۇئەممما:

«جەننەتنى ئەرشتە دېگىنى غايە،
ئۇ مەۋجۇت قانداقچە بوشلۇق سامادا؟
ياز، ئوغلۇم، بۇ ھەقتە داستان-ھېكايە،
بىز ئۇنى قۇرماقچى رېئال دۇنيادا.

باغچىنىڭ بۇ يولى ئۇپۇققا تۇتاش،
لال-ھەيران سەيياھلار بىزنىڭ قۇدرەتكە.
غالىبكەن غايىلىك ئىنسان ۋە قۇياش،
بۇ يولدىن بارىمىز ئىقبال-جەننەتكە.»

ئويلىدىم: ئاسانمۇ، قىلماق تال-باراڭ،
نەچچە يۈز چاقىرىم يېزا يولىنى.
ئەرزىيدۇ ئۇلۇغلاپ داستان ياراتساڭ،
باغچىلىق دېھقاننىڭ قاداق قولىنى ...

*　　　*

كېلىمەن يېزىنىڭ يولىدا خۇشال،
ۋىلىقلاپ كۆلدۇ يېشىل ياپراقلار.
ئەگمە قاش باراڭنى قۇچاقلىغان تال،
يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ زۇمرەت ساپاقلار ...

(خوتەن دېھقى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

① خوتەننىڭ باغچە يېزىسى.

## 7 - سانغا تۈزىتىش

| بەت | كالونكا | قۇر |  | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
|  |  | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن |  |  |
| 29 | 1 | — | 6 | نۇراپ ساۋۇت | تۇراپ ساۋۇت |
| 38 | 2 | 16 | — | پوكۇلتېتىغا | فاكۇلتېتىغا |
| 87 | — | 14 | — | ئېلىۋېلىپ | ئېلىۋېتىپ |
| 120 | 2 | 7 | — | جېكى | چېكى |
| 134 | — | — | 4 | ئىدارىسى | ئىرادىسى |
| 142 | — | 1 | — | «بىر ئەسەر تەبھالىق» | «بىر ئەسىر تەنھالىق» |
| 143 | — | — | 3 | پېرسونالارنىڭ | پېرسوناژلارنىڭ |
| 143 | — | — | 5 | پېرسوناۋ | پېرسوناژ |
| 148 | — | 9 | — | ئايلانرۇش | ئايلاندۇرۇش |

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ماخمۇتجان ئىسلام

### ئىسلاھاتچىغا خاس روھنى يېزىلغان ياخشى ئەسەر

يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «خەير - خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان) ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، ھاياجىنىمنى بىرقانچە كۈنلەرگىچە باسالمىدىم.

مەن بۇ ماقالەمدە ھېكايىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ھەققىدە بولۇپمۇ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى قىسقا بىر پارچە ماقالىدە بىر ھېكايىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش قىيىن. مەن ھېكايىدىكى مېنى ھاياجانلاندۇرغان مۇنداق بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە ئۆز قارىشىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن: بىرىنچى، يازغۇچىنىڭ ئىسلاھات دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھاتچىغا خاس يېڭى روھ، يېڭى ئىدىيە، زامانىۋى تونۇش تۇرغۇزۇپ، دادىللىق بىلەن ئىجاد قىلغانلىقى؛ ئىككىنچى، يازغۇچىنىڭ ئىسلاھاتقا توسقۇن بولۇۋاتقان مۇھىم ئامىلنى چىڭ تۇتۇپ، رېئاللىقنى تىپىك ۋەقە، تىپىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ۋە «تېگىپ كېتىش» مەسىلىسى؛ ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى.

* *

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلاھات دەۋرىنىڭ چىنلىقىنى ئىپادىلەشتە، تۈپتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئانچە زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىدى. ئەدىبلىرىمىز ئىجابىي تەرەپلەرنى كۆپرەك مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلاھات داۋامىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان، خېلى يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خاتا خاھىش، قاتمال، بىنورمال قاراشلارنى پاش قىلىشقا ۋە ئۇلار ئۈستىدە تېگىشلىك تەنقىدىي تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا دېگەندەك جۈرئەت قىلالمىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەدەبىياتىمىزدا روشەن، ئومۇمىي گەۋدىلىك بوشلۇق بولمىدى. بۇ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىسلاھات

ۋە ئېچىۋېتىشنى دېگەندەك ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكى، ئىدىيەدە تولۇق ئازاد بولالمىغانلىقى، ئىسلاھاتچىغا خاس روھ، يېڭى ئىدىيە، زامانىۋى تونۇش تۇرغۇزالمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەدەبىيات دەۋر روھىنىڭ ئىپادىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. ئەدەبىي ئىجادىيەت رېئاللىق بىلەن تۇرمۇش ئېقىمى بىلەن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، يەنى ئۇ تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ كۈچى ۋە ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىگە تايىنىپ، بۇ بىر تارىخىي سەۋىيىگە قەدەم قويىدۇ. بۇنىڭدا، شەك - شۈبھىسىزكى، ئەدىبلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ رېئاللىقى — ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش رېئاللىقى. مانا مۇشۇنداق رېئاللىقتا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات داۋامىدا مەيدانغا چىققان ئىسلاھاتچىلار ئوبرازىنى يارىتىش نەزەرىيە، ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بىز دەۋاتقان ئىسلاھات — «جۇڭگونى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى، كىشىلەرنىڭ چىن ئارزۇسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى» بولغان ئىسلاھات؛ كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى، قالاقلىقنىڭ ئورنىغا ئىلغارلىقنى، كونسېرۋاتىپلىق ۋە بېكىنمىچىلىكنىڭ ئورنىغا كەڭ ئېچىۋېتىش - قويۇۋېتىشنى، قاتماللىق ۋە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ئالغا ئىلگىرىلەشنى دەسسىتىدىغان ئىسلاھات. شۇڭا، ئەسەرلىرىمىزدە يارىتىلىدىغان ئىسلاھاتچىلار ئادەتتىكى ئىلغار شەخسلەر ئەمەس، بەلكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەتلىك ۋە ماھىر ئىسلاھاتچىلاردۇر. دۇنيادا ئاز - تولا ياخشى ئىش قىلىپ قويىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئەمما جەسۇر، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىدىن قايتمايدىغان، شۇ يولدا ھەممىنى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس. ھالبۇكى، پەقەت مانا شۇنداق ئادەملەرلا ئىسلاھاتچى بولالايدۇ. ئۇلاردىكى ئاساسىي روھ كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تىكلەشتۇر. نۇقسانىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ يىللار داۋامىدا ئاڭغا سىڭىپ كەتكەن، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس. نۇقسانىنى بىلمەي تۇرۇپ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ. تونۇغاندىن كېيىن جۈرئەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىسا، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ھۆكۈم قىلىش ۋە ئاڭلىقلىقنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە ھۇجۇم قىلىش روھى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكمۇ بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇلار ئىسلاھاتچىلارنىڭ قورساقتىكى ئۇمىچى، خاراكتېرى، غايىسى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن ئەڭ مۇھىمى، بۇلار ئىسلاھاتچى تىكلىگەن ئەڭ يېڭى ئىدىيەدىن كېلىدۇ.

ئىسلاھاتچىلار رېئاللىقتا دەۋرنىڭ ئەڭ پايدىلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھەتتا كەلگۈسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدە دەۋرنىڭ يېڭى بىر ئىدىيىسىنى تىكلەيدۇ. مانا شۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا يازغۇچىلار ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، غايە ئارزۇسىنىلا يېزىپ قويسا بولمايدۇ. مۇھىمى، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىدىيىسىنى يېزىشى

كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىدا زامانىۋى تونۇش، ئىسلاھاتچىنىڭكىدەك يېڭى ئىدىيە بولۇشى كېرەك.

زامانىۋى تونۇش، يېڭى ئىدىيە قۇرۇق سۆز بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا گەۋدىلەنگەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئاڭلىقلىقى، ھازىرقى زامان خوجايىنلىرىنىڭ تارىخ پەللىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ، ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىيات، سىياسىي، ئىقتىسادىي ھالەت، ئادەملەرنىڭ تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرى، روھىي، ئەخلاقىي قائىدە - پىرىنسىپلار ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ يېڭى تونۇشى، شەكىللەندۈرگەن ئەڭ يېڭى چۈشەنچىسىدۇر. ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە، مەيلى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرسۇن، ئۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق ئوخشاشمايدىغان نۇقتىلار ۋە تەرەپلەردىن زامانىۋى تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشىغا ئىلھام بېرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىنى تېپىپ چىقسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان ياخشى تەرەپلەر ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان يامان تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلىسە، ئەسەردىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىش ساداسىغا كەڭ كىتابخانلار ھۇررا توۋلاپ قوشۇلىدۇ.

يولداش ئەخمەت تۇردى «خەير - خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان»نى يېزىش ئارقىلىق ئىسلاھات دەۋرىنىڭ يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش — زامانىۋى تونۇش، يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزۇش جەھەتتە ناھايىتى زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۈكىلاشقا، ئۇ بۇ ھېكايىسىدا ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان، پارتىيە ئىستىلىنىڭ پاكلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان يامان بىر ئىللەتنى پاش قىلالىدى، ياسىن، لاۋلىياگىدەك ئىسلاھاتچىلارنىڭ قاتتىق بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقى، مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى جۇرئەت بىلەن ئاشكارىلىيالىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزى ئەسەرلەرنى شۇنداقلا بىر ئوقۇپ چىقسىڭىز ئالاھىدە يېڭىدەك، ئۆزگىچىدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما تەپسىلىي ئوقۇپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسىڭىز، ئۇنىڭدا كىتابخانىغا يەتكۈزۈلۈۋاتقىنى يەنىلا شۇ كونا ئېستېتىك تونۇش، كونا ئېستېتىك غايە. بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ يازغۇچىدا زامانىۋى تونۇش، يېڭى ئىدىيە بولمىغانلىقى، ھەتتا مۇنداق ئەھۋالمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ: تۇرمۇشىمۇ بىر، يازغۇچىمۇ بىر. ئەمما تونۇش، ئىدىيە ئوخشاش بولمىغاچقا، يارىتىلغان ئەسەرنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى خېلى كۆپ ھېكايىلىرىمىزدا، دەرۋەقە، يېڭى نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ ئۇلارنى ئوقۇپ ئېرىشكىنىمىز يەنىلا شۇ كونا ئادەملەر. ئۇ ئادەملەر 50 - يىللار، 60 - يىللار، ھەتتا 70 - يىللاردىمۇ بار ئىدى. ئەمما بىزنىڭ «خەير - خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان» دىن كۆرگىنىمىز، دەۋرىمىز خوجايىنلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناۋاتقان غايەت ئېسىل گۈزەللىك. بۇ ئەسەرنىڭ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بەرگىنى كىشى قەلبىنى تىترىتەلەيدىغان، كىشىنى مەھلىيا قىلالايدىغان بىر بەدىئىي دۇنيا. بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تۇرمۇشنى نۇرلۇق كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ئاجايىپ ئېسىل

قاشتېشىنى تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن بەدىئىي نۇر چاقناپ تۇرغان ئېسىل ھەيكەل ئويۇپ چىقىرالمايۋاتىدۇ. بۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ھالنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئاساسلىقى، ئەدىبلىرىمىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ كەتمىدى، زامانىۋى تونۇش يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزالمىدى.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش ھەرگىز قۇرۇق شوئار ئەمەس. بىز دەۋاتقان ئىدىيىدە ئازاد بولۇش خۇددى يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىمىزنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تارىخىي شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن خىيالىي ئامىلدىن خالىي بولالمىغان ئايرىم ھۆكۈملىرىنى دادىللىق بىلەن تاشلىۋېتىش دېمەكتۇر، ماركسىزم توغرىسىدىكى دوگما چۈشەنچە ۋە ماركسىزمغا ئاتاقتا قوشۇلۇپ قالغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش دېمەكتۇر، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ، يېڭى مەنزىلگە قەدەم قويۇش دېمەكتۇر، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە بېقىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش دېمەكتۇر. نۆۋەتتە ئىجادىيەتتە مۇھىم بولۇۋاتقىنى يازغۇچىلاردا كونا قاراشلارغا، يارىماس ئەنئەنىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، سوغۇق مۇئامىلىدىن، ئۇقۇشماسلىق بولۇشىدىن، بۇرمىلاشتىن قورقمايدىغان جاسارەتنىڭ بولۇشىدۇر. يازغۇچى ئەخەت تۇردى «خەير - خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان»نى يېزىشتا مانا مۇشۇ جەھەتتە دادىل قەدەم تاشلىغان.

* *

«خەيرى - خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان» دېگەن بۇ ھېكايىدا رېئال تۇرمۇش دادىللىق ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي مۇنداق دەيدۇ: «... سەنئەتنىڭ مەقسىتى گۈزەل نەرسىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش؛ ئەسكى نەرسىلەرنى — ئادەمنى يىرگىندۈرىدىغان ۋە سەتلەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ يىرگىنچلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئادەملەردە چاكىنىلىق ۋە ئاچكۆزلۈكتەك مىشچانلىق ئادەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك، شەرمەندە نەرسىلەرنى يوقىتىش ئىرادىسى پەيدا قىلىشتۇر. سەنئەتنىڭ ماھىيىتى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت كۆرەشتۇر. ھېچ نەرسە بىلەن كارى يوق سەنئەت يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئادەم فوتو ئاپپارات ئەمەس، ئۇ رېئاللىقنى سۈرەتكە تارتمايدۇ، بەلكى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىدۇ، يوقىتىدۇ.» دېمەك، ئەدەبىيات - سەنئەت رېئاللىققا بىر جەڭگىۋار جەڭچى سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ. ئۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھالدا ياشىيالمايدۇ. خوش، بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىز نېمە؟ بىز زادى ئۇنى قانداق ئەكس ئەتتۈرىمىز؟

بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپ-

كى باسقۇچى، — دەيدۇ يولداش جاۋزىياڭ، — نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇش باسقۇچى؛... ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچى؛ ئومۇمىي خەلق جاسارەتكە كىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش باسقۇچى.» بۇ باسقۇچنىڭ مۇقەددەس تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق غەلدە - غەشلەرنى تازىلاشقا، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق نۇقسانلارنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىشكە توغرا كىلىدۇ. بىز ئازغىنە كەم قىرىق يىللىق تىرىشىش، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئون يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇنىڭغا ھىچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. ئەمما بىزدە ھىلھەم نۇرغۇن نۇقسان، يېتەرسىزلىكلەر بار. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقان ئامىللارمۇ خېلى بار. كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. خۇددى يولداش جاۋزىياڭ كۆرسەتكەندەك: «ھازىر كەڭ ئامما كۆپرەك قايناۋاتقان، بەكرەك نارازى بولۇۋاتقان مەسىلە شۇكى، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ بەزى رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋاتىدۇ... بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىدا باج ئوغرىلاش - باج تاپشۇرماسلىق، ئەتكەسچىلىك قىلىش، پارا بېرىش - پارا يېيىش، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، قاقتى - سوقتا قىلىش، خىيانەتچىلىك - ئوغرىلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى ۋە ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى ئاشكارىلاش، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش، ئەخلاقتا بۇزۇلۇشقا ئوخشاش ئەھۋاللار تەكرار يۈز بېرىپ كەلدى.» ① مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا جىددىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدىغان ئەدىبلەر قول قوشتۇرۇپ تۇرالامدۇ؟ ياق. چۈنكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت پۈتكۈل ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، «ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلقنى ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىلىشى... ھەمىشە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىدىغان خاتا خاھىشلاردىن ھوشيار بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى باشقا خىزمەتلەر

① جاۋزىياڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 91 - ، 92 - بەت.

بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، خەلقنى ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خاھىشلارنىڭ خەۋپىنى تونۇشقا، ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ خاتا خاھىشلارنى چەكلىشكە، ئەيىبلەشكە ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا يېتەكلىشى لازىم.①»لىقىنى ھەرگىز ۋە ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويالمايدۇ. چۈنكى ئەدەبنىڭ بۇرچى گۈزەللىكنى كۈيلەش، رەزىللىككە لەنەت ياغدۇرۇشتىن ئىبارەت. تۇرمۇشتا يورۇقلۇقمۇ بولىدۇ، قاراڭغۇلۇقمۇ بولىدۇ، گۈزەللىكمۇ، رەزىللىكمۇ بولىدۇ، ئۇتۇقمۇ، نۇقسانمۇ، يېتەرسىزلىكمۇ بولىدۇ. ئەدەب گۈزەللىكنى كۈيلەۋاتقاندا، گەرچە ئۇ رەزىللىكنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، رەزىللىككە لەنەت بىلدۈرۈۋاتقان بولىدۇ. رەزىللىككە لەنەت بىلدۈرۈۋاتقاندا بولسا، ماھىيەتتە گۈزەللىكنى كۈيلەۋاتقان بولىدۇ. ئەدەب جەمئىيىتىمىزدىكى شان - ئۇتۇقلارنى كۈيلەۋاتقاندا، يوشۇرۇن ھالدا نۇقسان، يېتەرسىزلىكلەرنى تەنقىدلەۋاتقان، كىشىلەرنى ئۇلارنى تۈزىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان بولىدۇ؛ نۇقسان، يېتەرسىزلىكلەرنى تەنقىدلەۋاتقىنىدا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىمىزدىكى ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى كۈيلەۋاتقان بولىدۇ. ئەدەب پارتىيىمىزنىڭ ئايرىم ئەزالىرىدىكى ناچار ئىستىللارنى، بولمىغۇر قىلىقلارنى تەنقىدلەۋاتقىنىدا، پارتىيىمىزنىڭ توغرا، ئۇلۇغ، دانالىقىنى كۈيلەۋاتقان، ياخشى ئەخلاق، ئېسىل ئىستىللارغا مەدھىيە ئوقۇۋاتقان بولىدۇ. ئەدەبنىڭ گۈزەللىكنى، يورۇقلۇقنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، رەزىللىك ۋە قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلماسلىقى، تەنقىد قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئىسلاھات جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان بارچە كونا نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ئېچىۋېتىشمۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. بىز دەۋاتقان «ئېچىۋېتىش» كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىز بەك سەل قاراۋاتقان «قويۇۋېتىش» دېگەن بىر مەنىسىمۇ بار. بۇ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى قويۇۋېتىش سىياسىتىگە ئوخشاش، جەمئىيىتىمىزدىكى تۈرلۈك نۇقسانلار، يېتەرسىزلىكلەرنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشنى چەكلىمەسلىكنى، «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېننى كەڭ كۆلەملىك ئىزچىللاشتۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يازغۇچى ئەخەت تۇردى مانا شۇنداق روھقا ئاساسەن، «خەير - خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان» دا، رېئاللىقنى تىپىك ۋەقەلەر، جانلىق پېرسوناژلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ياسىن مەلۇم مېھمانخانىغا جىگلى بولۇپ ئىككى سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا «بۇ باشتا قاتتىقراق ناخشا ئېيتسا، ئۇ باشتا ئاڭلىنىدىغان خىلۋەت، كۆجۈم مېھمانخانا»دا «ئۆزى كىچىك ئەمەس، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» بولغان بىر ۋەقە تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانخانىدا بىر قۇر تەكشۈرۈش باشلىنىدۇ. تەكشۈرە - تەكشۈرە، ئاخىرىدا تېلېفونىست ئايالنىڭ «بېشىدا تاجىسى بار» لارنىڭ كېلىنى بىلەن تېلېفوندا ئاز-

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 314 - بەت.

تولا گەپ تەگمشىپ قالغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ ئەسلىدە «يېتىم قوۋۇرغىدىن بولغان» ئىككى ئايالنىڭ ئادەتتىكى تالىشىشى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ يولسىزلىقى تەنقىدىي تەربىيە بىلەن تاماملانسا بولىدىغان ئىش ئىدى. بىراق شۇ مېھمانخانا قاراشلىق يۇرتنىڭ خۇشامەتچى، پرىنسىپسىز كاتتىلىرى بۇ ئىشنى دەرھاللا چوڭ ئىش ھېسابلاپ، «بېشىدا تاجىسى بار» ئاقساقالنىڭ كېلىنى ليۇ خېنىمغا: «ليۇ خېنىم، كەچۈرگەيسىز، سەۋەنلىكنىڭ ھەممىسى بىزدە... سىزگە مىنىڭ مەرتىۋە ناماقۇل بولىمىز...» دەپ خۇشامەت قىلسا، ياسىنغا: «بۇ سىلەرنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەڭلەردىكى ناچارلىق! ھېلىقى تېلېفونىستقا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ! ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرۈش كېرەك! ئۇنداق بىشەم هازازۇللارنى بۇ يەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ! بۇ يەر دۆلەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ، چەت ئەللىك مېھمانلارغىچە چۈشىدىغان مۇھىم جاي. سىز بۇ يەرگە يېڭى چىقتىڭىز، بۇ قېتىم تېلېفونىستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش— سىز ئۈچۈن بىر سىناق!» دەپ زورلۇق قىلىدۇ، مۇقام بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ياسىن نېمە دېيەلىسۇن؟ بىر تەرەپتە «ئاقساقالنىڭ كېلىنى»، بىر تەرەپتە يۇرتنىڭ ئىككى كاتتىسى تۇرسا، ئۇلار: «قورقماي ئىشلەۋېرىڭ، رەھبەرلىك يار- يۆلەكتە بولىدۇ!...»، «تەشكىل سىزنى قوللايدۇ، دادىل ئىسلاھات قىلىڭ!...» دەۋاتسا، ئۇ ئۆزىمۇ «ئىسلاھاتنىڭ بورىنى بارلىق غەلىدەغەشلەرنى تازىلاشقا قادىر...» دېگەن ئىشەنچتە بۇ يەرنىڭ ئىشىنى ياخشى تۈزەپ، ئۆز رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇن قىلىپ چىقىشقا كەلگەن تۇرسا، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە بەرمەيدۇ. ئۇ مۇشۇ بىر ئىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا يول ئاچماقچى بولىدۇ. ئۇ تېلېفونىستنى يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ. بۇ ئىش «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا، جىددىي ۋەزىيەت» شەكىللەندۈرىدۇ، «ھەمىشە كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا بولۇپ، قەلبى ئۆگدەپ قالغان، قولىنىڭ ئۈچىدىلا ئىشلەپ، بىخەستەلىك قىلىدىغان، سەپداشلىرى ئىچىدە بىشەملىك، زوۋاندازلىق قىلىپ، ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدىغان كىشىلەر چۆچۈگەندەك، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك» بولىدۇ. بىراق بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر ئالدىدا مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ، سۇ يىلىنىدەك يالۋۇرىدىغان، ئۆزىدىن ئاجىزلارنى «خۇددى خېمىردەك خالىغانچە ئەيلەپ - چەيلەيدىغان» كاتتىلار ياسىن جىگىنىڭ ئالدىدا سۈرلۈك ھەم سوغۇق چىراي ھالدا پەيدا بولىدۇ - دە، سورۇن تاللاشتىكى ئۇستاتلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ھېلىقى تېلېفونىستقا «ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرۈش كېرەك! ئۇنداق بىشەم، هازازۇللارنى بۇ يەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ!» دەپ ۋارقىراشقانلىرىنى ئۇنتۇپ، «جاڭ شياۋلىغا كۆرۈلگەن چارە مۇۋاپىق بولماپتۇ»، «شۇ ئىشقىمۇ بۇنچە ئېغىر چارە كۆرگەن بارمۇ؟»، «ئىجابىي تەربىيە بەرسەڭلار بولاتتى» دەپ گۇركىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جاڭ شياۋلىغا ھېچقانداق «ئېغىر چارە» كۆرۈلمىگەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنغا يۆتكىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. مۇشۇنىمۇ «ئېغىر» چارە ھېسابلىغان كاتتىلار ياسىننى «قارارنى ئۆزگەرتىڭ!»،

«قارار دېگەننى ئادەم چىقىرىدۇ، ئۆزگەرتسە بولۇۋېرىدۇ...» دەپ قىستايدۇ. ھاياتنىڭ سىرلىق تېپىشماقلىرىنى دەماللىققا يېشەلمەي قالغان ياسىن: «دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك مۇرەككەپ، شۇنچىلىك سىرلىقمىدۇر؟ ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاشۇنداق فەلستە، ئۆمۈچۈك تورىدەك باش-ئايىغى يوق تىلسىماتمىدۇ؟ ئۇنىڭ زادى تېگىگە يېتىپ، پايانىنى تاپقىلى بولماسمۇ؟!...» دەپ ئويلايدۇ-دە، «سوتسىيالىستىك تۇرمۇشىمىزغا ئويغۇن بولمىغان بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەخلاقىي نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش» ئىرادىسى بىلەن «پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مېھمانخانىنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش، قەيەرگىچە چېتىلسا، شۇ يەرگىچە ئېنىقلاش، ئاندىن ئادەملەرنى تەرتىپكە سېلىش، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش»قا بەل باغلايدۇ، ئەمما ياسىننىڭ بۇ خىل توغرا ھەرىكىتى ھېلىقى كاتتىلارنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىۋېتىدۇ. چۈنكى ياسىن بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تۇتقان «كىچىككىنە مۈشۈك ئۆزى بىلەن بىللە يوغان بىر پارچە كىگىزنى كۆتۈرۈپ قوپقانىدى.» پارتىيە ئىنتىزامى، پارتىيە پرىنسىپى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، شەخسىي مەنپەئەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇناسىۋەت تورى چۇۋۇلۇشقا باشلىغانىدى. كاتتىلارنىڭ «ھارامنى يەپ كۆنگەن، دوزاخنىڭ ئوتىمۇ كار قىلمايدىغان بولۇپ قالغان» نەپسىگە، «گۆشلەرنىڭ سۆڭەكلىرى، بېلىقلارنىڭ قاتىرىدىلىرى پۇتلاشمايدىغان» گېلىغا قاراپ ئاقىدىغان توگىمەس دەپنە-دۇنيانىڭ يولى ئېتىلىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزى قىلدەك بولسىمۇ پىلدەك كۈچى بار ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ، نەزەرى چۈشكەن «ساپ گۆھەرنى تېخىمۇ نۇر چاقناتقۇزۇش ئۈچۈن» ۋىلايەتلىك يەر نامىلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىغا «ئۆستۈرىدۇ»، «يېڭى خىزمەت ئورنىغا دادىل ئىسلاھات قىلىپ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ». مۇشۇ جەرياندا ياسىن، لاۋلياگلار مۇنۇلارنى تونۇپ يېتىدۇ: ئۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى كۆپ. ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىش. بۇ ئۇلارغا تەئەللۇق. لېكىن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان گۆكچەنداگغا خاس يۈرىكىمىزنى ھېچكىم ئېلىۋېتەلمەيدۇ! بۇرۇقتۇم بولۇپ، قېيداش ئىچىدە ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. دۇنيا ھالاللىق بىلەن راۋاج تاپىدۇ. پارتىيىمىز گىگانت ئادەمدەك، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دۇنيادا خەلقنىڭ نەزىرىدىن كۈچلۈك نەزەر يوق. بەزى ئادەملەر دەماللىققا كۆز بوياپ، ئەرشى ئەلاغا چىقالىسىمۇ، لېكىن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ھامان مۇللاق ئاتماي قالمايدۇ!

مانا بۇ جەمئىيىتىمىزدىكى رېئاللىق، ھەرگىزمۇ يازغۇچى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان خىيالىي ۋەقە ئەمەس، بەلكى دېڭ شياۋپىڭ، جاۋزىياڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن چىنلىقنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى.

ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئۇنىڭ چىنلىقىدا. چىن نەرسە، راست گەپ كۆڭۈلگە ياقىدۇ، مەدھىيىلەشمۇ، تەنقىدلەشمۇ چىن بولغاندىلا، ئۆز ئەھمىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ئەگەر مەدھىيىلەش چىن بولمىسا، ساختا بولۇپ قالىدۇ، تەنقىدلەش

چىن بولمىسا، تۆھمەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ياخشى چۈشەنگەن يازغۇچى ئەخەت تۇردى ئۆز ھېكايىسىنى چىنلىق ئاساسىدا ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان.

ئەمدى بىز بۇ ھېكايە «پالانچى، پۇستانچىلارغا تېگىپ كېتىدۇ» غانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئەدەبىياتتىن تامامەن خەۋەرى يوق كىشىلەرنىڭ ياكى قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ قارىشى ياكى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ يامان غەرەزلىك ئىغۋاسى. چۈنكى ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىغا، ئەكس ئەتتۈرگەندىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ، بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىغا، ئىجتىمائىي رېئاللىققا نىسبەتەن نىشانلىق ئوق ئاتىدىغانلىقىغا كۆز يۇمۇۋاتىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىقارغان توغرا يەكۈنلىرىنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ. قېنى، «تېگىپ كېتىدۇ» دەيدىغانلا ئېيتىپ باقسۇنچۇ: جەمئىيەتتە بۇ ھېكايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك ئىشلار يوقمۇ؟ ئاپتور ھېكايىسىدا قايسىبىر كونكرېت ئادەمنى تولۇق ئىسمى، ئەمەلى بىلەن كۆرسىتىپتۇ؟ ئەگەر «كۆرسەتتى» دېيىلگەندىمۇ، سوتسىيالىزمغا، پارتىيىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازىغا، تۆمەنلىگەن پاك، ھەققانىي كادىرلىرىمىزنىڭ شەنىگە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان ئادەملەرنى، ئىشلارنى تەنقىدلىمەي مەدھىيىلەش كېرەكمىدى؟! ئەدەبىيات زادى يورۇقلۇق، گۈزەللىك، ئۇتۇقنىلا يېزىپ، قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك، خاتالىقلارنى يازماسلىقى كېرەكمۇ؟! بۇ ئەلۋەتتە، ھەممەيلەن ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

ئەدەبىيات ھېچ نەرسىگە تەگمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئىسلاھاتنىڭ بىر قىسمى. ئۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى قوللايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا زىيانلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تەنقىدلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ «تېگىدىغىنى» قايسىبىر كونكرېت ئادەم ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئارقىلىق تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئادەم. بۇ ئادەم خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك: «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم». ھەممەيلەن بۇ نۇقتىنى ئاڭلىق ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

ئەمدى بىز بۇ ئەسەرنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

* *

«خەير - خوش، توققۇزكۇنلۇك ماكان» ناملىق ھېكايىدا مۇنداق بىر رېئاللىق يۇمۇرلۇق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: ياسىن جىگىلى مېھمانخانىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى ناچار، چەت ئەل تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن، «بېشىدا تاجىسى بار» كىشىنىڭ كېلىنىنى خاپا قىلىپ قويغاچقا، يۇرت كاتتىلىرى «قاتتىق چارە كۆرۈش» نى تەلەپ قىلغان جاڭ شياۋلىسنى تېلېفونىستلىقتىن يۆتكەپ، باش ئاپپاراتنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلى-

ﻗﻰ ئۇچۇن، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە بىلىدىغان گۈلنارنى قويىدۇ. بۇ تامامەن
يوللۇق ئىدى، خۇددى ياسىننىڭ: «خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قايسى مىللەت، قايسى جىنس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى
بولسىلا، مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدۇ...» دېگىنىدەك. توغرا، پارتى-
يىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ئۇيغۇن ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى، جاڭ شياۋلى ياسىن
ئۈستىدىن بىشەملىك بىلەن: «مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئېغىر، بىر خەنزۇنى بوشىتىپ،
ئۇيغۇرنى قويدى» دەپ ئەرز قىلىدۇ. يۇرت كاتتىلىرىمۇ جاڭ شياۋلى تەرەپتە تۇرىدۇ.
رېئال تۇرمۇشتىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. ئايرىم ئىشلار بەزى يولداشلارنىڭ
كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ھامان ئۇنى «مىللەتچىلىك» كە تاقىۋالىدۇ. بۇنداق بىنورماللىق
پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە خىلاپ. خۇددى ھېكايىدىكى ياسىن ئېيتقاندەك، مىل-
لەتچىلىككە ئائىت گەپ-سۆزلەرنى دەستەك، «كالتەك، قالپاق قىلىپ ئادەم قورقۇتۇش
بۇرۇن بولغان، لېكىن ھازىر كىشىلەر بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ قالدى. خىزمەت-
تىكى نورمال تەڭشەشنى مىللىي كەيپىيات، مىللەتچىلىك دېگىلى بولماس!» بۇ ھەممى-
گە باپ كېلىدىغان سۆز، چۈنكى خىزمەت قايسىدۇر بىر مىللەتنىڭ خىزمىتى ئەمەس،
ئومۇم خەلقنىڭ خىزمىتى. شۇنداق ئىكەن، شۇ بىر خىزمەتنى كىم لايىق بولسا، شۇ
ئىشلىسە بولۇۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتە، خەنزۇ كادىر ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاز سانلىق
مىللەتلەردىن بولغان كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە يول قويۇپ، زور كۈچ بىلەن
ياردەم بېرىپ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە دائىملىق قەدىرلەشكە، جارى قىلىشقا تېگىشلىك
روھ. چۈنكى بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەرقلەرنى ئىمكان قەدەر تېز تۈگىتىش، باراۋەرلىكنى
تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت. يولداش ئەخەت تۇردى ھېكا-
يىسىدا مانا مۇشۇنداق روھنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتتا مىللىي مەسى-
لىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئاساسلىق مەۋقەنى ئادەتتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن
پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنىڭ نېگىزى بولغان مەسىلىگە ئورتاق ئىلگىرىلەش،
ئورتاق گۈللىنىشكە يۆتكەش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن «خەير-خوش، توققۇز كۆنلۈك ماكان» ناملىق ھېكايىنىڭ ئىسلا-
ھاتچىغا خاس روھ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى چۈشەنچە بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

مەن بۇ ماقالىدە باشتىلا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە پا-
كىت سۆزلەش ۋە دەلىللەشنى مۇھىم نۇقتا قىلدىم، مۇلاھىزە قىلىشقا ئانچە كۆپ ئو-
رۇن بەرمىدىم. كەڭ كىتابخانلار ۋە ئوبزورچىلارنىڭ ھېكايىنى ھەر تەرەپلىمە تەھ-
لىل قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىسلاھات دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە پايدىلىق نەرسىلەرنى
قېزىپ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئۈرۈمچىدە شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا 80 نەپەر شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەخەت تۇردى رىياسەتچىلىك قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سادىق ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

ئۇ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1982 - يىلى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغانىدى. شۇ قېتىمقى يىغىندىن بۇيان شېئىرىيەت ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان يېڭى ھادىسىلەر مەيدانغا كەلدى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار بولغان بۇ خىل رېئال مەسىلىلەر بىزنىڭ ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر تۈركۈم ياش ئاپتورلار كىشىلەر تەرىپىدىن «گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتىلىۋاتقان شېئىرلارنى يېزىپ، شائىر ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى قوزغىدى. بىزنىڭچە، بۇ بىرخىل نورمال ھادىسە. بىزنىڭ بۈگۈن ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاپتورلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، شېئىرىيىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىمىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇھاكىمە جەريانىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىرىيەت ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ قىلچە يوشۇرماستىن، ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتى. «گۇڭگا» شېئىرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان قىزغىن بەس-مۇنازىرە ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى مىسلىسىز جانلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا جاپالىق، ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئېسىل ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز شېئىرى-

يېتىمىزنى دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش يولىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مول، قىممەتلىك ھەم ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە جەزمەن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنئەنىلەر ئارقىلىق شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدىغان خاتا يولدىمۇ مەڭگۈ ماڭمايمىز. نۆۋەتتە «كۆڭگا» شېئىرلار توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەيدانغا چىقتى. بىزنىڭچە، بۇ ياخشى ئەھۋال.

ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ئىنسانلارنىڭ سەنئەت، جۈملىدىن، شېئىرىيەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى مەڭگۈ توختىمايدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن، شەكىل ھەم ئۇسلۇبىدا خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىنىشلار ۋە ئىلگىرىلەشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تارىخنىڭ بۇ خىل ئېقىمىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ يولى ھامان ئەگرى-توقاي ھەم جاپا-مۇشەققەتلىك بولىدۇ. ئىزدىنىش جەريانىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا شېئىرىيەت ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈش ۋە توغرا كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. نورمال ھەم ساغلام ئىلمىي مۇھاكىمە شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە شائىرلارنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق.

يىغىن قاتناشچىلىرى: يېڭى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى شېئىرىيەتنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن پەرۋىش قىلىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز.)



# ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا

زىيارەت قىلغۇچى: يالقۇن

ئاپتوردىن: يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم ياش ئاپتورلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىچە بولغان شېئىرلارنى يېزىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتورلىرىمىزدا بۇ خىل شېئىرلار توغرىسىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلارنى بىلىپ بېقىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىر، ئوبزورچىلىرىمىز بىلەن «تۇتۇق» شېئىرلار ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردىم. بۇ سۆھبەت خاتىرىسى زىيارەت ئوبېيكتلىرىنىڭ بۇ شېئىرلار توغرىسىدىكى ئۆزگىچە بولغان كۆز قاراشلىرىدىن، ئىزدىنىش پىكىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، كىتابخانلارغا ئومۇملاشقان كۆز قاراش سۈپىتىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن. بۇ پەقەت يېڭى شەيئى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىدىنلا ئىبارەت. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلايدىغان ئاپتور ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ مۇنازىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1-سوئال: يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلىرىمىز كىشىلەر «تۇتۇق» شېئىر دەپ ئاتىشىۋاتقان، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن ئۆزگىچە بولغان شېئىرلارنى يېزىپ، ئەدەبىيات ساھەمىزدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ھەر خىل تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. سىز بۇ شېئىرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە قانداق قاراشتا؟ بۇ شېئىرلارغا قويۇلغان «تۇتۇق» ئاتالغۇسى مۇۋاپىقمۇ؟

تېيىپجان ئېلىيوپ:

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن بۇ شېئىرلارنى چۈشىنەلمىدىم، شۇڭا بەھرە ئالالمىدىم، لېكىن مەن چۈشەنمىگەچكە، باشقىلارمۇ چۈشەنمەيدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكىم مېنىڭ چۈشىنەلمەسلىكىم ئادەت كۈچىدىندۇر. بۇ خىل شېئىرلار توغرىسىدا خەنزۇ شېئىرىيىتىدىمۇ، سوۋېت قازاق شېئىرىيىتى ۋە ئۆزبېك شېئىرىيىتىدىمۇ غۇلغۇلا مەۋجۇت. ئەڭ ياخشىسى، بۇ شېئىرلارنى ئەمەلىيەت باھالىسۇن، خەلقنىڭ قەلبى باھالىسۇن. ئىلگىرى خېلى چۈشىنىشلىك شېئىر يېزىۋاتقان بەزى ياشلىرىمىز يېقىندىن بۇيان بىردىنلا «گۇڭگا» شېئىر يازىدىغان بولۇۋاپتۇ، بولار ئاڭلىق ھالدا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ،

ئاڭسىز ھالدىمۇ ياكى بىز بىلمىگەن سىرنى بىلىۋالدىمۇ-قانداق؟ بۇ ھەقتە ئىلمىي خاراكتېردىكى قۇلغۇللار بولغىنى ياخشى. تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىش ئەلەتەكلىك بولار. مېنىڭچە، بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق» دېگەندىن «گۇڭگا» دېگەن تۈزۈكمىكىن.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر:

قەدىرلىك ئىنىم يالقۇن، سىزلەرنىڭ يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدە مۇنازىرە باشلىنىشقا تۈرتكە بولىدىغان سۆھبەت سورىنى تۈزگەنلىكىڭىزلارنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ۋە رەسمىي بىر مۇنازىرە مۇنبىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئىسلاھات جۇڭگونىڭ چىقىش يولى بولغىنىدەك، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ چىقىش يولى بولۇپ قالغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىت. مېنىڭچە، ئەدەبىياتتىكى ئىسلاھات باشقا ساھەلەردىكى ئىسلاھاتقا قارىغاندا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە قىيىن (بولۇپمۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مەسىلىلەر تېخىمۇ مۇرەككەپ). سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز بىلەن بىر قىسىم يولداشلارنىڭ يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغانلىقى بۇ مۇنازىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەنمۇ باشقا يولداشلار قاتارىدا بۇ باشلىنىشنى قىزغىن قوللايمەن، ئەمما ھازىرچە ياكى رەسمىي مۇنازىرە باشلانغىچە ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى بايان قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئالدىمىزدا تۇرغان مەسىلە ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، توغرىسى، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭغا مېنىڭ تەييارلىقىم ئاز ياكى يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما شۇنى ئالدىنئالا قەيت قىلىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «تۇتۇق» ياكى «گۇڭگا» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ كامالەتكە يېتىشىگە قارشى ئەمەسمەن، بەلكى ئۇنى بىر يېڭى شەيئى سۈپىتىدە ئىستىقباللىق خاھىش سۈپىتىدە قارشى ئالىمەن. كونكرېت پىكىرلىرىمنى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلارمەن.

ئابدۇكېرىم خوجايوپ:

مەن ياشلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى، جۈملىدىن، مۇشۇ شېئىرلارنى باشتىن-ئاياغ قوللاپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ياشلىرىمىزنىڭ قولىدا. مېنىڭچە، شېئىرلارنىڭ «گۇڭگا» بولغىنىمۇ ياخشى، مەسىلەن: گۈلنى ئەينەكنىڭ ئالدىدا كۆرگەندىن، سىرتىدا كۆرسە بىر خىل گۈزەل، جەلپ قىلارلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مەن بىر كۈنى تاغدا ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ مانان پەيدا بولدى ۋە ئۇ كېيىن سوزۇلۇپ، تاغنى ئاق شايى پەردىدەك ئورىۋالدى، شۇ چاغدا ئاق شايى پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەملەر، يايلاپ يۈرگەن ماللار مانان يوقتىكىدىن شۇنداق گۈزەل، جەلپ قىلارلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، مەندە شۇئان بۇ مانانلارنى قايرىۋېتىپ، ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى. دېمەك، بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى

شېئىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ شېئىرلارنى «گۇڭگا» دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

ئابدۇكېرىم راخمان:

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىش دەۋرىدە ھاياتقا ھەر تەرەپتىن چۇقان سالماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىماي، ھەر خىل ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارماقتا ۋە ئۆزىنىڭ ئادەملىكىگە قىزىقىپ، ئۆزىنى بىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇنداق باشلىنىش ئالدى بىلەن ئوبزارلىق تەپەككۇرنىڭ جەريانى بولغان، «ئادەمشۇناسلىق ئىلمى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. بۇ خىل نۇقتىلار ھازىرقى شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ. ياش بوغۇنلارنى قوللاش، مەدەت بېرىش، ئىلھاملاندۇرۇش، توغرا يولغا يېتەكلەش جەمئىيەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

چۈنكى تارىختىن بۇيان يېڭىلىق، جاسارەت، جۇشقۇن روھ كۆپىنچە ياشلارغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن، لېكىن ياشلارغا خاس خاراكتېر ئەۋزەللىكىنىڭ ئارقىسىغا قاراملىق، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ئىللەتلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سۇبيېكتىپ خىيالنىڭ بەندىسى بولۇپ، تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى مەنسىتمەسلىك كىشىنى ھايات مەنتىقىسىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى ھازىر «زېۋس خۇدا» نى يارىتىدىغان فانتازىيە دەۋرى ئەمەس.

گەپ بۇگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ شېئىرلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىدىم، لېكىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان ئىككى پارچە مۇھاكىمە ۋە تەقرىزنى ئوقۇپ، ھەم تەسىرلەندىم، ھەم ئەجەبلەندىم.

بىزدە ھەقىقەتەن ئاخىرقى ھېسابتا يول تاپالايدىغان، دۇنيا شېئىرىيىتى بىلەن رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم ياش كۈچلەرنىڭ يېتىشىۋاتقانلىقى، ئۇلاردا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بارلىقى مېنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ «ۋەدىسى» گە ئۆزلىرى خىلاپلىق قىلىپ، ئىلىم-پەندىكى نورمال مۇھاكىمىگە پوپوزا قىلىپ، «ھەق-ناھەق كۆرۈشى» (ئانتاگونىيىلىك زىددىيەت) قالپىقىنى كىيگۈزۈپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى (ئۇلار ئۆزلىرى ئىسىم قويغان «تۇتۇق شېئىر» لاردىن باشقىلارنى دېمەكچى) شېئىرىيەتكە جازا ئۇرۇشى ئېلان قىلغانلىقى مېنى ئەجەبلەندۈردى. شېئىرىي تىل بىلەن يوغۇرۇلغان بۇ ماقالىنى ئوقۇغانسېرى كۆز ئالدىمدا ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «خۇڭۋېيبىڭلىرى» كۆتۈرگەن «تۆت كونىنى كۆيدۈرۈش» مەنزىرىسى گەۋدىلەندى. ئالدى بىلەن مۇنداق بىرنەچچە پرىنسىپال مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش كېرەك. بۇ — ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك توپ مەسىلە.

1. ئەدەبىيات ئۆزى بىر پەن بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بولىدۇ. بۇ نەزەرىيە سىستېمىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدىن يەكۈنلەپ چىقىرىلغان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولىدۇ، لېكىن ئۇ مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەددەس نەرسە ئەمەس، يېڭىلىق، يېڭى شېئىرىيەت

نەزەرىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى راست، بىراق «بىزگە ھېچقانداق نەزەرىيە كېرەك ئەمەس، نەزەرىيە ئىجادىيەتنىڭ كۈشەندىسى، نەزەرىيە، ئەدەبىي ئېقىم، ئۇسلۇب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شائىرنىڭ يۈرىكى يارىتىدۇ»، «شېئىرىيەت ساپ سۇبيېكتىپ روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەن سۆزلەر تولىمۇ قارامىلىقنىڭ ئىپادىسى، بۇ دەبدەبىلىك ئىبارىلەر شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنىڭ توپ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

2. بەزى ياشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئازراقلا ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە تايىنىپلا ھەممىنى ئىنكار قىلىپ، «مېنىڭ يۈرىكىملا ھېساب»، «مېنىڭ تالانتىم ئالدىدا باشقىلار ساۋاتسىز» ... دېگەندەك ئىلمىي بولمىغان سۆزلەر بىلەن ئۇستازلىرىغا نىسبەتەن «خەنجەر تەڭلەش» مۇئامىلىسىدە بولماقتا، بۇ «QA روھى» نىڭ يېڭى دەۋردىكى بىر خىل ئىپادىسى. ئەگەر مۇشۇنداق مۇئامىلە ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئېڭىدا «بۇندىن كېيىن ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەكمۇ-يوق؟» دېگەن سوئالنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

ھازىرچە بۇ شېئىرلارنى «چۈشىنىكسىز شېئىرلار»، «تۇتۇق شېئىرلار»، «گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتاش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ شېئىرلارنىڭ باشلىنىشىمۇ بەلكىم بۇرۇنقى بەزى شېئىر شەكىللىرىنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاش ئۇيغۇر شېئىرىيەت شەكلىنىڭ ئۆتكۈنچى بىر دولقۇنىدىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇنى بەزى باللارنىڭ قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇپ قويغىنىغا قاراپلا، مۇشۇنداق ئاتاش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسمىكىن دەپ قارايمەن.

قۇربان بارات:

بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ياشلىرىمىزنىڭ بۇنداق ئىزدىنىش روھى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بىز ئۇلارنى قوللىشىمىز ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۇ شېئىرلار يېزىلغاندىن بۇيان بىر قىسىم ناھايىتى ياخشى شېئىرلارمۇ مەيدانغا كەلدى، شۇنداقلا پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان «تېپىشماق» لارمۇ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا كەلگەندە، بۇ شېئىرلارنى ئاڭسىز دورىغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ شېئىرلار توغرىسىدا ياخشى بولمىغان ئىنكاسلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

مېنىڭچە، بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق»، «گۇڭگا» شېئىر دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ شېئىرلارنىڭ شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى چاچما شېئىر شەكلىمىزدە بار، ئىشلىتىۋاتقىنى ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى. بۇ شېئىرلار بۇرۇنقى شېئىرلىرىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى، خۇددى چوڭ سائەتمۇ سائەت، كىچىك قول سائىتىمۇ سائەت بولغانغا ئوخشاش. شۇڭا بۇ شېئىرلارنى «مىكرو شېئىر» ياكى «كىچىك شېئىر» دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

ئوسمانجان ساۋۇت:

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «گۇڭگا» دېگەن سۆزنى بۇ شېئىرلارنىڭ لەقىمى دېسەكمۇ بولىدۇ. خەنزۇ شېئىرىيىتىدە «گۇڭگا» شېئىرلار خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن ۋە قىزغىن مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان. كەڭ خەنزۇ شېئىر ھەۋەسمەنلىرى «گۇڭگا» شېـ

ئىرلارنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تولىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. بۇنداق شېئىرلار-نىڭ مەيدانغا كېلىشى قانداقتۇ يامان ئىش ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىش. شېئىرىيىتىمىز گۈلبېغىدا هەر خىل گۈللەر ئېچىلىشى لازىم. بۇنداق شېئىرلارنىڭ مۇستەقىل ئېقىم بو-لۇش-بولالماسلىقىنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئالدىراپ هۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسى سەنئەت بولالايدۇ. هازىرقى چاغ-دا بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يېڭى شەكىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بى-لەن شېئىرىيىتىمىزگە يانداشقانلىقى، ئىزدىنىش يۈرگۈزگەنلىكى شېئىرىيىتىمىزدە هېلىغى-چە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، ئىجادىيلىققا يات بولغان ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىشتە ئىجا-بىي رول ئوينايدۇ. ئۆزىمىزگە ياقمىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە مۇنازىرە هوقۇقىنى ئىنكار قىلساق — ئۇلارنى خالىغانچە لەنەتلىسەك، زومىگەرگە ئايلىنىپ قالى-مىز. «گۇڭگا» شېئىرلارمۇ، «روشەن» شېئىرلارمۇ بولسۇنكى، هەرگىزمۇ بىرىنى قوللاپ، بىرىنى باسىدىغان ناچار، غەيرىي ئىلمىي پوزىتسىيە بولمىسۇن!

سىدىقهاجى روزى:

يېڭى شېئىرىيەت توغرىسىدا هەر خىل ئىنكاسلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئادەت كۈچلىرى يېڭى شەكىل ۋە يېڭى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالمىغان بولسا، دېمەك، بۇ ياخ-شى باشلىنىش ئىكەن. خەلقنىڭ گۈزەللىك تەلىپى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تەلىپى كۈ-چىيىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى تاسادىپىي ها-دىسە ئەمەس. خەلق ۋەدىنامە ۋە قەسەم ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلاردىن زېرىككەنىدى، ئەن-ئەنىۋى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دۇئا گويلۇق-تىن زېرىككەنىدى، زوقلانغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە، ئېڭىغا ۋە ئېستېتىك تەلىپىگە يات بولغان تۇرمۇش هادىسىلىرىنى يېزىۋېرىشتىن زېرىككەنىدى. بىرىنىڭ پىكرىنى يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۆزى تەكرارلايدىغان پىكىر نادانلىقىدىن زېرىككەنىدى. بۇ شېئىرلار ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە مەيدانغا كەلدى.

بۇ شېئىرلارنى «گۇڭگا» ياكى «تۇتۇق» دەپ ئېيتىشقا بولماس. بەزىلەرنىڭ شېئىرلىرىدا «گۇڭگا» لىق ئالامەتلىرىمۇ يوق ئەمەس. شېئىر ئۆز خۇسۇسىيىتىگە سادىق بولىدىكەن، ئۇ هالدا ئاددىي هادىسىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، مۇرەككەپ هادىسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ، لېكىن ئېستېتىك ھەقىقەتنى توغرىدىن-توغرا ئېيتىپ بەرمەيدۇ.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

بۈگۈنكى رېئاللىق شائىرلىرىمىزدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ قاتماللىق، تۇرغۇنلۇق، بېكىنمە-چىلىك هالىتىگە ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى دادىللىق بىلەن يېڭىلاپ، زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان

شېئىرلىرى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ مانا مۇشۇنداق يېڭى تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىدىكى ياش كۈچلەرنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، باشلامچىلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش جاسارىتىنى ئىپادىلەپ بەردى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچەملىرىگە، ئەنئەنىۋى قائىدىلىرىگە چۈشمەيدىغان بۇ شېئىرلار فېئوداللىق مەنىۋى ئىللەتلەر بىلەن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرى تازىلىنىپ بولمىغان، تەقلىدچىلىك، قېلىپبازلىق، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش ئىللەتلىرى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان بىر پەيتتە دۇنياغا كەلدى ۋە بۇرۇنقىلار ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن تەپەككۇر شەكلىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، شېئىرىيىتىمىزدە داۋالغۇش، جانلىنىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلدى. گەرچە بۇ شېئىرلارنىڭ سۈپىتى، قىممىتى، ئۇنۇمى بىردەك بولمىسىمۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە خېلى ئېغىر نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەنئەنىلەرنىڭ چەكلىك رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىكى قاتمال ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى. باشقىلارنىڭ قانداق ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ شېئىرلارنى تا ھازىرغىچە «تۇتۇق» شېئىرلار ياكى «گۇڭگا» شېئىرلار دەپ ئاتاپ كۆرمىدىم. چۈنكى مەن بۇنداق ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمەن.

مەلۇمكى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭى بىلەن زوقلىنىش ئىقتىدارىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق شېئىرىي مەزمۇننىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى، يېڭىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىرىي پىكىرنىڭ بېيىشى، چوڭقۇرلىشىشى ھەم مۇرەككەپلىشىشىدىن شېئىرىي مەزمۇن تۇتۇقلاشقاندەك، گۇڭگالاشقاندەك، يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك نەتىجە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەزمۇنى ئاددىي، يۈزە، كونا، تېيىز ھەم يالىڭاچ شېئىرلارنى كۆپ ئوقۇپ، شۇنىڭدەك شېئىرلارنى ئادەتكە ئايلانغان تەپەككۇر شەكلى بىلەنلا كۆزىتىپ، يامان ئۆگىنىپ قالدۇق. شۇڭلاشقا پىكرى يېڭى، چوڭقۇر، مەزمۇنى مۇرەككەپ، قۇرۇلمىسى ھەم شەكلى ئۆزگىچە شېئىرلار بىزگە غەلىتە، سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، شېئىرىي پىكىرنىڭ يېڭى، چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپلىكى شېئىرىي پىكىرنى زورمۇ زور يوشۇرۇپ، شېئىرنى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مۇنداق «شېئىرلار»مۇ مەيدانغا چىقتى. شۇڭا كونكرېت شېئىرنى كونكرېت تەھلىل قىلماي تۇرۇپلا، ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلارنى ئورۇنسىز ئەيىبلاش ياكى بىر تاياقتا ھەيدەش توغرا ئەمەس. ئاجىزلىق كونكرېت شېئىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ياكى كونكرېت كىتابخاننىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىدىمۇ دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، شائىر بىلەن كىتابخانغا ئادىل باھا بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلىۋاتقان شېئىرلارنى قاراقويۇق «تۇتۇق» ياكى «گۇڭگا» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە ئاشۇ تۇتۇقلۇقنىڭ مەنبەسىنى، سەۋەبىنى تاپقان تۈزۈك.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار خەلق. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق ھاياتى رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇخىل سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، بىرقانچە ئالتۇن دەۋرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئالتۇن دەۋرلەر باشقىلارنىڭ ئىلغار سېزىمىلىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، يېقىنقى تارىخىمىزدىكى شېئىر سەنئىتى ھەقىقەتەن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشۋىقات ئېھتىياجلىرىنىڭ مۇپەسسەل چاكىرى بولۇپ قالدى. سەنئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكتە ئايرىلىق پەيدا بولۇپ ۋە بۇ ئايرىلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايدى، شېئىرىيەتكە ئاسىيلىق قىلىندى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان بىلەن سەنئەت باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. شېئىر سۆزىئىيلىك، ئىچكى دۇنياغا بولغان ساداقەتسىزلىكنىڭ تاپىنى ئاستىدا خورلاندى، ھەتتا شېئىر سەنئىتى تاپاۋەت قورالىغىمۇ ئايلاندى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغان تراگېدىيە كېلىپ چىقتى. تراگېدىيىنىڭ سەۋەبچىلىرى ئاتقا مىنىپ، گۈل سەيلىسى قىلدى. مەلۇمكى ھازىرقى شېئىر كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئالدامچى نەرسە بولۇپ قالدى. سەنئىتىمىزدە بوشلۇق شەكىللىنىپ، بۇ بوشلۇق تۇمانلار بىلەن قاپلاندى. كىشىلەرنىڭ روھى قانداقتۇ بىر چاقماقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭى سادالار تەبىئىي رەۋىشتە پەيدا بولدى. بۇ سادانىڭ ياخشىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ دولقۇن، ئەجەبلىنىش، غەزەپلىنىش، چۆچۈش...پەيدا قىلالىدى، ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، ھازىر نوقۇل ھالدا شەكىللا پەيدا بولمىدى، ئاساسلىقى تەپەككۇر.

پەرھاد ئىلياس:

ھازىر بارلىققا كەلگەن يېڭى شېئىرلارنى بەزى كىشىلەر «تۇتۇق» شېئىر دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئاتاش قىلچە ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەس. ئۇ يېڭى شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن سىرلىق ياكى چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇيۇلغان بىر شەيئى ئاشكارا بولسىلا، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا «تۇتۇق» ئاتالغۇسى يېڭى شېئىرىيەتنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئەتىسىگە تولۇق ماس كەلمەيدۇ.

پولات ھېۋزۇللا:

مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ پىكىرنى يالىڭاچ ئىپادىلەشتىن قۇتۇلۇپ، بەدىئىي ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەس ياكى پىكىرنى يوشۇرۇن بېرىپ، كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق نىشان. ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى مۇرەككەپلەشتى، شۇڭا ئۇلار شېئىردىن تولىمۇ تار بىرلا مەركىزىي ئىدىيىدىكى مەزمۇننى ئەمەس، بەلكى باغلىنىشچانلىقتا ئىگە بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان، لېكىن كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك، كۆپ يۆنىلىشلىك، شارسىمان، سىترولۇق مەزمۇننى تەلەپ قىلىدىغان بولدى.

يوشۇرۇنلۇق مەقسەت ئەمەس، نەتىجە. ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى مۇقىملىقنىلا ئەمەس، مۇقىمسىزلىقنىمۇ، روشەنلىكنىلا ئەمەس، غۇۋالىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسان روھى. ئىنسان روھىنى چۈشىنىشنىڭ مۇساپىسى چەكسىز. ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى بۇ چەكسىز مۇساپىدە ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ يېتىپ بارالىغان ئەڭ يىراق نۇقتىسى. كىتابخان ئۆز تەپەككۇرىنى شېئىرنىڭ ئىچىگە چەكلەپ قويماي، شېئىردىن ھالقىتىدۇ ۋە ھالقىتىشى كېرەك. شۇڭا ھازىر شېئىر بىلەن كىتابخاننىڭ ئەركىن تەپەككۇرى ئارىلىقىدا راۋان ئۆتۈشمە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

ئەگەر بۇنداق شېئىرلار تېپىشماققا ئوخشىتىلسا، ئۇنداقتا تېپىشماقنىڭ جاۋابى شائىردا ئەمەس، بەلكى شائىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كىتابخانلارنىڭ قولىدىدۇر. شائىر ھەرگىزمۇ جاۋابنى يوشۇرغۇچى ئەمەس. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ جاۋابنى ئىزدىگۈچى. بىز بۇرۇن ئۆزىمىز بەلگىلىۋالغان تولىمۇ تار ئىجتىمائىي ئېڭىمىز تەرىپىدىن ھەممە نەرسىلەرنى ئالدىن مۇتلەق مۇقىملاشتۇرۇپ كەلدۇق، بۇ مۇقىملاشتۇرۇشلار تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى شەكلىگە ئەمەس، تۆۋەن، قاتمال دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ كەلدى.

ياسىن زىلال:

«كۈزگى» ياكى «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ شېئىرلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ-يوق؟ بۇ ئۇنىڭ قىممىتىگە باغلىق! قىممىتى يوق نەرسىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقى ئەقەللىي ساۋات. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى يامان ئىش ئەمەس. ھايات رەڭمۇرەڭ، تەبىئەت سادالار بىلەن تولغان، ھاياتقا خورازنىڭ چىللىشى بىلەن كاككۇكنىڭ پىغانى بولۇپلا قالماي، پاقىنىڭ كۇركىرىشى بىلەن پاشىنىڭ غىڭشىشىمۇ مەۋجۇت. چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، بۇلبۇل ناۋاسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟

2-سوئال: بۇ شېئىرلارنى ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايسىز؟

تېيىپجان ئېلىيوپ:

ھەرقانداق يېڭىلىقنى ئەنئەنە زېمىنىدا يېتىلدۈرگەن ياخشى، لېكىن ئەنئەنىنى كېرەك قىلماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئويىدا بولۇشنىڭ ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق. يېڭى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال سىڭىپ كېتىۋەرمەيدۇ، بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلار ۋە چاچما شېئىرلار دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققاندا غەلىتە سېزىلگەن، خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغان، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتقا كەلگەندە سىڭىپ كەتتى. نۇرغۇن پېشقەدەملىرىمىز ئەنئەنە بىلەن خېلى پىششىق تونۇش، ياشلاردا بۇنداق تونۇش كەم، لېكىن ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك. شۇڭا ياشلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھىغا سوغۇق سۇ سېپىشكە بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەنئەنە بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

كونا نەرسە ئۆزگىرىپ بارىدۇ، شېئىر شەكىللىرىمۇ، پىكىرلەرمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بىر زامانلاردا زاۋۇت تۇرخۇنلىرىدىن تۈتۈن چىقسا، ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ ئۇنى سانائەت-

نىڭ تەرەققىياتى دەپ ماختىنىدۇق. ئەمدى بۇنداق مەدھىيە كۆلكىلىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ تۈتۈنلەر مۇھىت بۇلغىنىشىغا تەۋە بولۇپ قالدى. دېمەك، شەيئىلەر مەڭگۈ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۈرۈن كوچا ناخشىلىرى، دېسكو ئۇسۇللىرى ھەر خىل مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغانىدى. ھازىر بۇ قاراشلار ئۆزگەردى. شۇڭا «كۆڭگا شېئىر» لار تـوغرىسىدا پىكىر چىقسا تېرىكمەسلىك كېرەك. ئەنئەنىۋى شېئىرلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ، ھەممە ئىشنى بۈگۈندىن باشلايمىز دەيدىغان داۋراڭنىڭ ياخشى نەتىجە بېرىشىگە ئىشەنمەيمەن. سەنئەتتە يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشتا مىللەتنىڭ پسىخىكىسى، ئادىتى، ئېستېتىك ئۆلچىمى چوڭ رول ئوينايدۇ.

ياشلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشماي تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن يەڭگىللىك بىلەن قول ئۈزمەسلىكى كېرەك. ھازىر ئۆزبېكىستاندا بەزى ئالىملار «باللارنىڭمۇ ناۋايىسى بولسۇن» دەپ، كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن باللىقتىن تارتىپ تونۇشۇشنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بىز شۇنداق قىلساق بولىدۇ. بىزنىڭ شائىر، يازغۇچىلىرىمىز كىچىكىدىنلا كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقسا ئۇل پۇختا بولىدۇ.

**ئابدۇكېرىم خوجايوپ:**

ئەنئەنە مۇقەددەس، تەگكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئەنئەنىنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، لېكىن ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىپ يۈرۈۋەرسەك، ئۇنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىمىز. ئەنئەنە تەقلىد ئەمەس! بىز ئەنئەنىنى بۇزۇشىمىز، ئەمما ئەسلى ئەنئەنىنى بويلاپ مېڭىشىمىز كېرەك. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىنى مەنمۇ چۈشىنەلمەيمەن، بىراق چۈشىنىدىغانلار بارىكەنغۇ؟ مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ناھايىتى نارازى (ئۆزۈمدىنمۇ شۇنداق). بىز بۇ ئۇسال ئەھۋالنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى گەپ ئۆزىمىزدە. بىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ھۈركۈپ يۈرمەي، ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، خەلقىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇشىمىز كېرەك. بۆسۈش تاشلىۋېتىش ئەمەس، ياخشىلىرىنى تاللاپ بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز قاچانغىچە ناۋايىنى دەستە قىلىپ ئۇلۇغلاۋېرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىزدىن ناۋايىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان «ناۋايى» لارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئىزدەنمەيمىز؟ قاچانغىچە يېڭىلىقتىن ھۈركۈپ بارماق ساناپ يۈرۈۋېرىمىز؟ ئەجىبا، بارلىق ساھەلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىكەنمىز-يۇ، نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزدا ئىسلاھات ئېلىپ بارمايدىكەنمىز؟ ياشلار پېشقەدەملىرىمىزنى ھۆرمەتلىشى كېرەك، لېكىن پېشقەدەملەر چېقىلغىلى بولمايدىغان ئەۋلىيا ئەمەس، ياشلار بىزگە چېقىلسۇن، پېشقەدەملىرىمىزمۇ تەرەققىياتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۆز مىراسخورلىرىمىزنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن قوللىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھىغا ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ياشلىرىمىز پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش خىسلىتىگە ئىگە ياشلار. مەسىلەن: بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر قىسىم ياشلىرىمىز پېشقەدەم

يازغۇچى زۇلۇن قادىر تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، مانا بۇ يالغۇز
زۇلۇن قادىرلـىلا ئەمەس، پۈتۈن پېشقەدەملىرىمىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك! مەن ياش، بىلىمـ
گە تەشنا، نەۋقىران ۋاقتىمدا زامان كېسەل ئىدى، لېكىن بۈگۈن زامان ساقايغاندا،
مەن كېسەل بولدۇم، دېمەك، ياشلىرىمىزنىڭ تەقلىد يولىدا ماڭماي، كارۋان يولىدا
مېڭىشىنى، دەۋرنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى، بىردەك
ۋاقىت ئۆتكەندە پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قالماي، ئىزدىنىپ ئۆز بۇرچىنى تونۇشىنى
ۋە بۇ بۇرچىنى ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇكېرىم راخمان:

ئەنئەنە مەسىلىسى — ۋارىسلىق بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبا-
رەت. بىز بىر تەرەپتىن، نوقۇل ئەنئەنىچىلەردىن بولماسلىقىمىز كېرەك. ھازىرقى مەسە-
لە ئەنئەنىنىڭ بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزنى بوغۇپ قويغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىنى
بىلمىگەنلىكىمىز. شۇ سەۋەبتىن ھازىر بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئىچىدە تۇپراقتا
يىلتىز سۈرۈپ ھەرخىل مېۋە بېرىش ئورنىغا ژاۋۇتتا ئىشلەنگەن سۇلياۋ گۈلدەك، مۇ-
ئەللەقتە تۇرۇپ كۆز چاقنىتىشنى يېڭىلىق، دەپ قاراش يۈز بېرىۋاتىدۇ. يېڭىنى قوبۇل
قىلىپ، كونىنى چىقىرىپ تاشلاش ئەدەبىياتتىكى پرىنسىپال مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مېنىڭچە،
ئەنئەنىنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلىغانلىق بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىڭى بىلەن روھىي دۇن-
ياسىنى يوقىتا چىقارغانلىق ياكى ئۇلارنى ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ. بەلكىم ھازىر
شېئىر يېزىۋاتقان ياشلارنىڭ ھەممىسى «مەن كلاسسىكلارنىڭ پۇشتى ئەمەس، ئىز باسا-
رى ئەمەس، مەن مۇشۇنداقلا شائىر بولغان» دەپ ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە چېكەلمىسە كېرەك.
توغرا، ھەرقانداق ئەنئەنە ئۆتكۈنچى دولقۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى يېڭى دې-
گەن شېئىرلار كەلگۈسىدىكىلەر ئۈچۈن ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىرنەچچە يىللار ئىچىدە
ھازىر چىقىۋاتقان شېئىرلار ھەققىدە ھەرخىل مۇنازىرىلەر، تالاش-تارتىشلار ئېلىپ بې-
رىلدى. بۇ مۇنازىرىلەر بەزىدە سەلبىي تەرەپلەردىن بولسا، بەزىدە ئىجابىي تەرەپلەر-
دىن بولماقتا. كىتابخانلار بۇ شېئىرلار توغرىسىدا بەدىئىيلىك تەرەپلەردىن ئىنكار قى-
لىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش-چۈشەنمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا
چىقاردى. بۇ ئىككى نۇقتا مۇنداق ئۈچ لاگېرنى شەكىللەندۈردى: بىرى قوللايدىغانلار،
يەنە بىرى، قوللىمايدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۇمۇ بولسۇن، بۇمۇ بولسۇن دەپ قارايدىغانلار.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردا
تۇرۇپ چۈشەندۈرمەكتە. مېنىڭچە، بىزنىڭ ھازىرقى يېڭى شېئىرلىرىمىز شېئىرىيەتنىڭ
يۈكسەك پەللىسى ئەمەس، شۇڭا باشقا شەكىللەرنى ۋە باشقا ئىدىيە، يېڭىلىقلارنى
ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، شەكىلدىكى رەڭدارلىقنى ئىنكار
قىلغانلىق بولىدۇ. كونا شەيئىنىڭ يوقىلىشى يېڭى شەيئىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شېئىرى-
يەتنىڭ يېڭى بولغان بۇ شەكلىمۇ بىر مەزگىللىك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەندىن
كېيىن، ئۆز ئارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، باشقا يېڭى شەكىل ۋە تەرەققىياتلارغا
ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. بۇنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالمىشىش ۋە يېڭىلىنىش

بەلگىلىگەن. لېكىن غەيرىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى شەيئى بولۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن بۇ شېئىرلارنى نوقۇل ھالدا «يېڭى شەيئى» دەپ مۇقىملاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېخى يېتەرلىك ئاساسىمىز يوق.

قۇربان بارات:

بالا ئاتا-ئانىدىن تۆرىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا-ئانىنىڭ قىياپىتىنى ۋە قان تىپىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر بۇ قانداشلىق يېقىدىن، چىراي تۈرقىدىن ئاتىسى ياكى ئانىسىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئېتنىك ۋە مىللىي ئالاقىسى بولمىغان بالا بولسا، ئۇنىڭ شۇ ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ نەسىللىرى بىلەن ئەجدادى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەت. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، تەرەققىيات، ئۆزگۈچىلىك زامان ۋە ماكانغا، شارائىتقا باغلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاتا-ئانا ياشاپ ئۆتكەن زامان شارائىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرى ياشاۋاتقان، ياشايدىغان زامان، شارائىت ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، زامانلار زامانغا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. شۇڭا شېئىرىيەتنىڭ ئەۋلادى ئەكس ئەتتۈرگەن تېمىلارنىڭ ئۇنىڭ ئەجدادى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە يورۇتقان تېمىلار بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. بۇ تېما، مەزمۇن جەھەتتىكى پەرق. بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىدە يېڭىلىق يارىتىمەن دېگۈچىلەر بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەجدادى ياراتقان پۈتۈن ماھارەت شەكىللىرىنى، بۇ ماھارەتنىڭ ئۆزىگە قەدەر ئۇلاشقان سەۋىيىسىنى پىششىق ئۆگىنىش ئاساسىدىلا يېڭى ماھارەت سەۋىيىسىنى يارىتىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنى ئورۇندىماق ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان ئىنتايىن جاپالىق ئىجادىي مېھنەت ۋە تىنىماي ئىزدىنىدىغان ئىلمىي ئۆگىنىش روھى ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا غەيرىي يوللار بىلەن، كۆز بوياmچىلىق ۋە ساختىپەزلىك بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى شېئىرىيەتمۇ بىر پەن، ھەممىگە مەلۇمكى، پەن ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت:

ھەرىكەتچان بولمىغان ھەرقانداق ئەنئەنە تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھالاكەتلىك تورمۇزىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تەرەققىيات، ھەرىكەت بولمىغان يەردە تەبىئىيكى ئۆلۈم ھۆكۈم سۈرىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم شېئىرلار يەنىلا ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ داۋامى، تەرەققىي قىلغان تۈرى. دېمەك بۇ ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغان، ھاياتلىق ھوقۇقى دەۋا قىلىۋاتقان شېئىرىيەت، گەرچە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتە ئوخشىماسلىقلار بولغىنى بىلەن ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇنىڭ قۇللۇقىنى ھۆرلۈككە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە روھىي ئوخشاشلىقى ئىگە. تەرەققىيات توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل شىددەتلىك كۈچ. ئۇ ھېچ كىشىنىڭ قاش-قاپىقىغا، خوپ كۆرۈش-كۆرمەسلىكىگە باقمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئوبيېكتىپ جەريانلارنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. يېڭى شېئىرلارمۇ خۇددى شۇنداق، ئۇ ھامان ئالغا باسىدۇ. ئۇ ئالغا باسقانسېرى بىز

ئۇنىڭ بىلەن كېتىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ يېڭى شېئىرلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ يېڭى شېئىرلارنى ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن قارىمۇ قارشى دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئازادلىقى كونا نەرسىلەرنىڭ بوغۇشىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى نەمۇنىلەرنى يارىتىشنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەتتە ئېستېتىك چەكلەشمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئېقىملارنىڭ ئىستىقبالى ئىجادىيەت بىلەن زوقلىنىش ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە ئېستېتىك چەكلەشلەرنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا بەلگىلىنىدۇ.

سىدىقھاجى روزى:

كلاسسىك شېئىرىيەت ۋە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى بىلەن يېڭى شېئىرىيەت ئېستېتىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. زوقلىنىشنىڭ تارىخىيلىقى بىلەن رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تارىخىي داۋاملىق ۋە رېئال ئۆزگىرىشچانلىقنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. يېڭى شېئىرىيەت ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن تاكى 80 - يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقنى (ئايرىم شائىرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) يەنىلا بىر بوشلۇق دەپ قارىشى، ئەنئەنىۋى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ «مەنىۋى مەۋجۇتلۇقى»نى دورىماسلىقى، شېئىر سۇبيېكتىپ روھنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، سۇبيېكتىپ روھ بىلەن زوقلىنىش ئېڭى بەدىئىي ساھەدە مىللىي ئاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. ئەنئەنىۋى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن بۇنداق روھقا ۋارىسلىق قىلمىدى، شۇڭا يېڭى شېئىرىيەت بۇ خىل «غەيرىي مەۋجۇتلۇق» بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىشى لازىم.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:

بىز مىللىي ئاڭنىڭ تەرەققىياتىغا، سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە، جۈملىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى زامانىۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئەنئەنىلەرگە جەزمەن ۋارىسلىق قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي ئاڭنىڭ ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ئۇيغۇنلىشالماي قالغان، پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ھەرقانداق ئەنئەنىدىن جەزمەن ۋاز كېچىمىز.

مەن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغان ئەنئەنىگە سېنىڭمۇ تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىڭ ناتايىن، مەن ۋاز كەچكەن ئەنئەنىدىن سېنىڭمۇ ۋاز كېچىشىڭ ناتايىن. كىتابخانىلار مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىن بىر خىل ئەنئەنىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرسە، سېنىڭ ئەسەرلىرىڭدىن يەنە بىر خىل ئەنئەنىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئىجادكارلارنىڭ ئەنئەنىلەرگە بولغان تونۇشى، مۇئامىلىسى ھەم ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، يېڭى شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئابدۇقادىر جالالىدىن:

بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ دۇنياۋى ۋە زامانىۋى سەۋىيىدىكى راۋاجى بولۇشى كېرەك. بۈگۈنكىدەك يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەنئەنىنىڭ

ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئەمەس، بەلكى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ ئەنئەنە ھەققىدە ئويلىنىشى ۋە سوئال قويۇشىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئەنئەنە پەقەت بىرلا كىشىنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى ياكى ئېتىقاد شەكلى ئەمەس، بەلكى بىر گەۋدە ھالىتىدىكى مۇنتىزىم، كۆپ قىرلىق ئاڭ قۇرۇلمىسى تەرەققىياتىنىڭ بىرخىل تۇسىدىن يەنە بىرخىل تۇسقە يۆتكىلىپ تۇرۇش جەريانىدۇر. دېمەك، ئەنئەنە ئىجاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۈزلۈكسىزلىكتۇر.

پەرھاد ئېلياس:

پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى «كۆۋرۈك» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەنمىگەنلىك، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەجرىنى ئىنكار قىلغانلىق. يېڭى شېئىرىيەتنى چوقۇم كلاسسىك شېئىرىيەت ۋە پېشقەدەملىرىمىز يارىتىپ بەرگەن ئۆتكۈنچى شېئىرىيەت زېمىنىدە يېتىلگەن دەپ قاراش كېرەك. لېكىن يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئىلگىرىكى شېئىرىيەتنىڭ بەزى ئىجادىيەت مېتودلىرىنى ئىنكار قىلىشى ھەرگىزمۇ شېئىرىيەتنىڭ بۆلۈنىشى ياكى چېكىنىشى ئەمەس. ماركسنىڭ «ھەرقانداق تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى شەكلىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقساق، بۇنى شېئىرىيىتىمىزدىكى زور بۆسۈش، ئىلگىرىلەش دېيىشكە بولىدۇ.

پولات ھېۋزۇللا:

شائىرلاردا كىرىزىس تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. «پۇتبول پادىشاھى» پېلې پۇتبول مەيدانىدىن چېكىنىشكە ئاز قالغاندىمۇ، «سىز ئەڭ ياخشى تەپكەن توپ قايسى؟» دېگەن سوئالغا: «بۇنىڭدىن كېيىن تېپىدىغان توپۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن، مەيلى ياشلىرىمىز، مەيلى پېشقەدەملىرىمىز بولسۇن، ھازىر ھاياتلا بولسا، ئۆتمۈشنىڭ شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ ۋەكىلى بولۇۋالماسلىقى كېرەك. ئۆز ئۇسلۇبىنى مۇقىملاشقان دەپ تونۇماي، توختىماي مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ خىل شېئىرىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش گۆدەكلىك، ساددىلىق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ خىل يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزى ئۆزىگە ئەنئەنە. ئۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. تەبىئىي ئەھمىيەتلىك ئاشۇ ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۇ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەنئەنە شەكىلدىكى ئەنئەنە ئەمەس، بەلكى روھتىكى — قەلبتىكى ئەنئەنىدۇر.

ئادەم مۇرەككەپ دۇنيا، تۇرمۇش بىر دېڭىز...

3 - سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى «ئەنئەنىمىزنى بۇزغانلىق»، «خەلقچىللىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىك»، «چۈشەنگىلى بولمايدۇ!»، «تۇراق، قاپىيە بولمىغان نەرسىنى قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن؟»، «بۇ شېئىر ئەمەس، تېپىشماق»، «بۇ چەت ئەل ئەمەس، شىنجاڭ!»، «بۇ شېئىرلاردىن ئەنئەنىۋى شېئىرلاردەك ئېستېتىك زوق ئېلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلارغا قانداق چۈشەنچە بېرىسىز؟

تېيىپجان ئېلىيوپ:

مېنىڭچە، شېئىرلار ئەقىلگە مۇۋاپىق، مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، شېئىرلاردا قاپىيە، ۋەزىن، بولۇپمۇ ۋەزىن مۇھىم، لېكىن قاپىيىنى زورلاپ ياساشنىڭ ھا-

جىتى يوق، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى قاپىيىدىن زورمۇ - زور قاچۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. جا-
يىدا چۈشكەن قاپىيە شېئىرنىڭ ھۆسنىگە زىننەت قوشىدۇ، ئۇنىڭ دۇزىكلىقىنى كۆ-
چەيتىدۇ. ۋەزىن تېخىمۇ شۇنداق. ئىلگىرى بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلارمۇ «بۇمۇ شې-
ئىرمۇ؟» دېيىلگەنىدى، لېكىن كېيىن ئېتىراپ قىلىندى. ھازىرقى «گۇڭگا» شېئىرلار-
نىمۇ مۇشۇنداق تارىخىي ئاساستا كۆزىتىپ باقايلى.

قۇربان بارات:

مۇشۇ ئىنكاسلارنىڭ ھەممىسى توغرا. مۇنداق دېيىلسە، «پېشقەدەم شائىرلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى تېخى بۇ
شېئىرلارنى چۈشىنىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن» دېگەن بالىلارچە، ئەخمىقانە، ئادەم-
نىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. بۇ شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلار-
نىڭ ئومۇمىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش
دەرىجىسىنىڭ «پېشقەدەم شائىرلار» دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى ناتايىن. ئۇيغۇر تى-
لىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەقەللىي ئۆلچەملىرىنى، ئۇنىڭ مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، ئىستې-
لىستىكا ۋە لوگىكىلىق قائىدىلىرىنى تېخى ئۆگىنىپ ئۆلگۈرمىگەن بۇ ئاپتورلارنىڭ سە-
ۋىيىسىنىڭ پېشقەدەم شائىرلار ۋە كىتابخانلار مۆلچەر قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى
يۈكسەكلىكلەرگە توساتتىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىگە مەن ئىشەنمەيمەن. بۇ
شېئىرلارنى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقانلار ئېلىپ كىردى. سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن
تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن بەزى شائىرلار بۇ خىل شېئىرلارنىڭ سۈرىيىدە،
ئىراقتا، مىسىردا ۋە تۈركىيىدە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ قالغانلىقىنى،
ئۇلاردىن شۇ يەردىكى ئەدەبىيات جامائەتچىلىكىنىڭ بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانى-
دى. شۇنداق بولغاچقا، بۇنى شېئىرىيەتتە «يېڭىلىق يارىتىش روھى»، «ئىسلاھات»،
«قائىدە - يوسۇنلارنى بۇزۇپ تاشلاش روھى» دېگىلى بولمايدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە، چەت-
ئەللەرنىڭ ئۆزىدىمۇ قارشى ئېلىنمايۋاتقان غەلىتىلىكلەرنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن دوراش
بولۇپ، بۇنىڭدا سەۋىيە مەسىلىدىن سۆز ئېچىش گۆدەكلىك ۋە ساۋاتسىزلىق بولار.

ئوسمانجان ساۋۇت:

«شېئىرىيەت ــ ئەڭ ئالىي سەنئەت» (گېگىل) ھەرقانداق بىر شېئىر ئۆزىدە
سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكنى تەييارلىغان ئىكەن، ئۇ تەبىئىي يوسۇندا خەلقچىللىق ئۆتكى-
لىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. يېڭى شېئىرلاردىكى خەلقچىللىق مۇئەممىسىنى تەكشۈرۈشتىن بۇ-
رۇن بۇ شېئىرلارنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى تەلقىن مەركىزىگە چۈشۈشى لازىم. تا-
رىختىن بۇيانقى ھەرقانداق بىر بۈيۈك سەنئەت دۇردانىسى ئۆزىدە ئەڭ مول سەن-
ئەت ئالاھىدىلىكى تەييارلاپ، ئەڭ كۈچلۈك خەلقچىللىقنى ئىپادىلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق
خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان. ناۋادا، بۇ شېئىرلارنىڭ قىسمەنلىرىدە ئايرىم يې-
تەرسىزلىكلەر، ھەتتا خام - خەتىلىقلار بولسا، بۇ يېڭى شېئىرىيەتنىڭ سەۋەنلىكى ياكى
ئۇنىڭ ناقابىللىقى ئەمەس، بەلكى شۇ شېئىرلارنىڭ شېئىر بولماي قالغانلىقىدىن. ھەقى-
قىي شائىر ۋە ئۇنىڭدىن ئورغۇپ چىققان ھەقىقىي شېئىر ھەقىقىيلىقىنىڭ مەھسۇلى،

ھەقىقىيلىق خەلقىنىڭ روھى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاتماس قۇياش. ھەرقانداق بىر ھەقىقىي شائىر ئۆز خەلقىنىڭ روھى بىلەن قەلبىنىڭ جارچىسى، قوغدىغۇچىسى. 60 - يىللاردا يېزىلغان شېئىرلار شەكلەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن يېزىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا خەلقىنىڭ روھى، خەلقىنىڭ قەلبى يوق ئىدى. خەلق ئاچلىق، ھوقۇقسىزلىق، قاششاقلىق، نادانلىق دەردىنى تارتىۋاتقاندا، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز خەلقىنىڭ بەختىيار ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلىمىگەنمىدى؟ مەن ئۆزۈم تۇراق، قاپىيە، رىتىم، يەنى شېئىرنىڭ شەكلى بەلگىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىش تەرەپدارىمەن، بەزى كىشىلەر «مېنىڭ ھېسسىياتىم بۇ كىشەنگە بويسۇنمايدۇ» دەيدۇ، مېنىڭ بۇنداق كىشىلەرگە جاۋابىم شۇكى، كىشەنسىز ھەممىلا ئادەم ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. ئۇسۇلنى كىشەن بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناشلا ھەقىقىي ئۇسسۇلچىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. كېيىنكى چاغلاردا بىزنىڭ تەنقىدچىلىكىمىزدە، مەيلى پروزا، مەيلى پوئېزىيىدە بولسۇن، كونكرېت تەنقىد ئازىيىپ كەتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پوئېزىيە تەنقىدىدە شېئىرلارنى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن، سۆز ئىشلىتىش، سۆز گۈزەللىكى جەھەتلەردىن تەپسىلىي تەھلىل قىلىش بولمىغاچقا، كىشىلەر ئېيتىپ يۈرگەن «شېئىر پاخاللىقى» كېلىپ چىقتى. «بۇ شېئىر ئەمەس، تېپىشماق» دېگەن گەپكە كەلسەك، تاپقىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ تېپىشماقلىقىنى ساقلاپ قالىدىغان تېپىشماق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېپىشماقمۇ قويۇق شېئىرىي تۈسكە، شەكلىي گۈزەللىككە ئىگە. ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى كەم مۆلچەرلىمەسلىكىمىز كېرەك. بەزى ھەقىقەتەن ياخشى، مۇكەممەل شېئىرلار چۈشىنىكسىزرەك يېزىلغان بولسا، مېنىڭچە، ئۇنىڭغا يول قويۇشقىمۇ بولىدۇ. قەستەن چۈشىنىكسىزلىك پەيدا قىلىش، شېئىرنى مەۋجۇدىيەت ھوقۇقىدىن جۇدا قىلىدۇ.

سىدىقھاجى روزى:

ئەنئەنە دېگەن نېمە؟ بۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تېمىدۇر. ئەنئەنە زادىلا ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل قۇرۇلمىمۇ؟ ياق! تەرەققىيات ئۆزگىچە ياراشمىغان ھەرقانداق ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىدۇ، شۇنداقلا بەدىئىي ساھەدە ئەنئەنىۋى مىللىي روھقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق جەريان ئارقىلىق ھەر بىر دەۋرنىڭ تەلىپىگە خاس مەنىۋى قۇرۇلما يارىتىدۇ. قالاقلىق، قاششاقلىق، ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولماسلىق، مىللىي ئاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بىر خىل كۈچ سۈپىتىدە ئەنئەنىگە مەنسۇپتۇر. بۇنداق ئەنئەنىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ شېئىرىي تىلنىڭ ئاممىباپلىقى (شەكىل) خەلقچىللىقنىڭ بىر تەرىپى دەيدىغان سادداۋاقتى ئۆتكەن كۆز قاراشلاردىن ئۇممىد ئۈزۈپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە گۈزەللىك تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا، ھازىرقى زاماننىڭ ئىجتىمائىي پسىخىك قۇرۇلمىسىنى ۋە بۇ قۇرۇلمىغا يوشۇرۇنغان ياكى ئاشكارىلانمىغان خاھىشىنى تىنىمسىز ئىزدەش ۋە يېزىشنى خەلقچىللىقنىڭ مەزمۇنى قىلىش كېرەك.

شېئىر تۇراق، قاپىيە، رىتىم قاتارلىق شەكىللەردىن خالىي بولالمايدۇ، لېكىن

تۇراق، قاپىيە، رىتىم بولسىلا شېئىر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. زوقلانغۇچىلارنىڭ يېڭى شېئىرلارنى چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىكى بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىرنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ، بەلكى زوقلانغۇچىنىڭ ئېستېتىك تەجرىبىسىگە ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. مېنىڭچە، شائىر يېزىشقا كىرىشكەندە، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش - چۈشەنمەسلىكىنى نەزەردە تۇتمىغان هالدا بىۋاسىتە تۇيغۇنىڭ هەرىكەتلىنىشىگە سادىق بولىدۇ، خەلقنىڭ هازىرقى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشىنى ئەمەس، بەلكى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈشىنىش زوقلانغۇچىنىڭ هېسسىياتلىنىشىغا، هېسسىياتلىنىش چۈشىنىشكە باغلىق، ئەلۋەتتە. لېكىن قىزىقى شۇ يەردىكى، بەزىدە هېسسىيات چۈشەنگەن، بىلگەن هادىسىلەرنى رەت قىلىۋېتىدۇ. هېسسىيات هېسسىياتنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. هەرقانداق ئادەت ئاۋۋال يېڭىلىقتىن باشلىنىدۇ. يېڭىلىق كونىرىغانسېرى ئادەتكە ئايلىنىدۇ. بۈگۈن يېڭى شەيئى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى شېئىرلارنىڭ كۆنەلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەتكە ئايلىنىشى شۈبهىسىزدۇر. يېڭى شېئىرلارنى «تېپىشماق» دېگۈچىلەر، ئەمەلىيەتتە، تېپىشماقنىڭ يەشمىسىنى شېئىر دېگۈچىلەردۇر. بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق. ئەجەبلىنىدىغىنىمىز «بۇ چەت ئەل ئەمەس، شىنجاڭ!» دېگۈچىلەرنىڭ پىكرىدۇر. جانابلار! رېئالىزملىق، رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى كىمنىڭ ئىدى؟ هازىر كىمنىڭ بولدى؟ ئىجادىيەتنىڭ بۇ خىل جەريانى قاچان، قەيەردە ئۇ قۇم شەكلىگە كىرگەن؟ يەنە قاچاندىن باشلاپ بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە ئايلانغان؟!

ئەنۋەر ئابدۇرېهىم:

بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتماللىق بىلەن پاسسىپ روهىي هالەتلەرنى يېڭىشتە چوڭقۇر رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە، لېكىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى زېمىنىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ خىل شېئىرلارنىڭ بىردىنلا ئەڭ يۇكسەك سەۋىيە يارىتالىشى ياكى قىلچە نۇقسانسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ شېئىرلار توغرىسىدا هەر خىل ئىنكاسلارنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغان گەپ. بۇ خىل ئىنكاسلارنى بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى قاراشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا؛ ئىككىنچىدىن، ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئۆزىدىكى نۇقسانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئىنكاسلارنىڭ ئەڭ توغرا. ئەڭ قايىل قىلارلىق جاۋابى يېڭى شېئىرلارنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كەمتەرلىك هەم دادىللىق بىلەن داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ شېئىرلارنى چۈشىنىش - چۈشەنمەسلىك مەسىلىسى كۆپلىگەن تەرەپلەرگە چېتىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا هەر خىل ئوبيېكتىپ هەم سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

## ☆ ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ☆

(1937 — 1901)

ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ئالمۇتا ئوبلاستى چىلەك رايونىنىڭ بايسېيىت يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپتە يېزىدا، ئاندىن ئالمۇتىدا ئوقۇتقۇچىلار تەييارلاش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1919 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە تاشكەنتتە ۋە موسكۋادا ئالىي مەكتەپلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە بېغىشلانغان دەسلەپكى ئوقۇشلۇقلار ئاپتورلىرىنىڭ بىرى. شائىر سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىمۇ چوڭ تۆھپە قوشتى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ بەزى شېئىرلىرى ناتوغرا شەرھلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىر ئۇلار ئۆزىگە مۇناسىپ توغرا باھاغا ئېرىشمەكتە.

ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ياش گۈللەر»، «بالىلارغا سوۋغا» (ن. ئىسرايىلوۋ بىلەن بىللە) كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

### قاچ

قاچ بۇ يولدىن، ھەي قايسىڭ سەن بۇ؟
قاچ دەيمەن، يولدىن يىراق بول!
يول چېكىدە توغرا يېتىپ،
بىكار چەيلەيمەن، ساق بول!

بول، چاپسان، بول، قاچ!
قايسىڭ بولساڭ بۇ يولدىن چەتكە قاچ!
بۇ مۇقەددەس، بۇ ئۇلۇغ،
تۈز، توغرا يولنى تېز بوشات!

بول چاپسان، بول، بوشات!
بىل، بۇ ئوتلۇق يۈرەكنىڭ مېڭىشى.
چوڭ چامداپ، يوغان ماڭداپ،
يىراق يولنى كۆزلەپ مېڭىشى.

بۇ چىڭ مېڭىش بۇ،
دەۋرەپ ئاققان ئۇلۇغ سۇنىڭ مېڭىشى!
يەر - جاھاننىڭ، تاغ - دېڭىزنىڭ،
بارچە جاننىڭ قوزغىلىشى.

بۇ توختاۋسىز ئوت مېڭىشى،
جاندىن ئۆتەر غاچىلدىتىپ.

ئۆتەر تاغ - تاش، دەريالىرىڭنى،
ياندۇرۇپ ھاڑ - غوڑ ئېتىپ.

## چاپ كەتمىنىڭنى

چاپ كەتمىنىڭنى، قاتتىق چاپ،
يەرنىڭ جېنى چىققۇنچە چاپ!
ئاستى - ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ،
يىلتىزلىرى پۈتكۈنچە چاپ.

چاپ كەتمىنىڭنى، چاپسان چاپ!
بول! ئۇلۇغ سۇ كەلگۈنچە چاپ!
توغانلىرىڭ مەھكەم قىلىپ،
ئېرىقلىرىڭ پۈتكۈنچە چاپ!

چاپ كەتمىنىڭ، تىنماي چاپ!
بار كۈچۈڭنى ئايىماي چاپ!
قەرەل - ۋاقتىڭ يېتىپ قالدى،
ئوڭغا - سولغا قارىماي چاپ.

چاپ كەتمىنىڭ، كۆتۈرۈپ چاپ،
ئاسمان بويلاپ، كېلىپ چۈشسۇن.
بۇزۇق يەرگە، قارا دۆڭگە،
جاندىن جانغا كىرىپ ئۆتسۇن.

1923 - يىل، موسكۋا.

## بىز ياشلار

بىز — ياشلار، بىز قەھرىمان قىزىل ياشلار،
يوقسۇل ئۈچۈن جاندىن كەچكەن.
سەرگەردان بىز قىزىل ياشلار! ...
تۇتقان يولىمىز يوقسۇللارنىڭ،
ئەركىن، ئازادلىق كۈنىدۇر.
بۇ كۈنگە بىز يەتمىگۈنچە توختىمايمىز،
ئەسلا، ئەسلا بىز قىزىل ياشلار!...

ئىچسۇن بىزنىڭ قېنىمىزنى!...
ئالسۇن بىزنىڭ جېنىمىزنى!...
يوغان قورساق، باي قاراملار،
كەسسۇن، يېسۇن تېنىمىزنى!...

ئەمما بىلسۇن، بىلسۇن، بىلسۇن!...
بۇ جان بىزنىڭ ئۆلمەس جان،
بۇ تەن بىزنىڭ پۈتمەس تەن،
ئەتە - ئۆگۈن يۈگۈرۈپ قوپار...
قوپار، كارەكتىن ئالار.
ھاچىرلىتىپ، غوچۇرلىتىپ،
دەسسەپ، ئېزەر، ئېزەر!...
دۈشمەن پۈتەر، يوقسۇل ئەلگە كۈن بولار،
ئەركىن - ئازاد كۆپ ياشار.

ھەي، جاھان باتۇرلىرى!
ھەي ۋ ك پ (ب) ئارسلانلىرى!
چۈشۈڭلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا!...
يول باشلاپ بېرىڭلار!...
ئاياغ ئاتلاپ تېز جۈنەيلى،
دۈشمەن قېنىدا بىز ئۈزەيلى...
ئەركىنلىكنى يوقسۇل ئۈچۈن
قىزىل ياشلار، بىز ئالايلى!
تيانشان، ئالتاي، خانتەڭرى باشلىرىغا
لېنىنىزم، كوممۇنىزم قىزىل توغىنى —
بىز قادايلى!...

1924 - يىل، موسكۋا.

## ☆ تۇردى ھەسەنوۋ ☆

(1937 — 1909)

تۇردى ھەسەنوۋ (گۈلىستان) 1909 - يىلى سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا - ئانىسى 1925 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچىلار فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن «قۇتۇلۇش» گېزىتى (كېيىن بۇ گېزىتنىڭ نامى «شەرق ھەقىقىتى»، «كوممۇنىزم ھەقىقىتى» بولۇپ ئۆزگەرگەن) دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ت. ھەسەنوۋ 30 - يىللار سوۋېت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە چوڭ ئەمگەك سىڭدۈرگەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ 1935 - يىلى يازغان «زۇلۇم ئوچىقى» پوۋېستى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ جاپالىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

تۇردى ھەسەنوۋ ئۆزىنىڭ قىسقا ئۆمرىدە «كۈرەش» (1934 - يىل)، «ئىنقىلاب سۈرى» (1934 - يىل)، «ئالتۇن توملار» (1936 - يىل) ناملىق كىتابلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى.

### ياڭغىن مەدەنلەر

ھەي، چوقچايغان تاغلار ئاستىدا
باسۇرۇلغان گۆھەر مەدەنلەر!...
كۆتۈرمىگەن جانسىز جەسەتنى،
ئوت ئېلىپ يانار ۋاقتىڭ كەلدى.

يەر ئاستىدا ئوتلار ياردەمدە،
يەر ئۈستىدە كۆنلەر پارچىسى،
ئېرىغىن، تەۋرىگىن بىرلىشىپ،
تاغلارنى ئاتار ۋاقتىڭ كەلدى.

ياڭغىن، ياتمىغىن غەپلەت ئۇيقۇدا!...
كۆتۈرۈپ تاشلىغىن، سىرلىق ئۇيقۇدا!
ھەي، يورۇقلۇق ئالمىسى قىممەتلىك
كۆزلەر!...
ئورالدىن ئۆلگە ئال، يان! يان! يالقۇنلا!

1930 - يىل.

### تەكلىماكان

تەكلىماكان، ئۇ ئۆزى —«تەكتى ماكان»،
ئۇندا ئۆتكەن كۆپ ئەسىردە كۆپلەپ خان.
ئۇلار تەختى، بەختى ئۈچۈن تۆكۈپ قان،
بولغان ئىكەن شۇ ئەسىردە قەتلىئام.

تەكلىماكان، ئۇ ئەمدى جاڭگال - چاكان،
بىر يېقى قاقشال - قۇرۇق، قۇملۇق تاكان.

ئۇندا تولغان، ئوردا قورغان يىرتقۇچ ماكان
ئەنە سىزگە «قانلىق مەيدان» تەكلىماكان.

تەكلىماكان، ئۇندا كۆپ سىر يوشۇرۇنغان،
قوينىغا ئۇ ئالتۇن خەزىنە، بايلىق ئالغان،
بۇلار بىر كۈن تەكلىماكان گۈزەل ماكان،
ئىشچى - دېھقان باتۇرلىرى بولسا ئامان.

1932 - يىل.

## تيانشان

تيانشان سېنىڭ باغرىڭدا
جىلۋە قىلغان تاللىرىڭ،
پۈتمەس بايلىق خەزىنىسى
ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرىڭ.
يايلىقىڭدا يايلاپ ئۆسكەن،
قوزا، يىلقا، تايلىرىڭ،
قايسى دوتەي، قايسى شەڭگەن
قايسى بايغا باش ئاتتى؟!

تيانشان سېنىڭ قوينۇڭدا،
كەتمەن چاپقان دېھقانلار،
ئەمگىكى مەھكۇم بولۇپ،
ناھەق ئۆلگەن قۇربانلار،
بەختسىزلىك تۇرمۇشقا،
تۇتقۇن بولغان كۆپ جانلار،
قايسى زالىم، قايسى «ئالىم»
قانخورلارنى ياشاتتى؟!

تيانشان سېنىڭ ئۈستۈڭدە
كېرىلگەن قارا بۇلۇت —
كونا تارىخ غىلدىرىكى،
بۇزۇق مەسلەك ئىپلاس قۇرت.
چۈنكى ئۇ قەددىڭگە دائىم
زۇلۇم ياغدۇردى - جۇت.
ئەنە شۇلار كۆكرىكىڭگە
كۆپ ئەسىرلەپ تاش ئاتتى.

ھەي، تيانشان! تەۋرەپ ئاتقىن
ۋەھشەتكە يانار تېغىڭنى!
زۇلمەت دۇنيانىڭ ياۋا چېچى
كۆيسۇن - ئوت كەتسۇن!
ئەركىنلىك ئاسمىنىدا،
مەڭگۈ كۈلۈپ - پارلاپ كۈن،
كوممۇنىزم بايرىقىنى
ھامان يەلپۈپ گۈل ئاتسۇن!

## كۈن ۋە چاقماق

ئاسماننىڭ بەش بۆلىكىنى بۇلۇت باسقان-
ئۇندا چاقنايدۇ كۈرەش چاقماقلىرى.
بىر قىسمىدا ئۇلۇغ كۈن يۈزىنى ئاچقان،
ئۇندا پارلايدۇ بەختنىڭ نۇرلىرى.

بەش بۆلەكنى تورىغان قارا پەردىدىن،
يىرتىلىپ - تىتىلىپ، ھېچ ئەسەر قالماس.
توقاللاشقان غالجىر بۇلۇت كۈن يۈزىنى
تىنىمسىز قۇتراشسىمۇ ھېچ تۇرالماس.

چاقماق مېھنەت دۇنياسى—ئۇلۇق پىلانت!
ياندۇرغۇچى كۈننىڭ ئايرىلماس قىسمى.
ئۇنىڭدا بار دۇنيادا ھۆر ياشاش، ئۈمىد،
بۇ تەلىمنى بەرگۈچىنىڭ ماركستۇر
ئىسمى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## «مۈشۈك بىلەن چاشقان»① كەلتۈرۈپ چىقارغان ماجىرا

گۈنتېر گراس فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى بولۇپ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھېنرىخ بول بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ، ئۇ فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى باشلامچىلارنىڭ بىرى.

ئۇ شېئىر، دراما، بولۇپمۇ نەسرىي ئەسەرلىرىدە گېرمانىيىنىڭ تارىخىنى ۋە رېئاللىقىنى ساتىرىك ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلەپ، ھازىرقى زامان نېمىس ئەدەبىياتىنى جاھان ئەدەبىياتى سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش يولىدا زور تۆھپە ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يالىڭاچ جىنسىيەت تەسۋىرلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇزۇندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە ئەسىرى «قاڭالتىر دۇمباق» (1959) گەرچە تەقرىزچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى رومانچىلىقىدىكى بۈيۈك چوققا دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما جىنسىيەت ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىشتەك مۇناسىۋەت تەسۋىرلىرىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىغان. بىرېمېن شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شۇ سەۋەبتىن ھەتتا 1951-يىللىق بىرېمېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى رەت قىلغان.

«مۈشۈك بىلەن چاشقان» گراسنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئەسىرى بولۇپ، 1961-يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ناھايىتى زور بىر مەيدان ماجىرا پەيدا قىلغان. بۇ پوۋېستتا فاشىستلار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە تانىستىكى (ھازىرقى پولشا تەۋەسىدىكى گدانسكى) قائىدە-يوسۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش تەشۋىقاتىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن ھالاكەت يولىغا قانداق ماڭغانلىقى بايان قىلىنغان. 13 بابقا بۆلۈنگەن بۇ ئەسەر يوئاخىم ماركىنىڭ ساۋاقدىشى پولۇنسىنىڭ تىلى بىلەن، يەنى بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن يېزىلغان. ئەسەردىكى ۋەقەلىك 2-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي سادىر بولغان، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە تۇرغان ماركىنىڭ بوغدىيىكى ئادەتتىن تاشقىرى يوغىناپ قالغانلىقى ساۋاقدىشى پولۇنسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

① خەنزۇچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 6-سانىدا بېسىلغان.

پولۇسنىڭ كۆزىگە ماركىنىڭ قىسىرلاپ تۇرغان بۇغدىيىكى ئۇۋۇسىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغان چاشقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇ ماركىنىڭ بويىنىدىكى «چاشقان» نى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بويىنىغا بىر مۈشۈكنى قويۇپ قويۇشتەك بىمەنە چاقچاقنى ئويلاپ تاپىدۇ. بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان بۇغدىيىكى ماركىغا باش ئاغرىقى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇغدىيىكىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن بويىنىغا خىلمۇ-خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ باقىدۇ... بۇغدىيىكىنى يېپىش ئۈچۈن ھەتتا دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرىنىڭ كىرېست ئوردېنىنى ئوغرىلايدۇ، لېكىن بۇ ئىش چېنىپ قېلىپ، مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىلىدۇ. كېيىن ئارمىيىگە قاتنىشىدۇ، ئارمىيىدە باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن كىرېست ئوردېنىغا ئېرىشىدۇ. ئوردېن تاقالغان كىيىمنى كىيىپ يۇرتىغا قايتقان مارك ئانا مەكتىپىدە دوكلات بېرىش ئارقىلىق بۇرۇن داغ تەگكەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ماركىنىڭ ئويلىغانلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي مەكتەپ مۇدىرىنى ئۇرۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەزگىلىدە دائىم بېرىپ ئوينايدىغان، سۇغا يېرىم چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەخپىي بۆلۈمىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ - دە، ئىككىنچىلەپ سىرتقا چىقمايدۇ.

«مۈشۈك بىلەن چاشقان» نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، فېدراتىپ گېرمانىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «سەنئەت ۋە شەھۋانىيلىق» توغرىسىدا بىر مەيدان بەس-مۇنازىرە كۆتۈرۈلدۇ. يازغۇچى كورد چىزېر گراسنىڭ ئۆز پوۋېستىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ توپلىشىپ ئونانىزىم قىلغانلىقى، ئارمىيە ئىچىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقىدەك شەھۋانىيلىقلارنى يازغانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇنى «ئەڭ قەبىھ شەھۋەتپەرەس يازغۇچى» دەپ ھاقارەتلەيدۇ، ئارقىدىنلا ھېسسېن ئوبلاستلىق ئەمگەك، پاراۋانلىق، سەھىيە بۆلۈمى «ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەيدىغان ئوقۇشلۇقلارنى تەكشۈرۈش مەھكىمىسى» گە ئالاقە ئەۋەتىپ، بۇ ئەسەر «باللار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەيدۇ» دەپ ئىنكاس قىلىدۇ ھەمدە «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نى مەنئى قىلىنغان كىتابلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. گراسنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا مەسئۇل بولغان روختېرخاند نەشرىياتى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش مەھكىمىسىگە خەت ئەۋەتىپ، ھېسسېن ئوبلاستلىق ئەمگەك، پاراۋانلىق ۋە سەھىيە بۆلۈمىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەشرىيات گراسنىڭ پوۋېستىنى «بەدىئىي ئەسەر بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقىنى ئاشۇرىدۇ» شۇڭلاشقا ياش-ئۆسمۈرلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئوقۇشلۇقلارنى تارقىتىشنى مەنئى قىلىش پەرمانىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەر تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىنىدىغان ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلمەسلىكى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا پوۋېستتىكى ئونانىزىم قىلىش ۋە جىنسىيەت بىلەن چېتىشىدىغان تەسۋىرلەر شەھۋانىيلىقنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پېرسوناژ ئوبرازىنى

يارىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىش، باش قەھرىمان ماركىنىڭ باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدىغان شۆھرەتپەرەسلىكىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. نەشرىيات بۇ ئىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى ئانىس بىلەن مارتىننى، يازغۇچى ئىنچىسپىكىلنى، پسىخولوگ ئوتىنگىلنى، فېدىراتىپ گېرمانىيە تىل - ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ئادسېمىت قاتارلىق بەش نەپەر مۇتەخەسسىسنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ گراسنىڭ «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە باھالاش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ھېسسېن ئوبلاستلىق ئەمگەك، پاراۋانلىق ۋە سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھېلمات ئىلتىماس قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ تەكشۈرۈش مەھكىمىسىدىن «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نى مەنئى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش دوكلاتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياندۇرۇۋالىدۇ ھەمدە ۋوختېرخاند نەشرىياتىغا شەخسەن ئۆزى خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، لېكىن تالاش - تارتىش بۇنىڭلىق بىلەن بېسىقمايدۇ، چېزېر ھەر خىل سورۇنلاردا گراسنى داۋاملىق ئەيىبلەيدۇ. گراسمۇ كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى ئاقلاپ: «چېزېر ئەدەبىيات ساھەسىدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان، ئۇنىڭ نىيىتى كىشىلەرنى قۇترىتىپ، كىتاب كۆيدۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بىر مەملىكەتتە چېقىمچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن سىياسىئونلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت» دەيدۇ، چېزېر ئۇنى يەنىلا «شەھۋەتپەرەس يازغۇچى» دەپ ئاتايدۇ. گراس ئۇنىڭغا جان جەھلى بىلەن رەددىيە بېرىپ: «مېنىڭ بۇ خىل قارشىلىقىم ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ماڭا ئوزۇق بەرگەن بۈيۈك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنىمۇ قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئەگەر يازغۇچىنى بۇنداق قارىلاشقا يول قويىدىكەنمىز، ئۇنداقتا ‹ئالتۇن لوڭقىدىكى گۈل› جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەسىرى، بوككاسىئونىڭ ‹ئون كۈنلۈك سۆھبەت›، رابلېنىڭ ‹گېگانت ئادەمنىڭ تەزكىرىسى› قاتارلىقلارنى بىراقلا يوقىتىپ چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ» دەيدۇ. گراس ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە چېتىشلىق تەسۋىرلەرنى ئاقلاپ: «يازغۇچى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى يېزىشى كېرەك، جىنسىيەتمۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ماتېرىيال ئالىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇش زىچ مۇناسىۋەتلىك» دەيدۇ. گراس بىلەن چېزېرنىڭ تالاش - تارتىشى ئاخىرى سوتقىچە يېتىپ بارىدۇ. 1968 - يىلى 10 - ئايدا باۋارىيە ئوبلاستى تىروئىستېين يەرلىك سوتى «چېزېرنىڭ گراسنىڭ نامىغا (ئابرويىغا) داغ تەگكۈزىدىغان سۆزلىرىنى گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىشقا بولمايدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئىككىنچى يىلى 1 - ئايدا ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسى ئاخىرى «چېزېرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدتىن باشقا ئۇسۇللار بىلەن گراسنى شەھۋەتپەرەس يازغۇچى دەپ ئاتىشى مەنئى قىلىنىدۇ،» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، لېكىن گراس سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ھۆكۈمىگە رازى بولماي: «چېزېرنىڭ قارىلاش سۆزلىرىنى ئېلان قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك مەنئى قىلىش كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. دەس

لەپ بۇ تالاش - تارتىشلارغا ئارىلاشمىغان. فېدېراتسىپ گېرمانىيە قەلەمكەشلەر مەركىزى 1969 - يىلى 8 - ئايدا گراسنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر پارچە مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، «قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئەزاسى گراس ئەخلاق ۋە ئېستېتىكا جەھەتتە گۇمان قىلغۇسىز دەرىجىدە پاك» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدىغانلىقىنى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىمىغانلىقىغا ۋە شەھۋانىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆلچەملىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن تىرىشمىغانلىقىغا ئۆكۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

1966 - يىلى گراس فېدېراتسىپ گېرمانىيە كىنو رېژىسسورى ھانسورگېن پولاند بىلەن بىرلىشىپ «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نى سىنارىيىلەشتۈرۈپ سۈرەتكە ئالدۇ. ئەينى ۋاقىتتا فېدېراتسىپ گېرمانىيىسىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، كېيىنكى كۈنلەردە ئىتتىپاقنىڭ زۇڭلىسى بولغان برانتىنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. برانتىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى رالس باش قەھرىمان ماركىنىڭ رولىنى ئالدۇ، ھۆكۈمەت بۇ فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن 30 تۈمەن مارك قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. فىلىم ئىككىنچى يىلى ئاشكارا قويۇلغاندا، سىنارىيىلەشتۈرگۈچى، رېژىسسور ۋە ئارتىسلار نۇرغۇنلىغان ھۇجۇملارغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئىتتىپاق پارلامېنتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ «ھۆكۈمەت بۇنداق فىلىمنى ئىشلەشكە نېمە ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش غەۋغالار كۆتۈرۈلىدۇ، ئارمىيىدىن چېكىنگەن بىر قىسىم ھەربىيلەر تەشكىللىنىپ، «ئەسكەرلەر قوزغىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى قوغدايلى!»، «كىرېست ئوردىنىغا ھۆرمەتسىزلىك ھەرىكەتلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرايلى» دەپ مۇراجىئەت چىقىرىپ، ئارقا - ئارقىدىن نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ھەمدە بۇ فىلىمدىكى ھەربىيلەرنىڭ شان - شۆھرىتىگە داغ تەگكۈزىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى قىسقارتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە جىنسىيەت قارىشىغا زەربە بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ گراسنىڭ ئەسەرلىرىدە بولغان كۆز قاراشلىرى بارغانسېرى ئۆزگىرىدۇ. «مۈشۈك بىلەن چاشقان» مۇ فېدېراتسىپ گېرمانىيە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاللاپ ئوقۇش دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. 1962 - يىلى فېدېراتسىپ گېرمانىيىدە «سەنئەت ۋە شەھۋانىيلىق» توغرىسىدىكى مۇنازىرە بېسىقماي تۇرۇپلا، «مۈشۈك بىلەن چاشقان» نىڭ فرانسۇزچە، شۋېتچە، نورۋېگىيىچە، ۋە فىنلاندىيىچە نۇسخىلىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر «مۈشۈك بىلەن چاشقان» 20 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، گراسنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى چەت ئەل تىلىغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

(«ئەدەبىيات - سەنئەت» گېزىتىنىڭ 1988 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىدىن)

كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى.

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

▲ ياپونىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سېنسۇن چىڭيى 6 يىلدىن بۇيان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش مايكىسىنى كىيىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى قاراڭغۇ تەرەپلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنغاچقا، ئوڭ قانات ئۇنسۇرلارنىڭ چىشىغا تەگكەن. ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئەۋەتىپ، رادىئو كانىيىنى ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا قويۇپ، ئۇنى «ۋەتەن خائىنى»، «ياپونىيە پۇقراسى ئەمەس»، «ياپونىيىدىن يوقال» دەپ تىللىغان. ئۇنىڭغا نامسىز تەھدىت تېلېفونلىرى، ئىمزاسىز خەتلەر كېلىپ تۇرغان. ئۇ شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، يېزىقچىلىق بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

▲ يېقىندا تەيۋەنلىك مەشھۇر يازغۇچى چېيۇڭ ياۋ تەيۋەنلىك يەنە بىر يازغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى سەن ماۋنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا كېلىش پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: سەن ماۋنىڭ ئاپىسى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھازىرچە چوڭ قۇرۇقلۇققا بارالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ زىيارەت پىلانى بېكىتىلىپ بولدى. ئۇنىڭ پىلانىدا مۇنداق ئىككى نىشان بار: بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى، يەنە بىرى، خۇاڭخې ۋادىسىنى باشتىن - ئاياغ بېسىپ ئۆتۈش. چېيۇڭ ياۋ «ئەدەبىيات گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىغا يەنە مۇنداق دېگەن: مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆپ «تەكلىماكان ھېكايىلىرى»نى يېزىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

▲ شاڭخەيلىك يازغۇچى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جاۋلىخۇڭ يېقىندا 16 - 17 ياشلىق بىر تۈركۈم ياشلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى، «تۆت كونىنى بۇزۇش»، «قىزىل قوغدىغۇچىلار»، «ئىسيانچىلار»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»، «جىن - شەيتانلار» دېگەنلەرنىڭ قانداق ئىشلار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولغان. ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى بىلمەيدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق. شۇڭا جاۋلىخۇڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گەرچە بىرەر ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، ئەمما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېمىسى يېزىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئون يىل ئۆتۈپلا بۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقسا، كەلگۈسىدە تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېما قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر ئاللىقا-

چان بېسىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ تا ھازىرغىچە تارقىتىلمىدى. باجىن ئۆز ۋاقتىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مۇزېيخانىسى ئېچىشنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى، بۇ تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئۇ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى شۇ دەۋر تارىخىنىڭ بىر خىل ئوبرازلىق ئىزاھاتى ۋە تولۇقلىمىسى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا بولغان ساۋاقلىق ئويلىنىش نەتىجىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى چوڭقۇر گۈللىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان يىرىك نادىر ئەسەرلەرمۇ جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ.

▲ شىئەن كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن «كونا قۇدۇق» ۋە «قىزىل قوناق» ناملىق كىنولارغا نىسبەتەن مەملىكەت ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ بىرى، بۇ كىنولاردا «سوتسىيالىزمنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى ئاشكارىلانغان»، «سوتسىيالىزمغا قارا سۈركەلگەن»، بۇ كىنولارنىڭ چەت ئەللەردە خەلقئارا مۇكاپاتقا ئېرىششى «ئەجنەبىيلەرگە قۇيرۇق شىپاڭشىتقانلىق» تىن بولغان، «ئەمەلىيەتتە بۇ كىنولار دۆلەتنىڭ نومۇسىنى ساتقان» دېگەندەك قاراش؛ يەنە بىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چېن خاۋسۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئەگەر بۇ كىنولارنى دۆلەتنىڭ نومۇسىنى ساتقان» دەيدىغان بولساق، لۇشۈننىڭ ئاQ نى يېزىشى ۋە سېرۋانتېسنىڭ «دون. كىخوت» نى يېزىشىمۇ دۆلەتنىڭ نومۇسىنى ساتقانلىق بولامدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشتىكى كىشىلەردىن نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغان شىئەن كىنو ستۇدىيىسىنىڭ باشلىقى ۋۇتيەنمىڭ ئىنكار قىلىش قارشىدىكىلەرنىڭ خېلى سەۋىيىلىك زىيالىيلار، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دېدى: «بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات مىللەتنى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ ئىش، ئەمما ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەھۋالغا قارىغاندا، ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ روھىنى قۇتقۇزمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

▲ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1988-يىلدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردىكى مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلىنغانىدى. مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرنى باھالاش كومىتېتى بۇ يىل 4 - ئايدا تۇنجى قېتىم 25 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇھەررىرنى باھالاپ چىقتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سادىق، «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» نىڭ باش مۇھەررىرى چېن بەيجۇڭ، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئۆمەرغازى ئايتان قاتارلىقلار بۇ مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

▲ 1985- يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» مەجمۇئەسىنىڭ ئىككىنچى تومىغا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەمدە بىرقەدەر تەسىرگە ئىگە ھازىرقى زامان، بۈگۈنكى زاماندىكى بىرقىسىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» سەھىپىسىگە مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن پارچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەخمەت يۈگنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى بىلەن خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ھەمدە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە

ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر سەھىپىسىگە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو»، «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرلىرى، نىمشېھىتنىڭ «سېغىندىم» شېئىرى، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «ئۈمىد دولقۇنلىرى» شېئىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى بىلەن ئۇن بىرىنچى بابى، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئارچا» شېئىرى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرى ۋە ۋاڭ يىجىننىڭ ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرى توغرىسىدا يازغان بىر پارچە ماقالىسى قاتارلىق ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇنجى پويىز ئاۋازى» ناملىق نەسرىمۇ بار، بۇنىڭدىن ئىلگىرى چەت ئەللەردە زۇنۇن قادىر قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ قېتىمقىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شەندۇڭ شۆبىسى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دائىرەت دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولدى. بۇ شۆبە جەمئىيەت بۇ يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جىنەن شەھىرىدە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنى يېڭىدىن سايلاپ چىقتى. فېڭ دېيىڭ شۆبە جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولدى.

شەندۇڭدا ھازىر مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 97 نەپەر ئەزاسى، شۆبە جەمئىيەتنىڭ 953 نەپەر ئەزاسى بار.

▲ ئاقسۇدا بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەت يىغىنىغا 45 نەپەر يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي ئوبزورچى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارى قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر پارچە رومان، ئىككى پارچە پوۋېست، يەتتە پارچە ھېكايە، ئىككى پارچە داستان ۋە 20 نەچچە پارچە شېئىر توغرىسىدا قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى كېڭەشىش ئارقىلىق ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنى قۇردى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى.

## نەسرىي ئەسەرلەر

قەييۇم تۇردى........«مەن — كېرەمباي» (ئەدەبىي ئاخبارات)........ 14
خالىدە ئىسرائىل........يىلتىز (ھېكايە)........ 54
توختى ئايۇپ........قۇم باسقان دېڭىز (پوۋېست)........ 66

## شېئىرلار

ئېيپجان ئېلىيوپ........ئون شېئىر........ 3
ئىمىن ئەخمىدى........مەغرۇر سادالار........ 9
ئابلىكىم خېۋىر........شېئىرلار........ 12
ئۆمەر سايىت........ياز........ 13
ئىمىن تۇرسۇن........ھەج سەپىرىدىن........ 32
ئابلىمىت ئىمىن........مەن مىللىتىمنى تۇراي قۇچاقلاپ........ 44
ئابدۇرېشىت غوجا........ئىككى شېئىر........ 44

## بالىلار ئەدەبىياتى

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن........شېئىرلار........ 102
مەمتىمىن بارى........شېئىرلار........ 106
ھەسەن تىلىۋالدى........ئىككى شېئىر........ 105
ئابدۇغوپۇر ئابدىراخمان........ئاپا، مەن كىم بىلەن ئوينايمەن؟! (ھېكايە)........ 108

### تەرمە گۈللەر

ئەسئەت ئابدۇقادىر ......... نەسرلەر ......... 114
سەيپىدىن ئەزىزى ......... رۇبائىلار ......... 117
مامۇت زايىت ......... زۇمرەت يول (شېئىر) ......... 118

### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ماخمۇتجان ئىسلام ......... ئىسلاھاتچىغا خاس روھتا يېزىلغان ياخشى ئەسەر (ئوبزور) ......... 120
ئۈرۈمچىدە شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى (خەۋەر) ......... 130
ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا ......... 132

### سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ......... شېئىرلار ......... 148
تۇردى ھەسەنوپ ......... شېئىرلار ......... 150

### مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


«مۇشۇك بىلەن چاشقان» كەلتۈرۈپ چىقارغان ماجىرا ......... 152


### ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى (خەۋەر) ......... 45
ئاپتونوم رايونى بويىچە كەسپىي يازغۇچىلىققا يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار ......... 48

# «قارامايلىقلار» فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار








《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIM AMONTHLY LITERATURE INUIGHURLANGUAGE JOURNAL

تارىم

| | |
|---|---|
| 编　　辑： | 《塔里木》编辑部 |
| 出　　版： | 新疆人民出版社 |
| 印　　刷： | 新疆新华印刷厂 |
| 发　　行： | 乌鲁木齐市邮局 |
| 国外总发行： | 中国出版对外贸易总公司 （北京782信箱） |
| 订阅、零售： | 各地邮局所 |

1988 - يىل 8 - سان (330 - سان) . 38 - يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو . تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ .
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى : جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى) .
· O. P. BOX782 BEIJING, CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 58 - 66 باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1 يۈەن .